# ئىززەت ۋە شەرەپكە
# يۈزلىنىش

يۈسۈف ئەھمەد سەباتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

ئىززەت ۋە شەرەپكە يۈزلىنىش ........ 1
بېغىشلىما ........ 2
مۇقەددىمە ........ 4
ئويغىنىش يولى ........ 14
ئومۇمى مەسئۇلىيەتلەر ........ 25
مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامنى يېيىش ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتلىرى 29
مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىفىلىكنى تىكلەش ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتلىرى ........ 59
مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام تۈزۈمىنى تەدبىق قىلىش ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتلىرى ........ 67
مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكى، ئىسلامىي مىللەتنىڭ بىرلىكى ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتلىرى ........ 93
مۇسۇلمانلارنىڭ جىھاد ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتلىرى ........ 102
مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمرى-مەئرۇپ، نەھى مۇنكەر ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتلىرى ........ 128
هۆكۈمدارلار بېجىرىشى لازىم بولغان مۇھىم مەسئۇلىيەتلەر 135
دۆلەت تۈزۈش يولى ........ 154
1. دۆلەتنىڭ مەزمۇنى ........ 156
2. دۆلەتنىڭ شەكلى ........ 162
3. دۆلەتنى (ساقلاپ) قېلىش ۋە داۋاملىق بولۇشنىڭ كاپالەتلىرى ........ 172
4. دۆلەتنىڭ بەرپا بولۇش كەيپىياتى ........ 192
5. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۆلەت بەرپا قىلىشتا تۇتقان يوللىرى ........ 201
مۇسۇلمانلار ۋاقىسى ۋە بۇ ۋاقى تەقەززا قىلىۋاتقان ئىشلار 220

# ئىززەت ۋە شەرەپكە يۈزلىنىش

الله تائالا بارچە ئۈممەتلەر- خەلىقلەر ئوتتۇرىسىدا ئادالەت مەشئەلىنى ئېگىز كۆتۈرۈش ھەمدە ئىسلامنى پۈتۈن ئالەمگە يېيىشتەك شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئىشىنىپ تاپشۇرغان مۇسۇلمان ئۈممەتنىڭ ئۆز ئىسلامىغا قايتىش پۇرستى يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۆز ئىسلامىغا قايتىپ. ئۇنى ئەقىلگە ئاساسلانغان ئېتىقاد ۋە كامىل تۇزۇم سۈپىتىدە قوبۇل قىلسۇن، كېيىن بولسا ئۇنىڭغا ئاساسلىنىپ ھايات يولىنى بەلگىلەپ ئېلىپ، ئىسلام ئېتىقادىدىن ئۆزىنىڭ پىكىرلىرى ئۈچۈن بىر ئاساس قائىدىنى، ئىسلام ھۆكۈملىرىدىن مۇئامىلارغا يېشىملەرنى، ئىسلامى چۈشەنچىلەر يىغىندىسىدىن ئۆزى ئۈچۈن مۇئەييەن دۇنيا قاراشنى، ئىسلامى پىكىردىن پۈتۈن ئالەمگە رىسالەت ۋە پىكرى يېتەكچىلىكنى قولغا كىرگۈزسۇن. يەنى مۇسۇلمانلار خەلقلەر ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئەڭ يۇقىرى مەۋقەنى ( ئورۇننى ) ، پەقەت ئىسلام بىلەنلا ئېگىلىگەن، بۇ ئۈممەتنىڭ غالىپ ۋە مۇزەپپەر بولىشىنىڭ يىگانە سەۋەپچىسى ھەم، ئەزىز ۋە مۇكەررەم بولۇشىنىڭ بىردىن - بىر يولى ھەم يىگانە ئىسلامدۇر. ئىززەت اللەنىڭ، پەيغەمبەرنىڭ مۆئمىنلەرنىڭدۇر. لېكىن پەقەت مۇناپىقلار بۇنى بىلمەيدۇ.

# بېغىشلىما (كىرىش سۆز)

پۈتۈن ئالەملەر ئىگىسى ۋە مۇرەببىي ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن. پەيغەمبەر مۇھەممەد (س، ئە، ۋ) گە، ئۇ كىشىنىڭ ئائىلىسى ۋە ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە سالاملار ياغسۇن!

خەلقلەر ۋە مىللەتلەر بېشىغا چۈشكەن ئەڭ چوڭ بالا مۇسىبەت ۋە ئەشەددىي ئاپەت ھاكىمىيەت ئۈستىگە شۇ مىللەتتىكى بۇزغۇنچى، پاسىق كىشىلەرنىڭ چىقىشىدۇر. ئەگەر ئۇممەت ئۆز تەقدىرىنى ئاشۇنداقلارنىڭ قولىغا تاپشۇرسا، ماددىي ۋە مەنىۋى قەدرىيەتلەر ئاستىن-ئۈستىن بولۇپ كېتىدۇ، بۇ ئىشەنچىلەر ئۆزگۈرىدۇ. نەتىجىدە يالغانچى راستچىلغا، راستچىل بولسا يالغانچىغا، ھالال ئادەم خائىنغا، ساتقىن بولسا ساپ دىلغا ئايلىنىدۇ. ئادەملەر ھۆكۈمدارلارنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ شەرىئەت بەلگىلەپ بەرگەن شەرئىي ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن قايتۇرۇشتىن توختاپ قالىدۇ. قاچانكى ئادەملەر بۇ ھالغا چۈشسە ئاللاھ ئۇلارغا ئۆز تەرىپىدىن بارچىغا جازا ئەۋەتىدۇ. ئاقىبەتتە ئۇلارنىڭ دۇئالىرى قوبۇل بولمايدۇ. قانداقتۇر ھەقىر (خار) نادان بىر خومسا ئادەملەرگە ۋەكىل بولۇپ ئۇلارنىڭ نامىدىن گەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى بىلەن ئادەملەر ئۈچۈن قانۇنلار چىقىرىلىدۇ. نادان ئۆزى ئىگىلەپ تۇرغان ئورۇننى بۈيۈك دەپ بىلىدۇ، مەنسەپدارلارغا يېقىنلىشىپ، ئۇنى ۋەكىل قىلىپ سايلىغان ئادەملەر زىيىنىغا بولسا ھەم ئۆز مەۋقەسىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۆلۈپ تىرىلىشىگە قارىماي ھەركەت قىلىدۇ. ئۇ مەنسەپدارلاردىن سادىر بولغان ناتوغرا ئىشنى ناتوغرا دەپ ھېسابلىمايدۇ. ھەتتا مۇسۇلمانلار مەنپەئەتىگە زىت كېلىدىغان ئىشلارنىمۇ زەرەرلىك دەپ بىلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم ئۇ



شەرىئەت كۆرسەتكەن ياخشىلىققا بۇيرۇپ، ناشەرئىي يامانلىقتىن قايتۇرمايدۇ.

نەچچە يۇقىنى ياندۇرۇپ بۇلارمىدى (بارى شۇ، ئامال يوق) ئۇ مەنسەپدارلار ئۆل دىسە ئۆلىدىغان، تۇر دىسە تۇرىدىغان، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ سايلىغان ئادەملەرنىڭ زىيىنىغا بۇيرۇيدىغان ۋە ئۇلارنىڭ يەلكىسىدىكى ئېغىر يۈك بولۇپ قالىدىغان شەخسكە ئايلىنىدۇ.

بۇ ئىشلار ھەققىدە پەيغەمبەر (س، ئە، ۋ) ئۇلار سادىر بولماي تۇرۇپ شۇنداق خەۋەر بەرگەن: «يېقىندا ئادەملەرگە ئالدامچى يىللار كېلىدۇ، ئۇ چاغدا يالغانچى راستچىلغا، ھەققانىيەتچى كەززاپقا، خائىن ھالال ئادەمگە، ساپ دىل ئىنسان بولسا ساتقىنغا چىقىرىلىدۇ. ئاندىن «رۇۋەيبىزە» ناتىقلىق قىلىدۇ» «رۇۋەيبىزە دېگەن نېمە؟» دەپ سورىغاندا، دېدىكى: «ھەقىر قالاق، رەزىل، خومسا ئاممىنىڭ ئىشى ئۈستىدىن گەپ ساتىدۇ» شۇنداق كىشىلەر باركى، بۇ ھەقىقەتنى ئاڭلىغان ۋە ئەشۇ ۋەقەلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ تەجرىبىدە كۆرگەن، بۇنىڭدىن يۈرەكلىرى ئېزىلىپ بىسەرامجان بولغان، كېيىن بولسا ئەستايىدىل يەڭنى تۈرۈپ، بۇ ۋەقەنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئىشقا كىرىشكەن. ئۇلار بۇ دۇنياغا قاراپلا ئۇنىڭ ھېچنەرسە ئەمەسلىكىنى كۆرگەچ-ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن، ئاخىرەتكە قاراپ ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭغان، ھاياتنىڭ مەناسىنى ئاللاھقا ئىشىنىش ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش دەپ بىلىپ ھېچ بىر ھاكىم بىلەن مۇرەسسە قىلماي، ھېچ بىر زالىمغا يېلىنماي پىكرى ۋە سىياسى كۆرەشكە شۇڭغىغان. مەن ئۇشبۇ كىتابىمنى ئەنە شۇلارغا بېغىشلايمەن.

يۈسۈپ ئەھمەد ئىسھابىدىن.

# مۇقەددىمە

مۇسۇلمان ئۇممەتى اللەنىڭ كىتاۋىغا مەھكەم ئېسىلىش-ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىنى بىجىرىش ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىگە رىئايە قىلىش بىلەن ئۇزاق زامان ئەزىز ۋە قۇدرەتلىك بولۇپ خەلىقلەر ۋە مىللەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىپ كەلدى. قۇرئان ۋە سۈننەتتىن يىراقلىشىشقا ئەگىشىپ، ئۇلار ئارىسىدا بۇزۇلۇش يۈز بەردى، خەلقلەر ئارىسىغا كىلىشمەسلىك زامانى سىڭىپ كىردى. قەدىمقى خەلقلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ بېشىغا چۈشكەن پالاكەت ھەم ئۇنىڭ بېشىغا كەلدى. زەئىپلەشتى ۋە خار بولدى. بۇ ئىشلار كاپىرلارنىڭ ھىيلىسى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. ئەمدى اللەدىن مەدەت سوراپ بۇ ئىشلارنى ئاياغلاشتۇرۇشقا ھەركەت قىلىمىز.

مۇسۇلمان ئەسكىرى الله يولىدا جىھاد قىلىپ اللەنىڭ سۆزىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيا بىلەن بىرلىشىپ ياۋروپا قەلبىنى يەنچىپ تاشلىغان، ۋېنگرىيە، يۇگوسلاۋىيە، ئاۋستىرالىيە ۋە روسىيە ئەترەپلىرىنى بېسىۋالغان ۋاختىدا، كاپىرلار مۇسۇلمانلارنى يېڭەلمەس كۈچ قىلىپ تونۇپ تۇرغان، سىرنى بىلىش ئۈچۈن جىددى باش قاتۇردى. ئۆگۈنۈش، تەكشۈرۈش، ھېساپ كىتاپ قىلىش ھەمدە مۇسۇلمان مەملىكەتلىرىگە شەرقشۇناسلارنى ئەۋەتىش نەتىجىسىدە شۇنى بىلدىكى، مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچلىكلىگىگە سەۋەپ ئىككى نەرسە ئىكەن: بىرىنچىدىن، مۇسۇلمانلار ئىسلامى ئېتىقادقا ھېرىس بولۇپ، ئۇنى ھەل قىلغۇچى نۇقتا دەپ قوبۇل قىلىپ، ئۇنى



ھىمايە قىلىش ھايات-مامات مەسىلىسى دەپ بىلىپ كىم ئۇنىڭدىن چېكىنسە مۇرتەد دەپ ھېساپلاپ ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى ۋاجىپ دەپ بىلەتتى. چۈنكى رەسۇلۇللاھ (س، ئە، ۋ) «كىمكى دىنىدىن قايتسا ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار!»-دېگەن ئىدى.

ئىككىنچىدىن ئۇلار ئۆز دىنلىرىنىڭ ھۆكۈمىنى مەھكەم تۇتۇشقا ھېرىسمەن بولۇپ، تۇرمۇشلىرى شۇ ئاساستا قۇرۇلغان ۋە ئۇنى ھەل قىلغۇچى نۇقتا دەپ قوبۇل قىلىپ، بۇ يولدا ھاياتلىرىنى تىكىدىكەن، كىم اللەنىڭ شەرئىتى بىلەن ھۆكۈم قىلىشنى تەرك ئەتسە ئۇنىڭغا قارشى قىلىچ بىلەن كۈرەش قىلىش ۋاجىپدۇر. چۈنكى ئۇبادە ئىبىن سامىت رىۋايەت قىلغان ھەدىسدە كەلگەنكى: بىزنى رەسۇلۇللاھ (س، ئە، ۋ) چاقىرىپ دەۋەت قىلدى. بىز شاد-خوراملىق، قايغۇ-ئەلەم ھالەتلەردىمۇ، بايلىق-كەمبەغەللىك چاغلىرىمىزدا ھەم سوزسىز قۇلاق سېلىپ ئىتائەت قىلىشقا، ئۆز مەنپەئەتلىرىدىن ۋاز كېچىشكە، شەرئەت ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىۋاتقان ئەمەللەرگە قارشى چىقماسلىققا بەيئەت بەردۇق. رەسۇلۇللاھ (س، ئە، ۋ) «ھۆكۈمدارلارنىڭ قىلمىشىدا كۇپۇر نامايەن بولۇپ تۇرغان، الله تەرىپىدىن بېرىلگەن بىر دەلىل-ھۆججەتكە ئىگە بولغان تەقدىردە ئۇلارغا قارشى چىقىش مۇمكىن»-دېدى.

كاپىرلار بۇ ئىككى ئىشتىن ئاگاھ بولۇپ، مۇسۇلمانلارنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىش ۋە ئۇلارغا ھاكىم بولۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىش مەخسىتىدە مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدىكى ئىمان-ئېتىقادنى زەئىپلەشتۈرۈش پۇقرالارغا ئىسلامى نىزام بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزىۋاتقان ئىسلام دۆلىتىنى پارچىلاشقا كىرىشتى. ئۇلار ئىشنى ۋە تۈرلۈك مۇسۇلمان ياشلىرى بىلەن ئالاقە باغلاش بىلەن

باشلىدى. ئۇلارنى پاردىژغا ئەۋەتىپ بىكارغا ئوقۇتتى. ئۇ يەردە مۇسۇلمان ياشلىرىغا كۆچ بېرىپ كاپىتالىستىك نۇقتىئىنەزەرگە ئاساسلانغان، يەنى دىنى ھاياتتىن ئاجرىتىپ تاشلاشقا خىزمەت قىلىدىغان، مۇتلەق ئەركىنلىككە ئېتىقاد ئەركىنلىكى، شەخس ئەركىنلىگى ۋە پىكىر ئەركىنلىكىگە دەۋەت قىلىدىغان غەرب دۇنيا قاراشىنى ئۆگەتتى ئۇلارنىڭ يېتىلمىگەن ياش ئاڭلىرىغا بىر ئۇممەت پەرزەنتلىرىنى تۈرلۈك جىنسىي مىللەتلەرگە ئاجرىتىدىغان مىللەتچىلىك چۈشەنچىلىرىنى سىڭدۈرۈشتى. تۈرۈك ياشلىرىدىن ئىبارەت «ياش تۈرۈكلەر جەمئىيىتى» دەيدىغان بىر جەمئىيەت تۈزدى. ئۇلار فرانسىيەدىن قايتىپ كېلىپ «ئىتتىھات ۋە تەرەققى پارتىيەسى» دىگەن نامنى ئالدى. بۇ پارتىيە ئاشۇ ۋاقىتتا مۇتلەق ئەركىنلىكنى ۋە دولەت يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ئىسلامى دەستۇردىن ئۆزگە بىر دەستۇر بولۇشنى تەلەپ قىلدى. مەنا شۇ تەلەپنىڭ ئۆزى ئىسلامى ئېتىقادنى پارچىلاش ئىسلام تۈزۈمى بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈشتىن چېكىنىشكە كۆپايە قىلاتتى. مەنا شۇ پارتىيەنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش بىلەن مۇسۇلمان پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆزىدىن ئىسلام ئۈممىتىنى پارچىلاش ۋە ئىسلام تۈزۈمىنى يوق قىلىۋېتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان شەخسلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى.

كاپىرلار شۇنىڭ بىلەن كۇپايىلىنىپ قالماي ئەرەپ ياشلىرىدىن ھەم «ياش ئەرەپلەر جەمىيىتى» ناملىق جەمىيەت تۈزدى. ئۇلارغىمۇ غەرپ مەدەنىيىتىنى ئۆگىتىپ دىللىرىغا ئەرەپ مىللەتچىلىك زەھەرىنى سالدى. بۇ ياشلار ۋەتەنگە قايتىپ مۇسۇلمان پەرزەنتلىرى بىلەن ئۇسمانى دۆلىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مەخپى جەمىيەتلەر قۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. شۇ چاغدا



ئەرەپ ياشلىرى بىلەن تۈرۈك ياشلىرى ئوتتۇرىسىدا كۈرەش باشلاندى. ئۇ ئەرەپلىكى بىلەن پەخىرلەنسە، بۇ تۈرۈكلىگى بىلەن پەخىرلىنەتتى. ئىككىسى ئىسلامسىز بىرەر كۈن ئەزىز بولمىغانلىقىنى مۇتلەق ئېسىدىن چىقارغانىتى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى باشلانغاندا ئەرەپ ئىنگلىس ۋە فرانسۇسلار تەرەپتە، تۈرۈكلەر بولسا نېمىسلار تەرەپتە تۇردى. ئۇرۇش مۇسۇلمان دۆلىتىنىڭ پارچىلىنىشى بىرلىكىنىڭ يوقۇلىشى، ئىسلام خەلقىنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشى ۋە ئاقىبەت نەتىجىدە ھەممىسىنىڭ مۇستەملىكىگە ئايلىنىپ كاپىرلارنىڭ مۇستەملىكچىسى بولۇپ قېلىشى بىلەن ئاخىرلاشتى. شۇنداق قىلىپ كاپىرلارنىڭ ئەسلىدىكى پىلانلىرى ئەمەلگە ئاشتى.

كاپىرلار مۇسۇلمان پەرزەنتلىرى ئارىسىدىكى ھاڭنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىسلام ئۈممىتى بىرلىكىگە ۋە ئۇنىڭ ئىسلام تۈزىمىگە قايتىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش مەقسىتىدە مۇسۇلمانلارنىڭ مەملىكەتلىرىنى قىسىملارغا ئاجرىتىۋەتتى. ئاۋۋالقى بىرپۈتۈن ئۈممەت بىرنەچچە ۋۇجۇتلارغا ئايلىنىپ قالدى. ئىلگىرىكى بىر تۈزۈم - ئىسلام تۈزىمىگە ئىگە بولغان ئۈممەتنىڭ كۆنى تۈرلۈك خىل تۈزۈملەر ۋە بىر-بىرىگە قارمۇ-قارشى بولغان قانۇنلار ئاستىدا قالدى. بۇ مەملىكەتلەر بىر-بىرىگە دۈشمەن بولۇشقا باشلىدى. گاھىدا ئىككى مەملىكەتتىكى مۇسۇلمان پەرزەنتلىرى بىر-بىرى بىلەن مۇستەملىكچىلەر تەلەپلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا ئۇرۇشاتتى. كېيىن كاپىرلار مۇسۇلمان پەرزەنتلىرىدىن مانا شۇ خەلقلەرنى باشقۇرۇپ تۇرىدىغان ھاكىملارنى تەيىنلىدى. بۇنىڭدىكى مەقسەت - بۇزۇق ۋە زىيەتلەرنى، مىللەتنى قايتا بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن

بولىدىغان ھەرقانداق ھەركەتلەرگە توساق بولۇش ئۈچۈن ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلگەن ياسىما ، ساختا چېگرىلارنى ساقلاپ قېلىش، ساختا دېموكراتىيە، يىرگىنىشلىك ئەركىنلىك ۋە دىنىي ھاياتتىن ئاجرىتىش ئۈچۈن كاپىرلار ئويلاپ تاپقان كۇفرى ئاساسىدىكى كاپىتالىزمغا ئوخشاش چۈشەنچىلەرگە ئۈندەش ئىدى. مالاي ھاكىملار ئۇممەت بىرلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئىسلام تۈزۈمىگە قايتىشىنى توسۇشقا، خوجايىنلىرىنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى بېجىرىشكە ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەلقۇملىرىدا مەڭگۈ نەيزە بولۇپ قادىلىپ تۇرۇشى ئۈچۈن تايانچ نۇقتىلىرى بولۇش ئۈچۈن ئىسرائىلىيەنى ساقلاپ قېلىشقا ئىمكان تاپتى.

كاپىرلار جەمئىيەتتىن ئىسلامىي سۈپەتلەرنى يوقۇتۇش، ئۇنى ئىزدىن چىقىرىش، پارچىلاش، ئىسلام ئېتىقادى مۇسۇلمانلارنىڭ دىللىرىدا قۇۋۋەت بولۇپ، قايتا تىكلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە خىيانەتكار مالاي پارتىيەلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. بۇ پارتىيەلەر مىللەتچىلىك ۋە مەھەللىچىلىككە ئاساسلىنىپ، ھېلى ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە، ھېلى سوتسىيالىزم، كوممۇنىزم، ئەرەپ سوتسىيالىزمى، دۆلەت سوتسىيالىزمى دەپ جارسېلىپ، جەمئىيەتتە كېلىشمەسلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا خىزمەت قىلدى. كاپىرلار ئىسلامىي گورۇھلارغىمۇ قىزغىن تەرغىپ قىلاتتى، بۇ گورۇھلار مۇسۇلمانلارنىڭ تۇيغۇلىرىنى شوراپ ئېلىش، ئۇلارنىڭ ھەركەتلىرىنى سۈپىيانە ئىبادەت ياكى سەھىھ ھەدىسلەر ئۈستىدە بەھسلىشىش ياكى قۇرئاننى - مەناسىنى چۈشەنمەستىنلا - شۇنچىكى قىرائەت قىلىشنى سەنئەتنى ئۆگۈنۈش ياكى ئىسلامنى مۇداپىئە قىلىش، ئۇنىڭغا قىلىنغان تۆھمەتلەرنى رەت قىلىشقا



ئوخشاش ئىشلار بىلەنلا چەكلەپ قويۇشقا خىزمەت قىلاتتى. نەتىجىدە ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا ئېتىبار بەرمەيدىغان، مالاي ھاكىملارنىڭ سىياسىتىگە ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ قىڭغىرلىقلىرىنى ئېچىپ تاشلىمايدىغان، مىللەتنى ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرىدىن قۇتقۇزۇشقا ھەركەت قىلمايدىغان بولۇپ. گۇياكى ئۇلارغا خەلىپىلىكنى تىكلەشكە ئورۇنۇشنىڭ زەررىچە ئەھمىيەتى يوقتەك، ھالبۇكى ئەيىنەن خەلىپىلىكسىز مۇسۇلمانلار شۇنچىلىك زەئىپ ۋە تارقاق ھالغا چۈشۈپ قالدى. ھەتتا بۇ ئىش ئۇلارغا پەرزمۇ ئەمەستەك بولۇپ قالدى. ئۇلار پەرزنى تەرك قىلىپ، مەندۇپ (سۈننەت ئەمەل) ياكى مۇباھ ھېساپلانغان - رامىزان ئېيىدىن تاشقىرى شاۋۋال ئېيىدا 6 كۈن ياكى ھەر ئايدا 3 كۈن روزا تۇتۇشقا ئوخشاش - ئىشلارنى قىلىشقا ئەھمىيەت بېرەتتى.

ھاكىملار دەسلەپتە مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادلىرىنى ئويلاپ ئەمەس، بەلكى كاپىتالىست خوجايىنلارنىڭ تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىش مەقسىتىدە بۇ پارتىيەلەرگە قارشى تۇراتتى. ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەي پارتىيەلەر ۋە ئازاتلىق نامى بىلەن ئاتالغان ھەركەتلەرنى كاتتا ۋەزىپىلەر ۋە يۇقىرى مەنسەپ بېرىش بىلەن يۈگەنلىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، كاپىرلار باشقۇرىشىدىكى ھاكىملار، مالايلار، ساختا سىياسەتچىلەر، مالاي پارتىيەلەر جەمئىيەتنى سۇيۇقلاشتۇرۇپ، زەئىپلەشتۈرۈشكە ئېلىپ باردى. نەتىجىدە جەمئىيەت بارغانسېرى ئىزدىن چىقىپ، تۇيۇق يولغا كىرىپ قالدى. ئۇنى ئىنقىراز، ئىشەنچسىزلىك، ھاۋايى نەفسلەرنىڭ تارتىپ كېتىشلىرى باشقۇردى. ئادەملەر بىرەر - بىر پايدىلىق ئىشنى پار بەرمەستىن ئەمەلگە ئاشۇرالمايدىغان

بولۇپ قالدى. ئادەملەرگە خىزمەت قىلىشقا تۈزۈلگەن دۆلەت خۇددى ئوغرىلار گورۇھىغا ئايلىنىپ، ئادەملەرنىڭ ماللىرىنى ساختا يوللار بىلەن تارتىپ ئېلىۋاتقانغا ئوخشايتتى. جەمئىيەتتە پار بېرىشقا قادىر بولغان بايلارلا يىرگىنىشلىك ھاكىمىيەت سايىسىدا ياشاش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. كەمبەغەل ياكى پار بېرىشتىن ھەزەر قىلىدىغان، شەرىئەتكە ئەمەل قىلىشنى خالايدىغان كىشى بولسا بۇنداق ھوقۇقتىن مەھرۇم ئىدى. بايلار سەلتەنەتتىكى مەسئۇل شەخسلەر بىلەن خۇپيانە تىل بىرىكتۈرۈپ جەمئىيەتتىكى ياشاش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بارچە ئامىللار ئۈستىدىن ئىگىلىكنى قولغا ئالدى. بۇنىڭ بىلەن مەنسەبدار ۋە مەسئۇل شەخسلەرنىڭ زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەتنىمۇ ئېسىدىن چىقاردى. نەتىجىدە بىرەر بىر مۇئامىلە پار بەرمەستىن ھەل بولمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەخلاق بۇزۇلدى، ئادەملەر تۆۋەنلەشتى، دۆلەت بولسا جەمئىيەتنى بۇزىدىغان قورالغا ئايلاندى. مۇسۇلمانلار بۇ ئاچچىق بۇزۇق ۋاقىتنىڭ دولقىنىدا زۇلۇم ۋە ھالاكەتنىڭ ئەلىمىنى تارتتى.

يۇرتلىرى ئالەمدىكى ئەڭ باي يۇرت بولۇپ تۇرۇپ، ئۆزلىرى ئاچ قېلىشتى، بايلىقلىرىدىن بولسا دۈشمەنلەر پايدىلاندى. مۇسۇلمانلار مەملىكەتلىرىنىڭ بايلىقلىرى قەسىرلەر، شەھەرلەر، تىياتىرخانىلار، سۇ ئۈزۈش كۆللىرى، قۇلۇپلار، كېچىلىك بەزمە خانىلار قۇرۇلۇشلىرىغا ۋە مۇسۇلمانلار ئۈستىدىن ئىش يۈرگۈزگۈچى جاسۇسلۇق مەھكىمىلىرىغا سەرپ قىلىنىۋاتقان بىر پەيتتە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بىرپارچە نانغا زار بولۇپ سەرسان، سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشتى. شۇنداق قىلىپ مۇسۇلمانلار ئىتلار، بەلكى بۆرىلەر قورشاۋىدىكى بىر پادا قويغا



ئايلاندى. بۆرىلەر ئۇلارنى غاجاپ، تىتىپ قانغا بوياشتى.

مۇسۇلمانلار جەمئىيەت ئىنقىرازغا يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى، پەرزەنتلىرىنى زۇلمەتلىك كېلەچەك كۈتىۋاتقانلىقىنى، يۇرتلىرىنىڭ ۋەيرانلىق ۋە خارابىزارلىققا ئايلىنىۋاتقانلىقىنى قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىمۇ؟ ئۇلارغا غەپلەت ئۇيقىسىدىن ئويغىنىپ، مۇڭدەكلىرىنى كەتكۈزۈپ، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشكە ئېنتىلىش ۋاقتى كەلمىدىمىكىن؟ ئاخىر ھەممە تەرەپنى سەل بېسىپ، كۆكرەكلىرىگىچە سۇ ئاستىدا قالمىدىمۇ؟.

ھاياتنى ئۆزگەرتىش زۆرۈردۇر. چۈنكى ھاياتنىڭ ھەركەتسىز توختاپ قېلىشى، تەقدىرگە ئاڭسىزلارچە تەسلىم بولۇش ئەڭ خەتەرلىك ئاپەتلەردىن بولۇپ، ئۇ خەلقلەر ـ ئۈممەتلەرنى ئىنقىرازغا ئېلىپ بارىدۇ، كۈندىلىك ئىشلار ۋە ھادىسىلەر بىلەن مەشغۇل قىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھاياتنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشكە ئىنتىلىشنى ھورۇنلار ياقتۇرمايدۇ، قورقۇنچاقلار ئۇنىڭغا يېقىنلاشمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ باھاسى بەك قىممەتتۇر.

بۇزۇق ۋەزىيەتلەرنى ئۆزگەرتىشكە قادىر ئادەملار ئۈچۈن ھېچقانداق ئۆزرە قالمىدى. ئۇلار بىلەن بىرتۈپلىكتە تۇرۇپ، قاتتىق ئىسسىق چۆل-سەھراغا قاراپ كېتىۋاتقان بىر گورۇھ ئادەملەرنى كۆرۈپ تۇرغان كىشىگە ئوخشايدۇ. بۇ گورۇھ يولنى يوقۇتۇپ، ئادىشىپ، سەھرادىكى قۇم دوۋىسى دولقۇنىغا ۋە سەراپ سايىسىغا. بېرىپ قالغان ئۇلارنىڭ نەزىرىدە يەڭگىللىك بىلەن قىيىنچىلىقنىڭ ئەسلا پەرقى قالمىغان، ھىدايەت بىلەن زالالەتنى ئاجرىتالماي قالغان ئىدى. ئۇلار بۇ ئادىشىپ يۈرۈشتە داۋام ئىتىپ، ئۇزۇقلىرى ۋە ئىچىملىكلىرىدىنمۇ ئايرىلغان

ئىدى. ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئالغان گۆدەكلىرى يولنىڭ ئۇزاقلىقىدىن قىنىلىپ، ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقاپ توپ-توپ بولۇپ يىقىلغان. ئۇلار ھەربىر دوقمۇشتا بۆرىلەر توپىغا دۇچ كەلگەن، بۆرىلەر ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ بەزى گۆدەكلىرىنى پارچىلاپ تاشلىغان، بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ قەلبلىرى تىلىكى پارە - پارە بولغان، ئۇلار شۇ ھالەتتە دەلدەڭشىپ يەنە ئادىمىزات يوق چەكسىز خارابى چۆلگە يېتىپ كەلدى. ئۇيەردىمۇ چىل بۆرىلەرنىڭ ھوۋلىشىدىن باشقا نەرسىنى ئاڭلىمايدۇ. ھالاك بولىشلىرىنى ئېنىق بىلگەندىن كېيىن اللەدىن پاناھ سوراشقا ئۆتتى.

ئۇممەت مانا شۇ گورۇھقا ئوخشاشتۇر، ۋەزىيەتنى ئوڭلاشقا قادىر ئادەملەر بولسا تاغ تۆپىسىدە تۇرۇپ ئۇلارغا نېمە بولىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرغان كىشىگە ئوخشاشتۇر. بۇ زات ئۇلارغا قاراپ: «ئىي ئاداشقانلار، يول بۇ ياقتا»، -دېيىشكە قادىر.

ئىي، ۋەزىيەتنى ئوڭشاشقا قادىر ئىنسانلار ئېيتىڭلارچۇ، سىزلەر ئادەملارنىڭ ھالىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنى قۇتقۇزۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان ھالدا ئۈن چىقارماستىن ئۇلارنىڭ ھالاك بولىۋاتقانلىقىغا تاماشىبىندەك قاراپ تۇرىۋېرسەڭلار. سىزلەرنىڭ گۇناھىڭلاردىنمۇ چوڭراق گۇناھ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ئېيتىڭلارچۇ، يولنىڭ جاپالىقلىقىغا ۋە خەتەرلىكلىكىگە قارىماستىن، ئۇلارنى قۇتقۇزۇش ۋە گۆدەكلىرىگە ياردەملىشىشكە ئالدىراپ يۈگۈرسىڭىز، سىزنىڭ ساۋابىڭىزدىنمۇ ئۇلۇغراق ساۋاپ بولىشى مۇمكىنمۇ؟ سىزنىڭ ئەمىلىڭىزدىن باشقا، اللەنىڭ ماختىشىغا لايىقراق ئەمەل بولىشى مۇمكىنمۇ؟ سىز بۇ ئىشىڭىز بىلەن پۈتۈن بىر ئۇممەتنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇسىز، خەلقلەرنى



ۋەيرانچىلىقتىن خالاس قىلىسىز. يوق بولۇپ كەتكەن ئىسلام سەلتەنىتىنى قايتا تىكلەش ۋە ھاياتتىن سۈرۈپ تاشلانغان قۇرئاننى قايتا ھاياتقا قايتۇرۇشتەك ئەمەلدىنمۇ بەكرەك اللەنىڭ مۇكاپاتىغا سازاۋەر ئەمەل بارمۇ!؟ ئەي مۆئمىنلار، اللە ۋاجىپ قىلغان ئەمەلگە ئالدىراڭ! ھېچ شەك - شۈبھىسىز، سىزنى يەردىكى ئورۇن باسارى قىلىشنى ۋە ئۆزى رازى بولۇپ ئاتا قىلغان دىنىدا يۈرىشىڭىز ئۈچۈن ئىمكان يارىتىشىنى اللە نىڭ ئۆزى ۋەدە قىلغان.

# ئويغىنىش يولى

بىز ئىسلام ئۈممىتىنى ئاچچىق، بۇزۇق مۇھىتتىن، تۆۋەن پاتقاقلىقتىن، ئېغىر كىشەنلەردىن ئازاد قىلىپ، قەددىنى رۇسلاش ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈدىكەنمىز، ئۇنىڭ خەلقلەر ۋە مىللەتلەر ئارا يۇقىرى ئورنىنى ئىگەللىشى ئۈچۈن راۋاجلىنىش ۋە ئويغىنىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدىغان يولنى ئىزدىشىمىز زۆرۈر. يەنە شۇ نەرسە لازىمكى، بىز ئۇنىڭغا مەسئۇلىيەتلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرەيلى! شۇچاغدا بۇ مەسئۇلىيەتلەر ئۇنىڭ زىممىسىگە قانداق ۋەزىپىلەر يۈكلىشىنى بىلىۋالىدۇ . يەنە بىز ئۇنىڭغا شۇنداق يولنى كۆرسىتىپ بېرىشىمىز لازىمكى، ئۇ ئەنە شۇ يولدىن بېرىپ، راۋاجلىنىش ۋە ئويغىنىش، مەسئۇلىيەتنى ھېس قىلىش ۋە ۋەزىپىلەرنى بېجىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولسۇن .

مىللەتلەرنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن يېگانە يول - بۇ پىكرى ئويغاقلىق، سەگەكلىكتۇر. بۇ ئويغىنىش ئايرىملار ئويلاۋاتقىنىدەك پەقەت ئىقتىسادىي بولماستىن، بەلكى پىكرىي يۈكسىلىشتۇر. ئەگەر ئىقتىسادىي يۈكسىلىش ھەقىقى تىكلىنىش بولغان بولسا، كۇۋەيت قەددىنى رۇسلىۋالغان دۆلەتلەر سېپىنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرغان بولاتتى. بۇ تىكلىنىش ئەخلاقى يۈكسىلىشمۇ ئەمەس. ئەگەر شۇنداق بولغاندا مەدىنە مۇنەۋۋەر ئالەمدىكى ئەڭ تەرەققى قىلغان شەھەر بۇلاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئاھالىسى ئەڭ گۈزەل ئاخلاقلىق ئادەملاردۇر. تىكلىنىش - بۇ پىكرىي يۈكسىلىشتۇر. زىنھار ئۇنىڭدىن باشقىسى ئەمەس.



ئەمما ئۆزى يۈكسىلىپ تىكلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان پىكىر ھايات ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار نەرسىلەر ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزەرگە تەئەللۇق بولغان پىكىردۇر. بۇ - ھايات، ئۇنىڭ ئاۋۋالى ۋە كېيىنى ھەققىدىكى ئاساسى پىكىردۇر. ئۇ شۇنداق بىر قائىدە ئاساسىدۇركى، ھاياتى مۇئامىلارنى ھەل قىلىدىغان ھەممە پىكىرلەر ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدۇ ياكى ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. ئۇ بىر پىكرىي يېتەكچىلىكتۇركى، ئىنساننى ھايات مەيدانىدا يېتەكلەپ ماڭىدۇ.

پىكرىي يۈكسىلىشنىڭ مەنىسى ھايۋانى باسقۇچتىن ئىنسانى باسقۇچقا كۆچۈشتۇر. يېمەكلىك تېپىش ھەققىدىكى پىكىرمۇ بىر پىكىر، لېكىن غەرىزىي (ئىنسان تەبىئىتىگە ئالاقىدار بولغان) ۋە تۆۋەن پىكىردۇر. يېمەكلىك تېپىشنى تەرتىپكە سېلىشقا تەئەللۇق بولغان پىكىرمۇ بىر پىكىردۇر، ئەمما بۇ ئاۋۋالقىسىدىن يۇقىرىراق تۇرىدۇ.

ئەگەر پىكرىي يۈكسىلىش روھى ئاساسقا بىنائەن بولسا، يەنى كائىنات، ئىنسان ۋە ھايات ياراتقۇچىنىڭ مەخلۇقلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرى بىلەن باشقۇرۇلۇپ تۇرىدۇ دېگەن چۈشەنچىگە ئاساسلانغان بولسا، بۇ توغرا تىكلىنىش بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق پىكىر ئىنكار قىلىنغىلى بولمايدىغان ئاساسقا تايىنىدۇ. ئاساس جەھەتتىن ئۇنىڭغا خاتا سىڭىپ كىرمەيدۇ. پەقەت جۇزئى مەسىلىلەردىلا خاتا بولۇشى مۇمكىن خالاس. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ ئاساسى ئىشەنچىلىك، يۆنىلىشى مۇستەھكەم ۋە نەتىجىسى كاپالەتكە ئىگە بولغان تىكلىنىشتۇر.

ئەمما ئەگەر پىكرىي يۈكسىلىش روھى ئاساسقا قۇرۇلمىسا، بۇمۇ تىكلىنىش ھېساپلىنىۋېرىدۇ، لېكىن ئۇ ناتوغرا تىكلىنىش

بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدىكى پىكىر ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان ئاساسقا تايانمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ خاتا، نۇقسان، تەۋرىنىش ۋە ئادىشىشلارغا دۇچ كېلىشكە مەھكۇم. بۇ كەمچىلىكلەر ئۇنىڭ ئاساسىغا، كېيىن بولسا ئۆز-ئۆزىدىن بۆلىنىشكە ئېلىپ بارىدۇ. لېكىن ئۇمۇ ھەر ھالدا تىكلىنىشتۇر.

دېمەك، مىللەتلەر ھاياتىنى راۋاجلاندۇرغۇچى، تەرەققىي قىلدۇرغۇچى ۋاستە بولغان ئىلىم-مەرىپەتنى مانا شۇ ئاساسىي پىكىردىن كەلتۈرۈپ چىقىرىش لازىم. تىكلىنىشنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن بۇ پىكىرلەر تەسىر كۈچىگە ئىگە بولىشى كېرەك. بۇ مەقسەت پىكىر بىلدۈرىۋاتقان كىشى يەككە شەخسمۇ ياكى كۆپچىلىكمۇ بۇنىڭدىن قەتئىينەزەر ئۆز ئوقۇغۇچىسى بىلەن جانلىق ئۇچرىشىشلاردا بولۇپ تۇرۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئەينى پەيتتە بۇ پىكىرلەر توغرىسىدا مۇنازىرە يۈرگۈزۈشكە ئۇرۇنمۇ قالدۇرۇش لازىم. شۇ چاغدا ئوقۇغۇچى ۋاقىلىكنى ئىدراك قىلىۋالىدۇ. مانا شۇ جانلىق مۇلاقەت مەۋجۇت بولۇپ، پىكىرلەرنىڭ توغرا ياكى ناتوغرىلىقىنىڭ، ۋاقىلىككە ماس كېلىشى ياكى كەلمەسلىكىنىڭ ھەققىدە بەھس يۈرگۈزۈلىۋاتقان بولسا، دېمەك تىكلىنىش باشلىنىپتۇ. بۇ نەرسە پۈتۈن بىر ئۇممەت نەرسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئاڭلاش ۋە ئۇلار ئۈستىدىن توغرا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن ھاياتنىڭ ۋاقىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا بولىۋاتقان ھادىسىلەر ھەققىدە چوڭقۇر، ئايدىڭ پىكىر يۈرگۈزۈشكە باشلىغان پەيتىدە يېنىمۇ ئېنىقراق كۆرۈنىدۇ. مىسال ئۈچۈن ئۇممەتنىڭ تىكلىنىشى ۋە بىرلىشىشىنىڭ ئاساسى سۈپىتىدە ئەرەپ مىللەتچىلىكى ھەققىدىكى پىكىر ئوتتۇرىغا تاشلانسۇن. شۇندىلا مۇنازىرە يۈرتىلىدۇ، ئەرەپ خەلقىنىڭ



ئۆتمۈشىدىكى ۋە ھازىرقى ۋاقىلىكىگە سېلىپ كۆرۈلىدۇ، شۇ يوسۇندا ئۇنىڭ توغرا ياكى ناتوغرىلىقى بىلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئېنىق ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ. ئەگەر پىكىر ئەسلى ۋاقىلىققا مۇۋاپىق كېلىپ، ئۇنى تەتبىق قىلىش جەريانىدا مىللەت تىكلەنسە ۋە بىرلەشسە، بۇ توغرا پىكىر، مىللەتنىڭ تىكلىنىشى ۋە بىرلىشىشى ئۈچۈن ئاساس سۈپىتىدە ئېلىنىشقا لايىق بولىدۇ. ئەگەر پىكىر - ھاياتى مۇئامىلارنى ھەل قىلىدىغان پىكىرلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاساسىي پىكرەتى (مەپكۇرەسى) بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن - ۋاقىغا مۇۋاپىق كەلمىسە، ئۇنى تەتبىق قىلىش جەريانىدا مىللەت تىكلەنمىسە، بىرلەشمىسە، ئۇ ھالدا خاتا ھېسابلىنىپ، مىللەتنىڭ تىكلىنىشى ۋە بىرلىشىشكە ئاساس سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ.

يەنە بىر مىسال: جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي مۇئامىلارنى ئازايتىدىغان، جىنسى جەھەتتىن كېلىپ چىقىدىغان مۇئامىلارنى يەڭگىللەشتۈرىدىغان پىكرەت (مەپكۇرە) سۈپىتىدە قىز-يىگىتلەرگە ئارىلاش تەلىم بېرىش پىكرى ھاۋالە ئېتىلسۇن، بۇ توغرىسىدا بەھسى يۈرگۈزۈلسۇن. بىرەر ھۆكۈمنى چىقىرىش ئۈچۈن ئارىلاش تەلىمنى قوللانغان ۋە قوللانمىغان ئىككى جەمئىيەتتىكى ئەھۋال سېلىشتۇرۇلۇپ كۆرۈلسۇن. ئەگەر ئارىلاش تەلىمگە رۇخسەت بەرگەن كاپىتالىستىك جەمئىيەتتە ئۇنىڭغا رۇخسەت بەرمىگەن ئىسلامىي جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئىجتىمائىي مۇئامىلار ۋە جىنسى جەھەتلەردىن كېلىپ چىقىدىغان مۇئامىلار ئازراق يۈز بېرىۋاتقان بولسا ئۇ ھالدا بۇ پىكرەت (مەپكۇرە) توغرا بولىدۇ. ئەگەر ئەكسىنچە بولسا، ئۇ ھالدا بۇ پىكرەت ئىجتىمائىي مۇئامىلارنى يېنىمۇ كۆپەيتىدىغان ۋە

جەمئىيەتتىكى مۇئامىلالارنى ئاشۇرۇدىغان خاتا پىكرەت بولىدۇ.

ئەگەر ئۇممەت پىكىرقىلىشنى يۇكسەلدۇرۇپ، ۋاقى مۇۋاپىق پىكىرقىلىش دەرىجىگە يەتەلىسە، ئۇممەت ئۈستىدىن سىياسەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇۋاتقان شەخسلەر ئۈستىدىن توغرا ھۆكۈم چىقىرىۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ يالغانچىسىدىن راستچىلىنى، خائىنىدىن مۇخلىسىنى پەرقلەندۇرىۋالىدۇ. مەسىلەن: بىر مەملىكەت باشلىقى ئۆز مەملىكىتىدىكى ھۆكۈمنى دېموكراتىيە دەپ، تەنتەنىلىك ھالدا ئېلان قىلدى، دەيلى. ئۇنىڭ راستچىللىقى ياكى يالغانچىلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇمۇمەن دېموكراتىيە خۇسۇسىدا ئەمەس، بەلكى ئاشۇ مەملىكەتدىكى ھاكىمىيەت دېموكراتىكمۇ ياكى ئۇنداق ئەمەسلىكى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈش لازىم. بەھسىنى شۇ ھەققىدە يۈرگۈزۈپ، پىكىرنى ۋاقىئغا سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى. ئەگەر بۇ ھاكىمىيەتتىكى ئادەملەر بىمالال پىكىر بىلدۇرسە ھېچقانداق جازاغا يولۇقماستىن، ھاكىمنىڭ سىياسىتىنى تەنقىد قىلسا ياكى دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ مۇددىتى ئاخىرلاشقان پەيتتە ئۆزىدە ھاكىمىيەتنى باشقۇرۇش قابىلىيىتىنى سەزگەن ئادەم بۇ ئىشقا ئۆزىنى كۆرسىتەلىسە، ھاكىمىيەت دېموكراتىك بولۇپ، باشلىقنىڭ راستچىللىقى ئايان بولىدۇ. ئەگەر ئادەملەر بىمالال پىكىر بىلدۇرەلمىسە ۋە ھېچكىم دۆلەتنى باشقۇرۇشقا ئۆز نامزاتىنى قويالمىسا ياكى ھاكىمنىڭ خاھىشى بىلەنلا قويىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ھاكىمىيەت ئەسلا دېموكراتىك ئەمەس. كۆپتۈرۈلگەن سۆزلەر، ئىگىسىنىڭ كاززاپلىقى پاش بولىدۇ.

ئەگەر ئۇممەت دۈشمەندىن ئازار يەپ، ئايرىم ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلىنسا، ھاكىمنىڭ بۇ باردا تۇتقان پوزىتسىيىسىگە



قارىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ خالىس ياكى ساتقىنلىقى بىلىنىۋېلىنىدۇ. بۇ ئىشتا ھاكىمنىڭ سۆزلىرى بىلەنلا كۇپايىلىنىپ قېلىنماي، ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىغىمۇ نەزەر تاشلىنىدۇ. ئەگەر ھاكىم دۈشمەننى قورقۇتۇشقا، ئۇنىڭدىن ھوقۇقلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىشقا قادىر بولىدىغان قۇۋۋەتنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن بار ئىمكانىيىتىنى ئىشقا سالسا، ئۆزىدىكى بار كۈچى، ئەقلى بىلەن كەسكىن كۆرەشكە شۇڭغىسا، ئۇ ھالدا ئۇ غەلبە قىلىشى ياكى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشىدىن قەتئىينەزەر ئۆز مەملىكىتىگە خالىس خىزمەت قىلىۋاتقان بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئەرزىمەس، يالغان ھۆججەت ۋە ئۆزرىلەر بىلەن دۈشمەنگە قارشى تۇرمىسا، قارشى ئۇرۇشقا تەييارگەرلىك كۆرۈش ئۈچۈن بار ئىمكانىيىتىنى ئىشقا سالمىسا ياكى ئۇرۇشۇش ئورنىغا دۈشمەن بىلەن شەرتنامە تۈزۈپ، مەملىكەتنىڭ ئايرىم ھوقۇقلىرىدىن ۋاز كەچسە، ياكى خەلقنىڭ قەلبىگە ئۆزىنىڭ زەئىپلىكى ۋە دۈشمەننىڭ قۇۋۋەتلىكلىكى ھەققىدە ۋەھىمە سېلىش ۋە بۇنىڭ بىلەن ئازارغا ھەمدە ھوقۇقلاردىن مەھرۇملۇققا كۆندۈرۈش مەقسىتىدە يالغان ئۇرۇش قىلسا، ئۇ ھالدا ھەقىقى خائىن بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، يەنى پىكىرلەرنى ۋاقىئغا سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ ئۇلارنىڭ توغرا ياكى ناتوغرالىقى توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش بىلەن ئويغىنىش باشلىنىدۇ ۋە مىللەتكە ئاڭ سىڭىپ كىرىدۇ.

بۇ ھاياتتا پىكىرلەر كۆپ ۋە خىلمۇ-خىلدۇر. لېكىن ئالەمدە پىكرىي ئويغىنىشنى ھاسىل قىلىشقا ۋاستە بولالايدىغان ئاساسىي يېتەكچى پىكىرلەر ئۈچتۇر:

1. كاپىتالىستىك پىكىر. بۇ پىكىر دىنىنى ھاياتتىن ئاجرىتىدۇ، بەختنى مۇمكىن قەدەر كۆپرەك نەپسىنى قاندۇرۇش دەپ بىلىدۇ. جەمئىيەت شەخسلەردىن تەشكىل تاپقان شەخسنىڭ ئىشلىرى ئىزغا چۈشۈشى بىلەن جەمئىيەتنى ئىشلىرىمۇ تەرتىپكە چۈشۈۋېرىدۇ. تۈزۈم - قانۇنلار ۋاقىت ئېلىنىدۇ، قانۇنلارنى ئىنساننىڭ ئۆزى ئىشلەپ چىقىدۇ، دە بىلىدۇ.

2. سوتسىيالىستىك - كوممۇنىستىك پىكىر. ئۇنىڭغا قارىغان ماددا نەرسىلەرنىڭ ئەسلىدۇر. ھەممە نەرسە ماددىي راۋاجلىنىش يولى بىلەن ماددىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ماددىيلىق، يەنى ماددا تۈزۈم ھاياتنىكى مىقياس- ئۆلچەمدۇر. ماددىنىڭ راۋاجلىنىش بىلەن بۇ مىقياسمۇ راۋاجلىنىۋېرىدۇ. جەمئىيەت ئۇمۇمى ب مەجمۇئە بولۇپ، يەر، ئىشلەپ چىقىرىش ۋاستىلىرى، تەبىئ ۋە ئىنسانمۇ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىس بىرلا نەرسە، يەنى ماددادۇر. ماددىنىڭ راۋاجلىنىشى بىل ئىنسانمۇ راۋاجلىنىدۇ. تۈزۈم ئىشلەپ چىقىر ۋاستىلىرىدىن، دېمەككى، ماددىي راۋاجلىنىشتىن ئېلىنىدۇ

3. ئىسلامىي پىكىر. ئۇنىڭغا تايىنىدىغانلار اللەنى پۈتۈ ۋۇجۇتنىڭ ياراتقۇچىسى دەپ ھېساپلىشىدۇ. الله تائالا دىنىنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە پەيغەمبەرلىرى ۋە ئەلچىلىرى ئارقىلىق ئەۋەتكەن، قىيامەت كۈنىدە الله تەئالا ئىنسانلار دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىگە قاراپ ھېساپ كىتاب قىلىدۇ، ھايا ئەمەللەرنىڭ مىقياسى - ئۆلچىمى ھالال ۋە ھارام جەمئىيەت ئۈچۈن ئاساس ئەقىدە ھەمدە شۇ ئەقىدە بېرىدىغ

پىكىرلەر، تۈيغۇلار ۋە قانۇنلاردۇر، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. تۈزۈم - قانۇنلار اللەنىڭ ھۇزۇرىدىن كەلگەن، يەنى اللەنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلىنىڭ سۈننىتىدىن ئىشلەپ چىقىرىلىدۇ، ئېلىنىدۇ، دەپ ھېساپلىنىدۇ.

بۇ ئۈچ ئاساس پىكىرلەر ھاياتتا تەجرىبىدىن ئۆتكەن بولۇپ، ئىسلامنىڭ ئۇتۇقى مىسلىسىز بولغان. چۈنكى ئىسلام دۆلىتىگە بويسۇنغان تۈرلۈك مىللەت ۋە خەلقلەر ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەستىن ئۆز ئەقىدە ۋە تىللىرىنى تاشلاپ، ئىسلام ئەقىدىسى ۋە تىلىنى قوبۇل قىلدى. بۇ خەلقلەر ھازىرغىچە - ئۇزاق زامانلاردىن بېرى كاپىتالىستىك ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈملەرگە بويسۇنغان ھالدا ياشاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئىسلام ئەقىدىسىنى مەھكەم تۇتۇپ كەلمەكتە. ئىسلامنى قوبۇل قىلغان ھېچبىر خەلق ياكى مىللەت ئىسلامدىن قايتقىنى يوق، ھېچبىر خەلق ياكى مىللەت ئىسلامغا مەجبۇرى كىرگەن ئەمەس، بەلكى ئىسلامغا ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن ئىسلامنى پۈتۈن ئالەمگە يېيىش ھەمدە ئۇنىڭ شەنىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن جىھاد ھەرىكىتىگە كىرىشىپ كەتتى.

ئەمما قالغان ئىككى پىكىر - كاپىتالىستىك ۋە كوممۇنىستىك پىكىرلەر ناھايىتى چوڭ مۇۋەپپىقىيەتسىزلىككە ئۇچرىدى. چۈنكى بۇ ئىككىسىدىن بىرىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئۆز ئەقىدىسىدىن ۋاز كېچىدىغان بىرەرمۇ خەلقنى تېپىشالمىدى. ئۇنىڭغا يەنە بىر قوشۇمچە قىلالايمىزكى، ئىسلام روھىي ئاساسقا تايىنىدىغان بىر پۈتۈن مەبدەء - ئاساسدۇر. چۈنكى ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلار روھىي جەھەتنى، يەنى، ئىنساننىڭ الله رىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى، ئۇ ھاياتتا اللەنىڭ بۇيرۇقلىرىغا

مۇۋاپىق ياشاشقا مەجبۇرلىغىنى ۋە بۇ ھايات پانىلىغىنى، ئاخىرەت ھاياتى بولسا باقىي ھايات ئىكەنلىكىنى ئىدراك قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دۇنيا ئىشلىرىنىمۇ ئىنتىزامغا سالىدۇ، يەنى ئىنساننىڭ ئۆزى بىلەن بولىدىغان ئالاقىلىرىنى ۋە باشقا ئادەملەر بىلەن بولىدىغان ئالاقىلىرىنى تەرتىپكە سالىدۇ، ئاخىرەت ئىشلىرىنىمۇ تەرتىپكە سالىدۇ، يەنى ئىنساننىڭ ئۆز ياراتقۇچىسى بىلەن بولىدىغان ئالاقىلىرىنى تەرتىپ ئىنتىزامغا سالىدۇ.

ئەمما كاپىتالىستىك ۋە كوممۇنىستىك مەبدەلەر (ئاساسلار) ئاخىرەت ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىشمەيدۇ. نەتىجىدە ئارقىدا پۈتۈن بارلىقىنىڭ ھادىسىلىرى قارشىسىدا پەقەت ئۆزىنىڭ ئاجىزلىغىنى ھېس قىلىشقىلا ئىگە بولغان ئىنساننىڭ تەبىئىتىگە ھەمدە ئۇنىڭ تەدبىرلىك ياراتقۇچىغا بولغان ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. ئۇ ئىككىسى تايانغان ئاساس خاتا ئاساس بولغانلىغى ئۈچۈن ئەقىلنىمۇ قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇ ئىككىسى سەۋەبىدىن ھاسىل بولىدىغان ئويغىنىش گەرچە بىرخىل ئويغىنىش بولسىمۇ، لېكىن ناتوغرا ئويغۇنۇش بولىدۇ.

ھازىرقى كۈندە ئۈممۈتىمىزنىڭ ئالدىدا ـ ئۇ ئۆزىنىڭ يامان ھالىتىدىن خالاس بولۇش يوللىرىنى ئىزدىمەكچى بولىدىكەن ـ پەقەت مانا شۇ ئۈچ مەبدەـئاساسىدىن بىرىنى ئىختىيار قىلىش لازىم.

بۇ ئۈممەت ئۆزىنىڭ دېموكراتىك كاپىتالىزمدىن مىراس قىلىپ ئالغان يالتىراق بۇزۇقلۇقلىرىغا بولغانغان مۇھەببەتنى تاشلاپ، كىشەنلىنىپ يۈرۈۋەرسۇن ياكى ئادەملەرنىڭ قويلار پادىسىغا ئايلاندۇرىدىغان كوممۇنىزم يولىنى تۇتسۇن ياكى ئۆز ئىسلامىغا قايتىپ، ئۇنى ئەقلى ئېتىقاد، كامىل تۈزۈم سۈپىتىدە



چىڭ تۇتۇپ، ئىسلامىي چۈشەنچىلەر مەجمۇئەسىدىن ئۆزى ئۈچۈن بىر دۇنيا قاراشنى، ئىسلامىي پىكىرلەردىن پۈتۈن ئالەمگە رىسالەت ۋە پىكىر يېتەكچىلىكىنى قولغا كىرگۈزسۇن.

ئۈگۈنۈش، ئىزلىنىش ۋە يارقىن پىكىر يۈرگۈزۈش بىلەن ـ قايسى ئەسىردە بولمىسۇن ـ بۇ ئۈممەتنى ھاياتقا قايتۇرىدىغان يول شەك-شۈبھەسىز ئىسلام ئىكەنلىگى مەلۇم بولۇۋېرىدۇ. ئىسلامنى ھاياتقا قايتۇرۇش بىلەن، يەنى ئىسلامىي ھاياتنى قايتا باشلاش بىلەن يېڭىدىن ئويغىنىش مەيدانغا كېلىدۇ. ئىسلامنى ھاياتقا قايتۇرۇش بولسا پەقەت ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىنى كامىل، ئومۇمىي ھالەتتە تەتبىق قىلىش ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىش بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

يۇقىرىدا ـ پىكىرلەر تەسىر قىلىش مەقسىتىدە بىلدۈرۈلىدۇ ۋە بۇ مەقسەت پىكىر بىلدۈرگۈچىنىڭ ـ يەككە شەخس بولسۇن، ياكى جامائە بولسۇن ـ ئۆز ئۇقۇغۇچىسى بىلەن جانلىق ئالاقىدا بولۇپ تۇرۇشنى تەقەززا قىلىدۇ، دېگەن ئىدۇق.

دېمەك، مەيلى پىكرىي ياكى ئىلمىي، مەيلى ئەدەبىي ياكى سىياسىي بولسۇن، كىتاپلار بېسىش ۋە ۋاراقچىلار تارقىتىش بىلەن ئويغىنىش ھاسىل بولمايدۇ. ئۈممەت راۋاجلانمايدۇ. لېكىن بۇ كىتاپ ۋە ۋاراقلار ئادەملەرگە ئۇلاردىكى مەلۇماتلار بىلەن تونۇشۇشنى يېڭگىللەشتۈرىدۇ. ئەقىللىرىنىڭ ئۆسۈشى ۋە مەرىپەتلىك بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. بۇ كىتاپلار ۋە ۋاراقچىلاردىكى پىكىر تۇرمۇشقا تەتبىق قىلىنغاندىلا ئۇلار ئىنسان زېھنىدە پۈتۈن ھالغا كېلىپ مۇستەھكەملىنىشىدۇ. مۇنازىرە قىلىش ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇش بىلەن بولسا قانائەت ھاسىل قىلىدۇ.



www.uyghurkitap.com

ئەمدى ئادەتتىكى ئەمەللىرى ئادەملەر بىلەن ئالاقىدا بولۇش، مۇنازىرە قىلىش، ئۇلارنى قانائەتلەندۇرۇش ۋە شۇ يولدىكىلەر بىلەن باغلىنىشىدىن ئىبارەت بولغان ئادەملەرنى تەربىيەلەش مۇئامىماسى قالدى. بۇلار تېنىمسىز مېھنەت قىلىپ سەپلىرىنى كېڭەيتۇرسۇن ، شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ پىكىرلىرى جەمئىيەتتىكى يېتەكچى پىكىرگە ئايلىنىدۇ. بۇ پىكىرلەر ئەمەلىي ھايات بىلەن مۇستەھكەم ئالاقىدا بولسۇن شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ توغرىلىقىغا قانائەت ھاسىل قىلغان ئادەم قىلچە ئىككىلەنمەي ئەمەلىي ئىشقا كىرىشىپ كېتەلەيدۇ.

بۇنداق شەخسلەرنى تەربىيلەش ۋە مۇنداق پىكىرلەرنى مەيدانغا چىقىرىش سىياسى ھىزب تۈزۈش بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ ھىزب (گورۇھ) ئۆز پۈتۈنچە جەمئىيەتتىن تەسىرلەنگۈچى ئەمەس، تەسىر قىلغۇچى، ئۆزى ئىش يۈزگۈرگۈچى ۋۇجۇت بولسۇن. ھىزبىنىڭ ئىشى ئەمىلى جەھەت بولۇپ، تەرىقەتتىن كېلىپ چىقاركەن، ئۇنىڭسىز ئويغىنىش ئەمەلگە ئاشماسكەن، تەرىقەت ماۋزۇسىدا بەھىس يۈرگۈزگەنگە قەدەر ئۇ ھەققىدە گەپ قىلىشتىن ساقلىنىمىز.

بىز ئويغىنىش يولى پەقەتلا ئىسلام ئىكەنلىكىنى بىلگىنىمىزدە، ئىسلام زىممىمىزگە يۈكلەيدىغان ئۇمۇمى مەسئۇلىيەتلەرنىمۇ ئاڭلىشىمىز لازىم. ئۇلار شۇنداق مەسئۇلىيەتلەردۇركى، ئۇلارنى ھېس قىلىپ ئەمەل قىلساق، نىجات يولىدىن يۈرۈشنى باشلىغان بولىمىز.



# ئۇمۇمى مەسئۇلىيەتلەر

بىز بۇ بەھسىمىزدە الله تەئەلانىڭ كىتابىغا تايىنىپ، ئۇلۇغ قۇرئاني ئايەتلەردىن بۇ مەسئۇلىيەتلەرنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈستىگە يۈكلىگەنلىكىگە دالالەت قىلغۇچى ھۆكۈملەرنى چىقىرىمىز. بۇ ھۆكۈملەرنى چىقىرىشتا شەرىئەتنىڭ ئىككىنچى مەنبەسى بولغان پەيغەمبىرىمىز (س ئە ۋ) نىڭ پاكىز سۈننەتلىرىنى ئۆزىمىزگە بىر مەشئەل قىلىۋالىمىز. شۇ چاغدا دەۋاتقانلىرىمىز ھۆججەتلىك بولىدۇ. كېرەك بولۇپ قالغاندا ساھابىلارنىڭ (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم) ئىجمائلىرىغا مۇراجىئەت قىلىمىز. شۇنىڭدەك، قەلبىنى خاتىرجەم قىلىدىغان، كۆڭۈلنى راھەتلەندۇرىدىغان توغرا شەرئى ھۆكۈملەرنى تېپىش ئۈچۈن قىياسدىنمۇ پايدىلاندۇق.

ئىسلام باشقا مەبدۀ ۋە دىنلاردىن شۇنىڭ بىلەن پەرق قىلىدۇكى، ئۇ مۇسۇلمانلارغا ھەتتا ياشاش ھەققىدە ئويلاشتىمۇ باشقىلار ئالدىدا جاۋاپكارلىق بۇرچىنى يۈكلەيدۇ. چۈنكى ياشاش ھەققىدە ئويلاشنىڭ ئۆزى شەخسنىڭ، ئائىلىنىڭ، خەلقنىڭ شۇنداقلا ئۇممەتنىڭ ھاياتىنى شەكىللەندۇرىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇ (ھايات ھەققىدە ئويلاش) پۈتۈن ئىنسانىيەت ھاياتىنى مۇئەييەن بىر قېلىپكە سالىدۇكى ئۇنى ئەزىزلىك ۋە پاراۋانلىق ياكى خارلىق ۋە بەدبەختلىك ھاياتىغا ئايلاندۇرۇدۇ.

ياشاش ھەققىدە پىكىر قىلىش ھايات ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزىرىگە ئاساسلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن كاپىتالىستلاردا باشقىلار ئالدىدىكى بۇرۇچلۇق مەسئۇلىيەتنى كۆرمەيمىز. چۈنكى كاپىتالىستىك مەبدەئدە ھايات ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزەر باشقىلار ئالدىدا مەسئۇلىيەتتىن خالىدۇر. سوتسىيالىزم بولسا

دەسلەپ بۇ نىڭغا ئەھمىيەت بەرگەن. كېيىن ھېچقانچە ئۆتمەستىن مىللى نەزىرىيەگە ئايلىنىپ كەتكەندە، ئۇنىڭدا باشقىلار ئالدىدىكى بۇرچى بولغان مەسئۇلىيىتى ئاجىزلاشقان. ئىسلاملا بۇ مەسئۇلىيەتنى پەرز قىلىپ، مۇسۇلماندىن ئۆز مۈلكىگە ئىگە بولۇش تۇيغۇسىنى قاندۇرۇش بىلەن بىر قاتاردا ساخاۋەتلىك جەھەتىنمۇ تولدۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقانكى: «كىمكى اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بولسا، ئۆز مېھمانىغا نىسبەتەن ساخاۋەتلىك بولسۇن». شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىسلام مۇسۇلماندىن ئۆزىدىن ئۆزگىلەرنى يۇقىرى قويۇش جەھەتىنمۇ تولدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. اللە تەئەلا ئېيتقانكى:

ويؤثرون علي انفسهم ولوكان بهم خصاصة*

-«گەرچە ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجلىرى بولسىمۇ (يەنى ئۆلىرى مۇھتاج بولۇپ تۇرۇپ) باشقىلارغا ئۆتىنىدۇ». (9 : 59)

ئىسلام مۇسۇلماندىن پەرزەنتلىرىنى تويدۇرىۋاتقان پەيتتە خوشنىسىنىمۇ تويادۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. پەيغەمبىرىمىز (س ئە ۋ) ئېيتىدۇكى: «خوشنىسىنىڭ ئاچلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزى توق ھالدا ئۇخلىغان كىشى ماڭا ئىمان كەلتۈرمەيدۇ» ئىسلام مۇسۇلماندىن ئۆزى تىنچلىق بىلەن نېئمەتلەنگەن چاغدا خەۋپ-خەتەردىكى بۇرادەرلەرگە ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇكى: «كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ: «مۇسۇلمانلارغا ياردەم!»-دەپ چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا جاۋاپ بەرمىسە (ياردەمگە بارمىسا)، ئۇ مۇسۇلمان ئەمەس». ئىسلام مۇسۇلماندىن ئۆزىنىڭ ئىشىغا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىر قاتاردا مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ئىشلىرىغا



ئەھمىيەت بېرىشنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر (سەئەۋە) ئېيتىدۇكى: «ئېتىبارىنى اللەدىن باشقىغا قاراتقان ھالدا تاڭ ئاتتۇرغان ئادەم اللەدىن ئەمەس. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىغا ئەھمىيەت بەرمىگەن ھالدا تاڭ ئاتتۇرغان ئادەم مۇسۇلمانلاردىن ئەمەس». دېمەك، ئىسلام بالاغەتكە يەتكەن ۋە ئاقىل ھەربىر مۇسۇلمانغا بۇ مەسئۇلىيەتنى يۈكلىگەن. پەيغەمبەر (س ئە ۋ) ئېيتىدۇكى: «ئاگاھ بولۇڭكى، ھەربىرىڭىز پادىچىغا ئوخشاشتۇر ۋە ھەربىرىڭىز قول ئاستىڭلاردىكىلەردىن جاۋاپكاردۇر. ئادەملەرنىڭ ئىمام - يېتەكچىسى پادىچىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇ ئۆز پۇقراسىغا جاۋابكار. كىشى ئۆزىنىڭ ئائىلىسىگە مەسئۇلدۇر ۋە ئۇ ئۆز ئەھلى ئائىلىسىگە جاۋاپكار. ئايال ئېرىنىڭ ئۆيىگە ۋە پەرزەنتلىرىگە مەسئول ۋە ئۇلارغا جاۋاپكار. كىشىنىڭ قۇلى خوجايىنىنىڭ مۈلكىگە كۆزەتچى ۋە ئۇنىڭغا جاۋاپكار. ئاگاھ بولۇڭكى، ھەربىرىڭىز پادىچى ۋە مەسئولىيەت بىلەن قاراپ تۇرغۇچى سىلەر ۋە ھەر بىرىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملەرگە جاۋاپكارسىز».

مانا شۇ ھۆججەتلەردىن كۆرىمىزكى، ئىسلام دۆلەت ھاكىمدىن تارتىپ، تاغلار ۋە داللاردا قوي باقىدىغان پادىچىغا قەدەر ھەربىر مۇسۇلمانغا مەسئۇلىيەت يۈكلىگەن.

بۇ مەسئۇلىيەت كىمگە يۈكلىنىۋاتقانلىقىغا قاراپ كېڭىيىدۇ ۋە تارىيىدۇ. ئەگەر ئۇ بىر شەخسكە يۈكلەنسە، ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلىنغان ئىش ئۇنىڭ يالغۇز ئۆزى بېجىرەلەيدىغان ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش، قۇرئان ئوقۇش، ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا ئوخشاش ئىشلاربولۇپ، مەسئۇلىيەت شەخسكە ئائىت بولىدۇ. ئەگەر تەكلىپ جامائەگە

قارىتىلىۋاتقان بولسا، تەلەپ قىلىنغان ئىش پەقەت جامائەگە ياكى ئۇنىڭ ۋەكىللىرى تەرىپىدىن بىجىرىلىدىغان - دەۋەت ئىشلىرى يولىدا جىهاد قىلىش، هاكىملارنى مۇهاسىبە قىلىش، (ئۇلاردىن هىساپ تەلەپ قىلىش)، خەلىپىلىكنى تىكلەش، شەرئى ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە ناشەرئى يامانلىقلاردىن قايتۇرۇشقا ئوخشاش ئىشلار بولۇپ، مەسئۇلىيەت جامائەگە ئائىت بولىدۇ. بۇ مەسئۇلىيەتنىڭ ئەڭ مۇهىم ۋە ئاساسلىقلىرى تۆۋەندىكى بابلاردا سۆزلەيمىز:



## مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامنى يېيىش ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتلىرى

ئىسلامى ئېتىقادلا ئەقلىي، توغرا ئېتىقاد ئىكەن ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان تۈزۈملا ئىنسانىنىڭ هاياتى مۇئامىلىرىنى توغرا هەل قىلىپ بېرىدىغان يارامىلىق تۈزۈمكەن، بۇ ئېتىقادنى قوبۇل قىلىش، ئۇنىڭدىن ئېلىنىدىغان تۈزۈمنى تەتبىق قىلىش ۋە ئۇنى باشقا مىللەت ۋە خەلقلەرگە يېيىش لازىم. ئۇنى يېيىش مۇسۇلمانلارغا پەرز، چۈنكى الله تائالا ئېيتىدۇكى:

**واوحي الي هذا القران لانذركم به ومن بلغ ***

-«بۇ قۇرئان سىزلەرنى ۋە ئۇ يېتىپ بارغان هەرقانداق ئىنسانىنى ئاگاهلاندۇرۇشىم ئۈچۈن مەن يەنى مۇهەممەد (س ئە ۋ) گە ۋەهيي قىلىندى » . 19 : 6

دېمەك، ئاگاهلاندۇرۇش پەيغەمبىرىمىزدىن بىۋاستە ئاڭلىغان ساهابىلارغىمۇ، قۇرئان يېتىپ بارغان كېيىنكى ئادەملەرغىمۇ باپ-باراۋەر تەئەللۇق بولىدۇ. بۇنەرسە پەيغەمبەردىن ئاڭلىغان نەرسىنى باشقىلارغا يەتكۈزۈشكە دەۋەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام دەيدۇ: «مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ، ئۇنى يادلىغان، ئاڭلىغان ۋە باشقىلارغا يەتكۈزگەن بەندىنىڭ يۈزىنى الله يورۇق قىلسۇن. بىر كىشىلەر باركى ئىلىمنى تارقىتىدۇ لېكىن ئۆزى ئالىم ئەمەس. بىر كىشىلەر باركى ئىلىمنى ئۆزىدىنمۇ بىلىملىكراق كىشىگە يەتكۈزىدۇ» . پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى كىم ئاڭلىغان بولسا، ئۇنىڭدىن هېچقانداق كەم-زىيادەسىز قانداق ئاڭلىغان بولسا شۇنداق يەتكۈزۈشنى تەلەپ

قىلدى. بۇئىشتا يەتكۈزگۈچىنىڭ ئالىم بولۇشى ياكى يەتكۈزۈلگۈچىدىن بىلىملىكراق بولۇشى شەرت ئەمەس. بۇ ھەدىسدىكى تەلەپ يەتكۈزۈشنى تەقەززا قىلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «. . . بەندىسىنىڭ يۈزىنى الله يورۇق قىلسۇن. . . .»، - دېگەن سۆزلىرىدە ماختاش بار. ئەگەر يەتكۈزمەسلىك ئاقىۋىتىدە شەرئى ھۆكۈم بىجىرىلمەي قالىدىغان بولسا، يەتكۈزۈش ۋاجىپ بولىدۇ. الله تەئالا دەيدۇ:

ولتكن منكم امة يدعون الي الخير

- «سىزلەردىن (شەرىئەتتىكى) ياخشىلىققا دەۋەت قىلىدىغان بىر ئۇممەت - گورۇھ بولسۇن» 3؛104

بۇيەردىكى ياخشىلىق ئىسلامدۇر. مانا شۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلامنى يېيىش بارچە مۇسۇلمانلارغا ئالىمغىمۇ، ئامىغىمۇ، يالغۇز شەخسكىمۇ، جامائەگىمۇ، دۆلەتكىمۇ پەرز ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان ھۆججەتلەردۇر. ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامىي دۆلىتى بولۇپ، ئىسلام ھۆكۈملىرىنى بىجىرىۋاتقان، ئىسلام تۈزۈمىنى تەتبىق قىلىۋاتقان بولسا، ئۇ ھالدا باشقا كاپىر خەلق ۋە مىللەتلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ۋاجىپ. ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامىي دۆلىتى بولماي، ئىسلام ھۆكۈملىرىنى بىجىرمەيۋاتقان ۋە ئىسلام تۈزىمىنى تەتبىق قىلالمايۋاتقان بولسا، ئۇ ھالدا ئىسلامىي ھاياتنى قايتا تىكلەشكە دەۋەت قىلىشى لازىم. ئىسلامىي ھاياتنى قايتا تىكلەش ئىسلام دۆلىتىنى تۇرغۇزۇش ۋە ئىسلام تۈزىمىنى ھاياتقا تەتبىق قىلىش بىلەن بولىدۇ. بۇنداق دەۋەت يولى ھەر خىل بولىدۇ.

ئەگەر كاپىرلارغا يەتكۈزىلىۋاتقان بولسا، دەۋەت بىۋاسىتە ئىسلامغا يەنى اللەقا، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىغا، كىتاپلىرىغا،



پەيغەمبەرلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە، قەدەرنىڭ ياخشى ۋە يامىنىغا ئىمان كەلتۈرۈشكە قارىتىلىدۇ. ئەگەر يەتكۈزۈش مۇسۇلمانلارغا قارىتىلىۋاتقان بولسا، ئىسلام دۆلىتىنى تۇرغۇزۇش ھەمدە ئىسلام تۈزۈمىنى تەتبىق قىلىش بىلەن ئىسلامىي ھاياتنى قايتا تىكلەش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا دەۋەت قىلىنىدۇ.

دەۋەت قىلىش شەكلى دەۋەتچىلەرگە قاراپ ھەرخىل بولىدۇ. ئەگەر دەۋەتچى شەخس ياكى جامائە بولۇپ، كاپىرلارنى دەۋەت قىلىۋاتقان بولسا، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى كاپىرلارنى كۇفرى ئېتىقاتىدىن ئىسلامىي ئېتىقادقا ئايلاندۇرۇشقا قارىتىلىدۇ. ئەگەر بۇ كاپىرلار ئىسلام مەملىكىتىدە ياشاۋاتقان بولسا، دەۋەتچىلەر ئۇلارنى ئۆز ئۆيلىرىدە، جامائە سورۇنلىرىدا ۋە ئۇچرىتىش مۇمكىن بولغان جايلاردا دەۋەت قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ مەملىكىتىدىن تاشقىرىدا بولسا، دەۋەتچىلەر ئۇلار ياشاۋاتقان جايلارغا بارىدۇ. بۇنداق دەۋەتچىلەرنىڭ بىرىشى پەقەت دەۋەت ئۈچۈن بولامدۇ، ياكى ئامېرىكىدا بولىۋاتقاندەك، رىزىق تېپىش ۋە ئىشلەش ئۈچۈن بولامدۇ ياكى ئىلىم ئېلىش مەقسىتىدە بولامدۇ، يەنە قانداقتۇر باشقا بىر سەۋەپلەر بىلەن بولامدۇ بۇنىڭ پەرقى يوق. دەۋەتچىلەرنىڭ شەخس ياكى جامائە بولىشىدىن قەتئىينەزەر كاپىرلارنى ئىسلامغا خۇسۇسى شەكىلدە دەۋەت قىلىش يولى مانا شۇ.

دۆلەتنىڭ كاپىرلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشى بولسا، تەييارلىق ۋە قۇۋۋەتنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇچاغدا ئۆزى دەۋەت قىلىۋاتقان مىللەت ۋە خەلقلەردىن يۇقىرى تۇرۇشقا قادىر بولىدۇ. چۈنكى دۆلەت بىر شەخس ياكى جامائەنى ئەمەس، پۈتۈن بىر خەلق، مىللەت ياكى مەملىكەتنى دەۋەت قىلىدۇ.

دەۋەت ئېتىبارىنى جەلىپ قىلىش ئۈچۈن ئاشۇ خەلق ياكى مەملىكەتنى ئىسلام تۈزىمىگە بويسۇندۇرۇش لازىم. شۇچاغدا ئاشۇ خەلقنىڭ ياكى مەملىكەت ئاھالىسى ئىسلامى ئېتىقادنىڭ توغرىلىقىنى، تۈزۈمنى ئادىللىقىنىڭ، مۇئامىلىسىنىڭ گۈزەللىكىنى ۋە ئۇنىڭدا زىممى (ئىسلام دۆلىتىدە ياشاۋاتقان باشقا دىندىكى ئادەم) بىلەن مۇسۇلماننىڭ باراۋەرلىكىنى ئىدراك قىلىدۇ-دە، مەجبۇر بولۇپ ئەمەس، ئۆزلىرى قىزىقىپ ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ. دۆلەت دەۋەتنى جىھاد يولى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ ۋە بۇ ئىش ئۇنىڭ تاشقى سىياسىتى ۋە خەلقارا ئالاقىلىرىنىڭ ئاساسى دەپ ئېتىبار قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى دەۋەت دۆلەتنىڭ ئەڭ ئاساسى ئىشى دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقانكى: «ئادەملەر اللەدىن ئۆزگە ئىلاھ يوق، مۇھەممەد اللەنىڭ ئەلچىسى دېگەنگە قەدەر ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشقا بۇيرۇلدۇم. ئەگەر شۇنداق دېسە، مەندىن ئۆز جانلىرى ۋە ماللىرىنى ساقلاپ قالىدۇ». يەنە دېگەنكى: «جىھاد اللە مېنى ئەۋەتكەندىن تارتىپ ئۈممىتىمنىڭ ئاخىرقىلىرى دەججالغا قارشى ئۇرۇشقىنىغا قەدەر داۋام قىلىدۇ. ئۇنى جەۋرى قىلغۇچىنىڭ جەۋرىمۇ، ئادالەت قىلغۇچىنىڭ ئادالىتىمۇ بىكار قىلالمايدۇ». پەيغەمبىر ئەلەيھىسسالامنىڭ اللەدىن ئۆزگە ئىلاھ يوق، مۇھەممەد اللەنىڭ ئەلچىسى دېگەنگە قەدەر ئۇرۇشقا بۇيرۇلغانلىقلىرى دەۋەتنى يېيىش دۆلەتكە ۋاجىپ ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر. بۇ ئىشنىڭ — جىھادنىڭ قىيامەت كۈنىگە قەدەر داۋام قىلىشى جىھاد دۆلەتنىڭ بىر مىنۇتمۇ ئۈزۈلمەسدىن قىلىدىغان دائىمي ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر.



دۆلەت، دەۋەت قىلىۋاتقىنىدا ھېكمەتلىك سۆز ئېيتىش، چىرايلىق نەسىھەت قىلىش ۋە گۈزەل مۇنازىرە يۈرگۈزۈش ئۇسلۇبىنى تاللايدۇ، چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىھيەتول كەلبىينى رىم ئىمپىرىيىسىنىڭ پادىشاھىغا ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش مەناسىدىكى بىر پارچە خەت بىلەن ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. دىھيە ئىمپىراتورغا شۇنداق دېگەن ئىدى: «ئەي ھۆكۈمران، مېنى ساڭا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن كىشى ساڭا قارىغاندا ياخشىراقتۇر. ئۆزەڭنى تۆۋەن كۆرۈپ قۇلاق سال. كېيىن سەممىيەت بىلەن جاۋاپ بەر. چۈنكى ئۆزەڭنى تۆۋەن بىلمىسەڭ چۈشەنمەيسەن، ئەگەر سەممىي بولمىساڭ توغرا خۇلاسە چىقىرالمايسەن». شۇنىڭ بىلەن ئىمپىراتور داۋاملاشتۇرۇشنى ئېيتقاندا داۋام قىلىپ دېدىكى: «بىلەمسەن، ئىسا ئەلەيھىسسالام ئىبادەت قىلامتى؟» ئىمپىراتور: «ھەئە»، -دېدى. دىدىكى: «مەن سېنى ئاشۇ ئىسا ئەلەيھىسسالام ئىبادەت قىلغان زاتقا دەۋەت قىلىمەن. مەن سېنى ئىيسائەلەيھىسسالام ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى پەيتتە ئاسمان ۋە يەرنى يارىتىش تەدبىرىنى قىلغان زاتقا دەۋەت قىلىمەن. مەن سېنى مۇسا ئەلەيھىسسالام، ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىشارەت قىلغان مانا شۇ ئۈممى (ئوقۇشنى، يېزىشنى بىلمەيدىغان) پەيغەمبەرگە دەۋەت قىلىمەن، سەندە بۇنى تەكشۈرۈپ ئېنىقىنى بىلىش ئۈچۈن يېتەرلىك ئىلىم-رىۋايەتلەر بار. ئەگەر ماقۇل دېسەڭ، دۇنيا-ئاخىرەت سېنىڭ بولىدۇ، ياق دېسەڭ ئاخىرەت سەندىن كېتىدۇ. دۇنيادىن بولسا، نەسىبەڭ بولىدۇ. بىلگىنكى، سېنىڭ زالىملارنى ۋەيران قىلىدىغان ۋە نېمەتلەرنى ئۆزگەرتىدىغان پەرۋەردىگارىڭ باردۇر».

دۆلەت پەقەت پادىشاھلار ۋە ھۆكۈمدارلارغىلا دەۋەت قىلماي ئۇرۇش جەريانىدا لەشكەر باشلىقلىرىنىمۇ دەۋەت قىلاتتى. ئىسلامغا قارشى كۆرەش قىلىۋاتقانلاردىن ئىككى ئىشتىن بىرىنى تەلەپ قىلاتتى: يائىسلامغا كىرىش ياكى ئىسلام سەلتەنىتىگە بوي سۇنۇش. ئەگەر ئۇلار باش تارتسا ئۇلار بىلەن ئۇرۇشاتتى، ئەگەر شۇ ئىش ئىسلامغا پايدىلىق دەپ قارالسا. سۇلايمان ئىبنى بۇرەيدە رىۋايەت قىلىپ شۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇنغا ياكى سەرىيە (ئۆزلىرى قاتناشمايدىغان جەڭلەر) گە ئەمىر تەيىنلىگەندە، خۇسۇسەن، ئەمىرنىڭ ئۆزىگە اللەدىن قورقۇش ۋە ئۆزى بىلەن كېتىۋاتقان مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىق قىلىشنى نەسىھەت قىلىپ، كېيىن شۇنداق دەيتتى: «اللەنىڭ نامى بىلەن ئۇنىڭ يولىدا غازات قىلىڭلار، اللەغا كاپىر بولغانلارغا قارشى ئۇرۇشۇڭلار. غازات قىلىڭلار، ھەددىڭلاردىن ئاشماڭلار، خىيانەت قىلماڭلار، مۇسلى قىلماڭلار (ئۆلۈكلەرنىڭ ئەزالىرىنى كەسمەڭلار) ۋە بىرەرمۇ بوۋاقنى ئۆلتۈرمەڭلار، مۇشرىك دۈشمەنلىرىڭلارغا يولۇققان پەيتىڭدە ئۇنى ئۈچ نەرسىگە دەۋەت قىل ، قايسى بىرىگە رازى بولسا، ئۇنىڭدىن قوبۇل قىلىپ، ئۆزەڭنى توختات. ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغىن، ئەگەر رازى بولسا ئۇلاردىن قوبۇل قىلىپ، ئۆزەڭنى توختاتقىن. كېيىن ئۇلارنى ئۆز يۇرتىدىن مۇھاجىرلار يۇرتىغا كۆچۈشكە دەۋەت قىلغىن ۋە ئېيتقىنكى، ئەگەر ئۇلار شۇ ئىشنى قىلسا، ھوقۇق ۋە بۇرۇچلىرى مۇھاجىرلار بىلەن باپ باراۋەر بولىدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا كۆنمىسە، ئېيتقىنكى، دارۇل - ئىسلام ھۇدۇدىدىن (چېگراسىدىن) تاشقىرىدا ئەرابىي مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش زىممىسىدىكى بۇرۇچلار تەلەپ قىلىنىپ، ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم



www.uyghurkitap.com

بولىدۇ. مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە جىھاد قىلغان تەقدىردىلا ئولجىدىن ئۇلارغا ئۈلۈش ئاجرىتىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار باش تارتسا ئۇلاردىن جىزيە سورۇلىدۇ. بۇنىڭغا رازى بولسا، ئۇلاردىن قوبۇل قىلىپ ئۆزەڭنى توختات. ئەگەر باش تارتسا، اللەدىن مەدەت سوراپ، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىل».

دۆلەت ئادەملەرگە ئىسلامنى مانا شۇنداق كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئۇلار قوبۇل قىلسا، مۇسۇلمانلاردەك ھوقۇق ۋە بۇرۇچلارغا ئىگە بولالايدۇ. ئەگەر ئىسلامنى قوبۇل قىلماي، ئىسلام سەلتەنىتىگە بوي سۇنۇشنى قوبۇل قىلسا، جىزيە بېرىش بىلەن ئۆز دىنلىرىدا قالىدۇ ۋە ئىسلامى ھۆكۈملەرگە بوي سۇنىدۇ. اللە تەئالا ئېيتىدۇ:

قاتلوا الذين لايوٴمنون بالله ولا باليوم الاخر ولايحرمون ماحرم الله ورسوله ولا يدينون دين الحق من الذين اوتوا الكتاب حتي يعطوا الجزية عن يد وهم صاغرون *

- «اللەقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان، ۋە رەسۇلى ھارام قىلغان نەرسىنى ھارام دەپ بىلمەيدىغان، ھەق دىنغا كىرمەيدىغان، ئەھلى كىتابلارغا قارشى ئۆز قوللىرى بىلەن ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ، جىزيە بەرمىگىچە ئۇرۇشۇڭلار» . 29: 9

ئەمما ئەگەر ئۇلار ئىسلامنى قوبۇل قىلمىسا ۋە ئىسلام سەلتەنىتىگە بوي سۇنمىسا، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش لازىم. بۇنىڭغا مەزكۇر ئايەت دەلىل بولىدۇ:

قاتلوا الذين لايوٴمنون بالله ولا باليوم الاخر ولا يحرمون ماحرم الله ورسوله

- «اللەقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان، اللە ۋە رەسۇلى ھارام قىلغان نەرسىنى ھارام دەپ بىلمەيدىغانلارغا قارشى

ئۇرۇشىڭلار» . 29 : 9

دۆلەت كۈچلۈك بولۇپ تۇرغان پەيتتە، ئۇنىڭ ئۇرۇشتىن باشقا يولنى تاللىشىغا ھەققى يوق. بۇنىڭغا دەلىللەر كۆپ. رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇبادەتىبىن سامىت مۇقەۋقىسنىڭ ئالدىغا مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن كەلگەن پەيتتە، مۇقەۋقىس ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كەلگەنلەرگە قاراپ ئېيتتىكى: «بۇنىڭدىن باشقا گەپ قىلىدىغانلىرىڭلار يوقمۇ؟» قەۋمى دېدىكى: «ئۇ بىزنىڭ ئەۋزىلىمىز ۋە پەيغەمبىرىمىزگە يېقىنراقىمىزدۇر، بۇنىڭدىن تاشقىرى، پەيغەمبىرىمىز ئۇنى بىزگە ئەمىر قىلىپ تەيىنلىگەن، پەقەت ئۇ گەپ قىلىدۇ». مۇقەۋقىس دېدى: «ئۇنداقتا كېلىۋەرسۇن. مەن پەقەت ئۇنىڭ قارىلىقىدىن قورققان ئىدىم» . ئۇبادە ئېيتتى: «سەن مېنىڭ قارىلىقىمدىن قورقىۋاتىسەن، ۋاھالەنكى، ياشلىقىم ئۆتۈپ، قۇۋۋىتىم كەتكەن پەيتىم. مەندىنمۇ قارىراق ھەم كۈچلۈكراق ۋە كۆرۈنۈشى كاتتا مىڭدىن ئارتۇق كىشىلىك ئەسكىرىمىزنى كۆرگۈنۈڭدە قايسى ئەھۋالغا چۈشۈپ قالارسەن؟» پادىشاھ ئۇنىڭدىن سۈلھى تۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇبادە دېدى: «بىز سەندىن ئۈچ ئىشنىڭ بىرىنىلا قوبۇل قىلىمىز: مۇسۇلمان بولۇپ بىزنىڭ بۇرادىرىمىز بولىسىلەر، ئۇھالدا سىلەرنىڭ ھوقۇق ۋە بۇرۇچلىرىڭلار بىزنىڭ ھوقۇق ۋە بۇرۇچلىرىمىز بىلەن باپ-باراۋەر بولىدۇ. ياكى ئەھلى زىممىلىكنى قوبۇل قىلىپ بىزگە جىزيە تۆلەيسىلەر. ياكى بىز بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا الله ھۆكۈم قىلغانغا قەدەر بىز بىلەن ئۇرۇشىسىلەر» . شۇچاغدا پادىشاھ: [شۇ ئۈچ نەرسىدىن باشقىسىنى قوبۇل قىلمامسىلەر؟ » دېدى. ئۇبادە ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ ئېيتتىكى: «ئاسماننىڭ



رەببىگە قەسەم قىلىپ ئېيتىمەنكى، ياق! يەرنىڭ رەببىگە قەسەم قىلىپ ئېيتىمەنكى ياق! سىلەردىن بۇنىڭدىن باشقىسىنى قوبۇل قىلمايمىز» .

دۆلەت تەرىپىدىن كاپىرلارنى دەۋەت قىلىش يولى شۇ . مۇسۇلمانلارنى دەۋەت قىلىش يولى بولسا، باشقىچىرەك بولىدۇ. مۇسۇلمانلار ئىسلام ھۆكۈملىرىگە ئېتىۋار بەرمەي قويغان چاغدا، ئۆزلىرى گورۇھ-گورۇھلارغا ئاجرىلىپ كەتكەندە، كۇفرى قانۇنلىرى كىرىپ كېلىپ يۇرتلىرى دارۇل كۇفرى يەنى كۇفرى يۇرتىغا ئايلىنىپ كەتكەن پەيتتە ئۇلارغا دەۋەت قىلىنىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىنمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى مۇسۇلمانلاردۇر. ئۇلارنى ئۆز يۇرتلىرىنى دارۇل - كۇفرى (كۇفرى يۇرتلىرىدىن) دارۇل ئىسلام (ئىسلام يۇرتى)غا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن يەنى ئىسلامىي ھاياتنى قايتا تىكلەش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا دەۋەت قىلىنىدۇ. بۇ ئىش بولسا، خەلىپىلىك دۆلىتىنى قۇرۇش ۋە ئىسلام ھۆكۈملىرىنى تەتبىق قىلىش بىلەن بولىدۇ. بۇنداق ھالدىكى دەۋەت خۇسۇسى شەكىلدە بولمايدۇ. چۈنكى خۇسۇسى ئىش قانچىكى كۆپ بولسىمۇ، دۆلەتنى بەرپا قىلالمايدۇ، ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشقا بارالمايدۇ. دېمەك، بۇ ئىش بىرەر جامائە، ئۇيۇشمىياكى گورۇھ تەرىپىدىن جامائى شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. ئۇنداقتا ئىككى نەرسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى شەرت. بىرىنچىدىن، بۇ جامائەنى پىكرى ۋە تۇيغۇ جەھەتىدىن باغلاپ تۇرىدىغان بىر رابىتە بولىشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، كۆزدە تۇتۇلغان غايىگە يېتىشتە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان، بوي سۇنۇش شەرت بولغان ئۇنىڭ بىر ئەمىرى بولىشى لازىم. بۇ نىڭغا الله تەئەلانىڭ ئۇشبۇ

ئايىتى دەلىل:
**ولتكن منكم امة يدعون الي الخير ويامرون بالمعروف وينهون عن المنكر واولئك هم المفلحون ***

-«سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلاردۇر». 3:104

دەۋەتنى سىياسى يول بىلەن ئېلىپ بېرىپ، ئۆزى سىياسى جامائە، سىياسى ئۇيۇشما ياكى سىياسى گورۇھ بولۇشى ۋاجىپ. بۇنىڭغا دەلىل مەزكۇر ئايەتتىكى «. . . ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن قايتۇرۇدۇ. . . »سۆزىدۇر، يەنى مۇسۇلمانلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، ئۇلارنى يامانلىقتىن قايتۇرىدۇ. ھاكىملارمۇ مۇسۇلمانلاردۇر. ھاكىملارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن قايتۇرۇش سىياسى ئىشنىڭ چۈققىسىدۇر. دەۋەتنى سىياسى يولدا ئېلىپ بېرىش ئىككى جەھەتكە تايىنىدۇ. بىرىنچىسى، پىكرى كۈرەش، ئىككىنچىسى، سىياسى كۈرەش. ھازىرقى مۇسۇلمانلار ياشاۋاتقان جەمئىيەت ئىسلامىي پىكىرلەردىن باشقاپىكىرلەرنى قوبۇل قىلغان جەمئىيەتتۇر. ئۇلار-پىكىر ماددىنىڭ مەھسۇلىدۇر، جەمئىيەتتىكى شەخس چىشلىق چاقنىڭ بىر چىشىغا ئوخشاش كوممۇنىستىك پىكىرلەر ھەمدە دىننى ھاياتتىن ئاجرىتىش، جەمئىيەت شەخسلەردىن ھاسىل بولۇپ، دۆلەتنىڭ شەخس ئەركىنلىكلەرنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن مەۋجۇتلىقىغا ئوخشاش. كاپىتالىستىك پىكىرلەردۇر. بۇ جەمئىيەت ئىسلامىي چۈشەنچىلەردىن باشقىسىنى كۆتىرىپ يۈرۈپتۇ. بۇ چۈشەنچىلەر ھاياتتىكى ئىشلارنىڭ مىقياسى مەنپەئەتدارلىق ۋە شەخس ئىنتىلىۋاتقان سائادەت ماددىي



پايدىلاردىن مۇمكىن قەدەر كۆپراق بەھرىمەن بولۇشقا ئوخشاش. كاپىتالىستىك چۈشەنچىلەردۇر. بۇ جەمئىيەتتە ئىسلامىي قانائەتلەردىن باشقا قانائەتلەر مەۋجۇت. شەخسىي مۇلۇكچىلىكنى يوق قىلىشقا ئوخشاش كوممۇنىستىك قانائەتلەر ھەمدە بانكىلارنىڭ پايدىسى ۋە جازانە پۇللىرىنى قانۇنلاشتۇرۇشقا ئوخشاش كاپىتالىستىك قانائەتلەر. مانا شۇ پىكىرلەر، چۈشەنچىلەر ۋە قانائەتلەردىن ھازىرقى ئىنسانىي جەمئىيەتلەردە دۆلەتلەر ۋۇجۇتقا كەلمەكتە. ئەگەر بۇ پىكىرلەر پارچىلىنىپ، چۈشەنچىلەر ئۆزگىرىپ، قانائەتلەر يوق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئىسلامى پىكىرلەر، چۈشەنچىلەر ۋە قانائەتلەر ۋۇجۇتقا كەلمەيدىكەن، بۇ دۆلەتلەرنىڭ يوق بولۇپ، ئورنىغا ئىسلامىي دۆلەتنىڭ بەرپا بولىشى مۇمكىن ئەمەس.

شۇنىڭ ئۈچۈن پىكرى كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، كۇفرى پىكىرلىرىنى پارچىلاش، ئىسلامىي پىكىرلەرنى بىلدۈرۈش ۋە ئۇلارنى ۋاقىتغا تەتبىق قىلىش لازىم. شۇچاغدا مۇسۇلمانلار ئىسلامىي پىكىرلەرنىڭ ھايات مۇئامىلىرىنى نەقەدەر توغرا مۇئالىجە قىلىشىنى ئىدراك قىلىدۇ. ئۇلاردىن ئىسلامىي چۈشەنچىلەر ھاسىل بولىدۇ. بۇ ئىشنى تەكرار ۋە تەكرار قىلىش كېرەك. شۇچاغدا مۇسۇلمانلاردا قانائەت ھاسىل بولۇپ، دىللەر ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلۇدىغان بىركۈنگە ئىنتىلىدۇ ۋە تەييارلىق كۆرىدۇ.

سىياسى كۈرەش بولسا دۆلەتلەرنىڭ جىنايەتلىرىنى، ئۇيۇشتۇرۇلغان ئېپلاس پىتنەلەرنىڭ شەرمەندىلىكىنى ئېچىپ تاشلاش، ساختا سىياسەتلەرنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش، يولدىن ئازدۇرغۇچى شەخسلەرنى سۇندۇرۇش

خوسۇسەن، ئىسلامىي خەلقلەردە هاكىمىيەت تۇپىگە كېلىپ قالغان مالاي هاكىملارنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى پاش قىلىشقا ئوخشاش ئىشلارنى تەقەززا قىلىدۇ. سىياسەتچىلەرنىڭ مۇناپىقلارنىڭ دەججاللىقىنى ۋە خەلقلەرنى ئاداشتۇرىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈشمۇ سىياسىي كۈرەشنىڭ ئىشىدۇر. بۇ دەججاللار كۆپۈنچە ناھەقنى ھەق، مەغلۇبىيەتنى غەلبە مۇۋەپپىقىيەتسىزلىكنى مۇۋەپپىقىيەت قىلىپ كۆرسىتىشىدۇ. ئۇلار بىلەن كېلىشىش مۇتلەق جائىز ئەمەس.

ودوا لوتدهن فدهنون *

-«. . . ئۇلار مۇراسە قىلىشىڭنى خالايدۇ، (ئەگەر رازى بولساڭ) بجاندىل مۇرەسسەگە (كېلىشىم) گە كېلىدۇ. . .» . 9: 68

ئۇلارغا قارشى سىياسىي كۈرەش داۋاملىشىشى كېرەك. چۈنكى الله تەئالا ئېيتىدۇكى:

لاتجد قوما يوءمنون بالله واليوم الاخر يوادون من حاد الله ورسوله ولو كانوا اباءهم او ابناءهم اواخوانهم او عشيرتهم اولئك كتب في قلوبهم الايمان وايدهم بروح منه ويدخلهم جنات تجري من تحتها الانهار خالدين فيها رضي الله عنهم ورضوا عنه اولئك حزب الله الا ان حزب الله هم المفلحون *

-«اللەقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن قەۋمنىڭ اللەقا ۋە پەيغەمبەرگە قارشى چىققان ئادەملەر بىلەن دوسلاشقانلىقىنى تاپمايسەن. ئەگەرچە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاتىلىرى، ئوغۇللىرى، ئاكا-ئۇكالىرى، قېرىنداش ئۇرۇقلىرى بولسىمۇ، ئۇلارقەلبلىرىگە ئىماننى يازغان ۋە ئۆزى تەرەپدىن بىر روھ بىلەن قۇۋۋەتلىگەن شەخسلەردۇر. ئۇلارنى ئاستىدىن دەريالار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇ جايدا ئەبەدى قالىدۇ،



الله ئۇلاردىن ئۇلار بولسا اللەدىن رازى. ئۇلار اللەنىڭ گورۇھى. ئاگاھ بولۇڭلاركى، اللەنىڭ گورۇھىلا نىجات تاپقۇچىدۇر». 58: 22

دەۋەتچى ئەگەر هاكىم بولۇپ قالسا، ئۇنىڭدا هەقىقى ئالىڭ بولمىسا، پىكرى ۋە سىياسى كۈرەش بولمىسا، خەلقنىڭ مۇئامىلىرىنى ئاڭلاپ ئۇلارنى مۇئالىجە قىلىش يولىنى تاپالمايدۇ. تەدبىرىنىمۇ كۆرەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ ئەگەر مۇپەككىر سىياسەتچى بولمىسا، يادەرۋىش ياكى ئابىت ياكى زاھىد بولىدۇ. بۇنداق ئادەم مىللەتنىڭ مۇئامىلىرىنى قەيەردىن بىلسۇن؟

ئىسلامىي هاياتنى قايتا تىكلەش ئۈچۈن ئىسلامغا دەۋەت قىلىشى بارچىغا تەئەللۇق بولغاچقا، بۇ ئىشنى بېجىرىش مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىدىكى ئۇمۇمى مەجبۇرىيەتلەردىن هېساپلىنىدۇ. بۇ ئىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈرگەن يولدىن ئېلىپ بېرىش لازىم. بۇنىڭ ئىككى سەۋەبى بار. بىرىنچىدىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى پەيغەمبەرلىك پەيتلىرىدە يۈز بەرگەن مۇئەييەن باسقۇچلارغا مۇۋاپىق هالدىكى پىئىللەر، گەپلەر ۋە تەقرىر (تەسدىق) لارنىڭ مەجمۇئى بولۇپ، هەممىسى شەرئى هۆكۈملەردۇر.

ئىككىنچىدىن، ئىككىى ۋەزىيەت، يەنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام زامانىدىكى جاھىلىيەت ۋەزىيىتى بىلەن هازىرقى كۈندىكى بىزنىڭ ۋەزىيىتىمىز بىر-بىرىگە ئوخشايدۇ. ئاشۇ ۋاقىتىدىكى جەمئىيەت بۇزۇق جەمئىيەت ئىدى. بۈگۈنكى جەمئىيەتمۇ شۇنداق. ئاشۇ پەيتتىكى ئادەملەر جاھىل هاكىمىيەتلەرگە بويسۇناتتى. بۇ هاكىمىيەتلەر ئۇلارغا جاھىلانە ئۆرپ-ئادەتلەر بىلەن هۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئۇ پەيتتىكى

جەمئىيەت شىرىك ئېتىقادىدىن كېلىپ چىققان پىكىرلەر، تۈيغۇلار ۋە تۈزۈملەردىن تەشكىل تاپقان ئىدى. بۈگۈنكى ئادەملەر بولسا، جاھىلىيەتكىلا ئەمەس، ئۇنىڭدىن پەس، ھەقىر، خىيانەتكار ھاكىملارغا بويسۇنماقتا. ئۇلار ئادەملەرگە كاپىتالىزم ئېتىقادىدىن كېلىپ چىققان ۋەزئى (ئادەملەر تەرىپىدىن ئىشلەپ چىقىرىلغان) قانۇنلار بىلەن ھۆكۈم قىلماقتا. بۇ ئېتىقاد گاھىدا ئۆزىنى سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت بولغان بىرەرنەرسە بىلەن ياماپ ياسىماقتا. (دېمەك، ئاشۇ پەيتتىكى ۋە بۈگۈنكى ئىككىلا جەمئىيەتمۇ بۇزۇق جەمئىيەتلەردۇر). يۇرت-دىيار مەسىلىسىمۇ شۇنداق. چۈنكى ئالىملار بەرگەن تەرىپ مانا بۇنداق: «ئاھالىسىنىڭ كۆپچىلىك قىسمى مۇسۇلمانلار بولسىمۇ كۇفرى ھۆكۈملىرى تەتبىق قىلىنىۋاتقان دىيار. كۇفرى دىيارى يەنى دارۇل كۇفرى بولىدۇ. ئاھالىسىنىڭ كۆپچىلىك قىسمى كاپىر بولسا، ئىسلام ھۆكۈملىرىنى تەتبىق قىلىۋاتقان دىيار. دارۇل ئىسلام يەنى ئىسلام دىيارى بولىدۇ».

دېمەك، بۈگۈنكى كۈندە ئىسلام ئېتىقادىغا ئاساسلانغان يەنى، ئۇنى ئېتىقاد سۈپىتىدە قوبۇل قىلىدىغان ۋە ھۆكۈملەرنى ھاياتقا تەتبىق قىلىدىغان دۆلەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن قىلىنىدىغان ھەرىكەت رەسۇل سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلار قىلغان ئىشنىڭ ئەينەن ئۆزىدۇر. ئاشۇ پەيتتىكى ئىسلامنىڭ دۈشمەنلىرى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئاشۇ دۈشمەنلەردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىدا دىنسىز ۋاقىنى ساقلاپ قېلىشقا ھەرىكەت قىلغانلار ھازىرقى كۈندىمۇ بۇزۇق ۋاقىنى ساقلاپ قېلىشقا ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. بۇ ئىككى دىنسىزلىق ئارىسىدا بىر ئاز پەرق بار، ئاۋۋالقى دىنسىزلار



www.uyghurkitap.com

مىللىتىگە خىيانەت قىلمايتتى. دۈشمىنى بىلەن كېلىشىپ ئىش قىلمايتتى. يۇرەكلىك، مەغرۇر، ئار-نومۇسلۇق، ئادىمگەرچىلىكى بار كىشىلەر ئىدى. بۈگۈنكى كۈندىكى ھاكىملار بولسا بۇ سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن خالى. بىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە بېرىپ دۆلەت بەرپا قىلىشتىن ئاۋۋالقى، يەنى مەككىدىكى ھالىتىگە توغرا كېلىدۇ. بىز مەككار، قورقۇنچاق، ئىككى يۈزلىمچى ھاكىملار بىلەن كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ پىكرى ۋەسىياسى كۈرەش جەريانىدا پىكىرلىرىمىزنى تېز ۋە قىسقا بايان قىلىشىمىز لازىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز دەۋەتلىرى بىلەن دىنسىزلارنىڭ پىكىرلىرىغا ۋە ئېتىقادلىرىغا قارشى كۈرەش قىلاتتى. ئېتىقاتلارنىڭ ساقتىلىغىنى ۋە بۇنداق ئېتىقادتىكىلەرنىڭ ئەقىلسىزلىقىنى بايان قىلىش بىلەن ئۇلارنىڭ ئورنىغا يېڭى ئىسلامىي ئېتىقادنى ئېلىپ كىرىشكە ھەرىكەت قىلاتتى. ئۇلارغا قۇرئانى كەرىمدە نازىل بولغان ئۇلارغا ئوخشاش بۇتلارغا ئىبادەت قىلىدىغان ئاۋۋالقى مىللەتلەرنىڭ قىسسىلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ بېرەتتى. قېتىپ قالغان ئەقىللىرى ئويغانسا، ۋە بۇ ئەقىللەرنىڭ ئىگىلىرى چوڭقۇرراق پىكىر قىلىشنى باشلىسا دېگەن ئۈممىتتە ئۇلارغا الله تەئەلانىڭ مانا بۇ سۆزىنى تىلاۋەت قىلاتتى:

اذ قال لابيه وقومه ماهذه التماثيل التي انتم لها عاكفون * قالوا وجدنا اباءنا لها عابدين * قال لقد كنتم انتم واباءكم في ضلال مبين * قالوا اجئتنا الحق ام انت من اللاعبين * قال بل ربكم رب السماوات والارض الذي فطرهن وانا علي ذلكم من الشاهدين *

-«ئۆز ۋاقتىدا (ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام) ئاتىسى ۋە قەۋمىگە: «سىلەر دائىم چوقۇنىدىغان - ئىبادەت قىلىدىغان بۇ ھەيكەللەر نىمەدۇر. (يەنى نىمىشقا جانسىز ھەيكەللەرگە سىغىنىسىلەر) ؟ ! »-دېگەندە، ئۇلار ئېيتتى: «بىز ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىمۇ ئۇلاغا سىغىنغان-ئىبادەت قىلغان ھالدا تاپقانمىز». ئۇ دېدى: «دەر ھەقىقەت سىلەرمۇ ئاتا-بوۋىلىرىڭلارمۇ ئوچۇق زالالەتتە ئىكەنسىلەر». ئۇلار ئېيتتى: «كەلتۈرگەن-ئېيتقان بۇ سۆزلىرىڭ راستمۇ، ياكى سەن چاقچاق قىلغۇچىلاردىنمۇ سەن؟». ئۇدېدى: «ياق ! سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار (مانا بۇ ھېچكىمگە پايدىسىمۇ زىيانىمۇ يەتكۈزەلمەيدىغان بۇتلار ئەمەس بەلكى) ئاسمانلار ۋە يەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇركى، ئۇ زات ئۇلارنى ئۆزى ياراتقاندۇر. مەن بۇنىڭغا گۇۋاھلىق بەرگۈچىلاردىن دۇرمەن». 21:52_56.

كېيىن يەنە تىلاۋەت قىلاتتى:

قال افتعبدون من دون الله مالاينفعكم شيئا ولايضركم * اف لكم ولما تعبدون من دون الله افلا تعقلون *

-«(ئىبراھىم) ئېيتتى: «نىمە ئۇچۇن اللەنى قويۇپ، سىلەرگە بىرەر پايدىسىمۇ زىيانىمۇ يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە سىغىنىسىلەر؟ ! سىلەرگىمۇ، اللەنى قويۇپ سىغىنىۋاتقان بۇتلارغىمۇ ئاھ ئىسىت نىمە ئۇچۇن ئەقىل يۈرگۈزمەيسىلەر؟ ! » 21:66:67.

كېيىن ئۇلارنىڭ بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشتا مەھكەم تۇرىۋالغانلىغى ئۇچۇن قاتتىق ئازاپ كۆتىۋاتقانلىغىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مانا بۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلاتتى:

انكم وما تعبدون من دون الله حصب جهنم انتم لها واردون * لو كان هوءلاء الهة ما وردوها وكل فيها خالدون *



-«(ئى مۇشرىكلار)، سىلەرمۇ، اللەنى قويۇپ سىغىنىۋاتقان بوتلىرىڭلارمۇ جەھەننەم ئوتۇنلىرىدۇر. سىلەر ئۇ جەھەننەمگە چۈشكۈچىدۇرسىلەر. ئەگەر سىلەر سىغىنىدىغان بۇتلار خۇدا بولسا، جەھەننەمگە چۈشمىگەن بولاتتى. بۇتلار ۋە ئۇلارغا سىغىنغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇ جايدا ئەبەدىي قالغۇچىدۇر» 21:99،99.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلارنىڭ ئېتىقادىغىلا ھۇجۇم قىلىپ قالماي، ئۇلارنىڭ قەبىلىچىلىك تۈزۈملىرى ۋە ناچار ئۆرپ-ئادەتلىرىگىمۇ قارشى كۆرەش قىلدى. ئۇلار بۇ ئۆرپ-ئادەتلەرگە تايىنىپ جازانىنى ھالال قىلىدىغان، زىنا ئۈچۈن جارىيەلەرنى ئىجارىگە ئېلىشقا رۇخسەت قىلىدىغان، قىمار ئويناش، ھەمدە پالچىلار ۋە سېھرىگەرلەربىلەن مەسلىھەتلىشىشكە يول بېرىدىغان، ھايات تۈزۈملىرىنى بەرپا قىلدى. ئۇلارغا تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى ئوقۇپ بېرەتتى:

وما اتيتم من ربا ليربوا في اموال الناس فلايربوا عند الله*

-«ئادەملەرنىڭ مال-مۈلۈكلىرىگە قوشۇلۇپ، كۆپەيتىپ، جازانىلىك يولى بىلەن قولىڭىزلارغا زىيادە بولۇپ قايتىپ كېلىۋاتقان بايلىقلىرىڭىز اللەنىڭ دەرگاھىدا ھەرگىز زىيادە بولماس». (30:39) يەنە ئۇلارغا بۇ ئايەتنىمۇ ئوقۇپ بېرەتتى:

ولاتكرهوا فتياتكم علي البغاء ان اردن تحصنا*

-«پاكلىقنى ئىزدەيدىغان چۆرەلىرچۆرىلىرىڭلارنى زىنا قىلىشقا مەجبۇر لىماڭلار». 24:33.

ئۇلارغا يەنە ئۇشبۇ ئايەتنى ئوقۇپ بېرەتتى:

انما الخمر والميسر والانصاب والازلام رجس من عمل الشيطان *

-«ھاراق (مەس قىلىدىغان ئىچىملىك ئىچىش)، قىمار (ئويناش)، بۇتلەر (يەنى ئۇلارغا سىغىنىش) ۋە ياغاچلار (يەنى

ياغاچلار بىلەن پال ئېچىش) شەيتان ئەمەلىدىن بولغان هارام ئىشتۇر». 5:90

مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ پايدىلىرىغا ماسلاشتۇرۇپ، ئۇرۇش هارام قىلىنغان ئايلارنى گاھ ئالدىغا، گاھ كەينىگە سۈرەتتى. شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇلارغا اللەنىڭ ئۇشبۇ ئايىتىنى تىلاۋەت قىلاتتى:

**انما النسیء زيادة في الكفر يضل به الذين كفروا يحلونه عاما ويحرمونه عاما ليواطئوا عدة ماحرم الله فيحلوا ماحرم الله زين لهم سوء اعمالهم والله لايهدي القوم الكافرين ***

- «شەك-شۈبهىسىز (هارام ئايلارنى) كەينىگە سۈرۈش ئارتۇق دەرىجىدىكى كاپىر لىقتۇركى، ئۇ سەۋەپتىن كاپىرلار پۈتۈنلەي يولدىن ئازىدۇ. ئۇلار اللە هارام قىلغان ئايلارنىڭ سانىغىنى (تۆرت ئايغا) توغرۇلاپ، اللە هارام قىلغان نەرسىنى هالال قىلىۋېلىشى ئۈچۈن ئۇنى (يەنى، ئۇرۇش هارام قىلىنغان ئايلارنى بىر يىل هالال دىسە ۋە يەنە بىر يىل هارام دەيدۇ. ئۇلارغا بۇ سەت ئىشلىرى چىرايلىق (ماقۇل) كۆرۈنىدۇ. (چۈنكى) اللە كاپىر قەۋمىنى هىدايەت قىلمايدۇ». 9:37

مۇشرىكلار ئۆز ئېتىقادلىرىنى ئەرزىمەس هۆججەتلەر بىلەن مۇداپىئە قىلاتتى. قۇرئان ئۇلارنىڭ تىلىدىن گەپ قىلىپ شۇنداق دەيدۇ:

**اجعل الالهة الها واحدا ان هذا لشيء عجاب * وانطلق الملأ منهم ان امشوا واصبروا علي الهتكم ان هذا لشيء يراد * ما سمعنا بهذا في الملة الاخرة ان هذا الا اختلاق ***

- «(شۇنچە) كۆپ خۇدالارنى بىر خۇدا قىلىۋاپتۇما؟ ھەقىقەتەن بۇ شۇنداق قىزىق نەرسە! ئۇلاردىن كاتتىلىرى (بىر-بىرىگە شۇنداق دەپ تارقاپ) كەتتى: «يۈرۈڭلار ئۆز



خۇدالىرىڭلارغا سېغىنىشىدا قانائەت قىلىڭلار (يەنى، ئۇمىتۋار بولۇڭلار) ! ئەلۋەتتە بۇ (يەنى، «لااله الا الله» دېيىش، بىردىن) تەلەپ قىلىنىدىغان (ناهايىتى كاتتا) نەرسىدۇر. بىز بۇ ھەقتە (يەنى اللەنىڭ يەككە يىگانىلىقى ھەققىدە) ئاخىرقى مىللەتنىڭ دىنىدىكى (ئادەملەردىنمۇ، يەنى ئىسلامدىن ئاۋۋالقى ئاخىرقى دىن بولغان نەسرانى دىنىدىكى ئادەملەردىنمۇ) ئاڭلىغان ئەمەسمىز. بۇ پەقەت بىر ئويدۇرما خالاس». 38:5-7

كاپىرلار پەيغەمبەرگە قارشى كۈرەشنى باشلىدى. ئۇلار دەسلەپ، تەشۋىقات يولىنى تۇتتىدە «ئۇشائىر، پالچى»، دەپ گەپ تارقاتتى. شۇچاغدا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلاتتى:

**انه لقول رسول كريم * وما هو بقول شاعر قليلا ماتؤمنون * ولا بقول كاهن قليلا ماتذكرون * تنزيل من رب العالمين ***

- «. . . ئۇ (قۇرئان) شەك شۈبهىسىز ئۇلۇغ پەيغەمبەرنىڭ (اللە دەرگاھىدىن كەلتۈرگەن) سۆزىدۇر! ئۇ بىرەر شائىرنىڭ سۆزى ئەمەسدۇر! سىلەر (ئۇشبۇ قۇرئان اللەنىڭ كالامى ئىكەنلىكىگە) كەمدىن كەم ئىمان كەلتۈرۈسىلەر! ۋە بىرەر كاهىن پالچىنىڭ سۆزى ئەمەستۇر. سىلەر كەمدىن كەم پەندى نەسىھەت ئالىسىلەر! (ئۇ) بارچە ئالەملەر پەرۋەردىگارى تەرەپىدىن نازىل قىلىنىدىغان كىتاپدۇر». 69:40-43

ئۇلار پەيغەمبەرگە ئەرەپ بولمىغان بىر ئادەم ئاۋۋالقىلارنىڭ خەۋەرىنى ئۆگىتىۋاتىدۇ، دەپ دەۋا قىلدى. شۇچاغدا ئۇلارغا اللە تائەلانىڭ مانا بۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى:

**ولقد نعلم انهم يقولون انما يعلمه بشر لسان الذي يلحدون اليه اعجمي وهذا لسان عربي مبين ***

- «ئېنىقكى بىز ئۇلارنىڭ «(قۇرئاننى مۇھەممەدگە) بىرەر



www.uyghurkitap.com

ئادەم ئۆگەتمەكتە» ، دېيىشۋاتقىنى بىلىمىز (لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ دەۋالىرى يالغاندۇر) . ئۇلار ئىشارەت قىلىۋاتقان كىشىنىڭ تىلى ئەجەمىي (يەنى ئەرەبىي ئەمەس) بۇ (قۇرئان) بولسا ئوچۇق روشەن ئەرەبىيدۇر» . (16:103)

كېيىن ئۇلار غەرەزلىك تەشۋىقات ۋە ئۇيدۇرمىلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، قۇرئان مۇھەممەد تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان دەپ ئىغۋا قىلدى. ئەگەر قۇرئان مۇھەممەد تەرىپىدىن بولسا، مۇھەممەدمۇ سىلەرگە ئوخشاش بىر ئەرەب ۋە ئوقۇش يېزىشنى ئۆگەنمىگەن بىر ئۇممى ئىنسان، سىلەر بولسا پاساھەتلىك سۆزلەيدىغان بىلىمدارسىلەر. شۇنداقكەن، ئۆزەڭلارنىڭ ھەق ئىكەنلىكىڭنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى يارىتىڭلارچۇ؟ دەپ قۇرئان ئۇلارنى مۇسابىقىغا چاقىردى:

وان كنتم في ريب مما نزلنا علي عبدنا فا ٔتوا بسورة من مثله وادعوا شهدا ٔكم من دون الله ان كنتم صادقين * فان لم تفعلوا ولن تفعلوا فاتقوا النار التي وقودها الناس والحجارة اعدت للكافرين *

- «ئەگەر بىز بەندىمىزگە چۈشۈرگەن نەرسىگە (قۇرئانغا) شۈبھە قىلساڭلار ئۇ ھالدا شۇنىڭغا ئوخشىغان بىرلا سۈرە كەلتۈرۈڭلار ۋە اللەدىن باشقا گۇۋاھلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار، ئەگەر راستچىل بولساڭلار. ئەمدى ئەگەر بۇنداق قىلمىساڭلار، ھەرگىزمۇ قىلالمايسىلەر، ئۇ ھالدا ئادەملەر ۋە تاشلار ئوتۇن بولىدىغان كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان دوزاختىن قورقۇڭلار» . 2:23_24

ئۇلارنىڭ تەشۋىقاتلىرى كارغا كەلمىگەچكە، بۇگۈنكى كۈندىكى قاماپ قويۇشقا ئوخشاش ئالاقىنى ئۈزۈش يولىغا ئۆتتى. قۇرەيش قەبىلىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ



ئەگەشكۈچىلىرى ۋە ھامىيلىرى بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈشكە ئۇمۇمى ئىتتىپاق تۈزدى. نەتىجىدە مۇسۇلمانلار ئۈچ يىل زىيان تارتتى. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارنى قۇرەيشنىڭ ئازارقىلىشىدىن قېچىپ، ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشقا بۇيرىدى. چۈنكى قۇرەيش قەبىلىسى ئالاقىنى ئۈزۈش ئۇسلۇبىمۇ مۇۋەپپىقىيەتسىز چىققاندىن كېيىن مۇسۇلمانلارنى ئازاپلاشقا ئۆتكەن ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇدالىرىنى سۆكۈش ۋە ئەقىللىرىنى ئەخمەققە چىقىرىشتىن توختىشى ئۈچۈن مۇراسىگە چاقىرىشقاندا ئۇلارغا تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى ئوقۇپ بەردى:

فلاتطع المكذبين * ودوا لو تدهن فيدهنون * ولا تطع كل حلاف مهين * هماز مشا ٔ بنميم * مناع للخير معتد اثيم * عتل بعد ذلك زنيم * ان كان ذامال وبنين * اذا تتلى عليه اياتنا قال اساطير الاولين * سنسمه علي الخرطوم *

- «بەس، (ئېي مۇھەممەد، سىزنىڭ ھەق پەيغەمبەر لىكىڭىزنى ۋە قۇرئاننى) يالغان دېگۈچى ئادەملەرگە ئىتائەت قىلماڭ. ئۇلار (ئۆزلىرىگە) سىزنىڭ كۆڭۈلچەكلىك، مۇراسە قىلىشىڭىزنى ئىستەيدۇ. شۇچاغدا ئۇلارمۇ (سىزگە) كۆڭۈلچەكلىك قىلىدۇ. (لېكىن سىز ئۇلارنىڭ بۇ ئىستەكلىرىگە بويسۇنماڭ!) (ئېي مۇھەممەد)، يەنە سىز ھەربىر تۆۋەن قەسەمخور، غەيۋەتچى ۋە گەپ توشۇغۇچى، ياخشىلىقنى مەنئى قىلغۇچى، بېخىل، تاجاۋۇزكار، گۇناھقا پاتقان، قوپال ۋە ئۇلاردىن تاشقىرى نەسەپسىز-ھارىمى ئادەمگە ئىتائەت قىلماڭ! ئۇ مال-مۈلۈكى ۋە ئوغۇللار ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن (ئۆزىدىن كېتىپ)، قاچان ئۇنىڭغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى تىلاۋەت قىلىنسا: «بۇ ئاۋۋالقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىغۇ!» دەيدۇ. يېقىندا

بىز ئۇنى تۇمشۇقىدىن تامغىلاپ قويۇرمىز!» . 16ـ8 : 68

بۇنىڭ ئۈستىگە پەيغەمبىرىمىزنى ئەبۇ جەھىلنى كۆچلۈك، ئەزىز ئادەم زەئىپ، خار ئادەمنى رەت قىلغىنىدەك رەت قىلدى:

كلا لئن لم ينته لنسفعا بالناصية * ناصية كاذبة خاطئة * فليدع ناديه * سندع الزبانية*

ـ «ياق، ئەگەر قايتمىسا، پىشانىسىدىكى چېچىدىن مەھكەم تۇتىمىز، يالغانچى خاتاكارنى پىشانىسىدىن (جەھەننەمگە ئاتىمىز) . بەس، ئۇ ئۆزىنىڭ جامائەسىنى (ياردەمگە چاقىرىۋەرسۇن! بىز بولساق ئازاپ پەرىشتىلىرىنى چاقىرىمىز!» . 18ـ15 : 96 كېيىن بولسا ئەبۇ لەھەبنى بولىشى مۇقەررەر ئازابىدىن قورقۇتتى:

بسم الله الرحمان الرحيم

تبت يدا ابي لهب وتب * ماأغني عنه ماله وماكسب * سيصلي نارا ذات لهب * وامرائته حمالة الحطب * في جيدها حبل من مسد *

ـ «ئەبۇلەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇسۇن-ھالاك بولغاي (ئېنىقكى) ئۇ قۇرىدى ـ ھالاك بولدى! مال-مۈلكى ۋە كەسپ قىلىپ تاپقان نەرسىلىرى ئۇنىڭغا ئەسقاتقىنى يوق. يېقىندا ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئوتۇن ئارتقان، بويندا پىششىق كۆلىدىن قېتىلغان ئارقان بولغان خوتۇنى لاۋۇلداپ تۇرغان ئوت يالقۇنجاپ تۇرغان دوزاخقا كىرىدۇ» . 1 : 111

بۇ پىكرى ۋە سىياسى كۆرەش الله تائالانىڭ كۆرسەتمىسى ۋە تەۋپىقى بىلەن بولىدۇ. الله دۈشمىنىنى رەت قىلىش يولىنى پەيغەمبەرنىڭ ئۆزىگە تاشلاپ قويغىنى يوق. ئەكسىچە پەيغەمبەرمۇ ھەم ئادەم ئىدى. ئۇ ساھابىلاردەك ئازاپ چېكەتتى. قاچانكى ئۇكىشىدە دۈشمەنلەر بىلەن مۇراسىگە كېلىشىشكە مايىللىق



تۇغولسا ۋەھىي نازىل بولۇپ، ئۇ كىشىنى ئاقىۋەتتىن ئاگاھلاندۇراتتى. شۇ مەنادا الله تەئەلا ئېيتىدۇ:

لولا ان ثبتناك لقد كدت تركن اليهم شيئا قليلا * اذا لاذقناك ضعف الحياة وضعف الممات ثم لاتجد لك علينا نصيرا*

ـ «ئەگەر بىز سىزنى (ھەق يولدا) سابىت قەدەم قىلمىغان بولساق سىز ئۇلارغا بىر قەدەر مايىل بولىشىڭىزغا ئاز قالدى. ئۇھالدا ئەلۋەتتە بىز سىزگە دۇنيا (ئازابىنى) مۇ، ئاخىرەت (ئازابىنى) مۇ ئىككى ھەسسە قىلىپ تارتتۇرغان بولاتتۇق. ئاندىن كېيىن ئۆزىڭىز ئۈچۈن بىزگە قارشى بىرەر مەدەتكار تاپالمىغان بولاتتىڭىز» . 75ـ74 : 17

كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام سەلتەنىتىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن قەۋمىدىن غالىپ بولۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدىغان كۈچ ئىزدەشكە باشلىدى. تائىپىگە بارغان ئىدى. سەقىف قەبىلىسى ئۇ-كىشىنى يامان سۇرەتتە رەت قىلدى. كېيىن بەنى ئەمرىبىن سەئىدى قەۋمىگە باردى. ئۇلار سىزدىن كېيىن ھاكىمىيەت بىزگە قالىدۇ، دەپ شەرت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاكىمىيەت اللەنىڭكى، ئۇنى خالىغان جايغا قويىدۇ، دېدى. شۇنداق قىلىپ قەبىلىلەرنىڭ ئۆزىگە بېرىپ ياكى ئۇكاز بازىرىدا ۋە ھەج كۈنلەردە ھەرخىل قەبىلىلەردىن كەلگەن ئادەملەرنى دەۋەت قىلاتتى. مەدىنە ۋەكىللىرى بىلەن ئۇچراشقانغا قەدەر شۇنداق قىلدى. مەدىنىلىكلەر ئۇ كىشىنىڭ تەكلىۋىگە رازى بولدى ۋە ئىمان كەلتۈردى. مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قوللىرى بىلەن غەلىبىگە ئېرىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىنىڭ ساھابىلىرى مەككىدىكى كاپىرلارغاقارشى پىكرى كۆرەش ھەمدە ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى پارچىلاش، ئۇلاردىن سەلتەنەتنى ئېلىش ۋە دەۋەت يولىنى ئېچىش

ئۈچۈن سىياسىي كۈرەش ئېلىپ باردى. شۇندىلا دەۋەت ئادەملەرگە ھېچقانداق ماددىي توسۇقسىز يېتىپ بارالايتتى. ۋە خالىغان ئادەم ئىسلامنى ھېچقانداق خەۋپ خەتەرسىز قوبۇل قىلدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرى دەۋەتنى مانا مۇشۇنداق ئېلىپ باردى. بىرەر دانە زوراۋانلىقمۇ بويى بەرمىدى؛ زالىمدىن قورقۇپ ئولتۇرمىدى. نەقەدەر ئېغىر بولسىمۇ جەمئىيەتنى مەھكەم تۇتتى. بۇزۇلۇشنىڭ بىرەر تەرىپى ئۇلارنىڭ نەزىرىدىن چەتتە قالمىدى. دۆلەتلەرنى بەرپا قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان بىرەرمۇ ئىشىكتىن كىرمەي قويمىدى.

مۇسۇلمانلار اللەنىڭ ئىرادىسى بىلەن 1. دۇنيا ئۇرۇشىدا ئاخىرقى ئىسلامىي دۆلەت يوق بولغىنىغا قەدەر، ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ، ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىنى تەتبىق قىلىپ كەلدى. خەلىفىلىك دۆلىتى يوق بولىشى بىلەن ئىسلام تۈزىمىمۇ يوق بولدى ۋە مۇسۇلمانلار دەۋەت قىلىشتىن توختاپ قالدى ۋە جىھاد ئىشىكى يېپىلدى. قالغىنىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنلىرىنى ئەمەس، يۇرتلىرىنى مۇداپىئە قىلىشتىكى جىھاد بولدى. مۇسۇلمانلارنىڭ مەملىكەتلىرى پارچىلىنىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كۇفرى قانۇنلىرى ۋە كاپىرلارنىڭ تۈزۈملىرى كەلدى، ئۆزلىرى تۈرلۈك - تۈمەن زۇلۇم ۋە مۇشەققەتلەرنى باشىدىن كەچۈردى.

بۈگۈنكى كۈندە مۇسۇلمانلار شەرق ۋە غەرب پىكىرى ئاساسلىرىنى يەنى كاپىتالىزم ۋە سوتسىيالىزمنى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقى دىنىغا قايتىشى بىلەنلا نىجات تاپالايدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىسلام تۈزۈمى ۋە ھۆكۈملىرىنى قايتا تەتبىق قىلىشقا ئىنتىلىشكە باشلىدى. ئىسلامىي گورۇھلار ۋۇجۇتقا كەلدى. ئىسلامغا چاقىرغۇچىلار



كۆپەيدى. ھەممىسى ئۆزىنى ئىسلامغا چاقىرۋاتىمەن دەپ ئېلان قىلدى. ئۇلار ئىسلامىي دۆلەتلەر ئارقىلىق جەمئىيەتتە ئۆزلىرىگە يول ئاچتى. ئۇلارنىڭ تۇتقان يوللىرى ۋە دەۋەت قىلىش ئۇسۇللىرى خىلمۇ-خىل. ھەممىسى ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولىدا مەن دەپ دەۋا قىلدى.

بۇگورۇھلارنىڭ قايسى بىرى توغرا، قايسى بىرى خاتالىقىنى ئاجرىتىش ئۈچۈن دەۋەت ۋە دەۋەتچىدىكى ئاساسىي بەلگەلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتمەك لازىم. شۇچاغدا بۇ ئىش توغرا مىقياس بولۇپ، ئاشۇ گورۇھلارنىڭ تۇتقان يوللىرىنى ئۇنىڭغا قىياسلىيالايمىز. قايسى گورۇھتا شۇ ئاساسىي بەلگىلەر تولا مەۋجۇت بولسا، ئۇنىڭ توغرا يولنى تۇتقانلىقىنى بىلىمىز. بۇنىڭدىن مەقسەت شۇكى، ئىسلامنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ غەلبىسى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان مۇسۇلمانلار توغرا گورۇھقا بېرىپ قوشۇلىدۇ. شۇچاغدا يول يېقىن بولىدۇ. شۇچاغدا ئۇلار بىكارچى خەلقلەرگە ئارىلىشىپ قالمايدۇ. قايسى بىر گورۇھتا بۇ بەلگىلەر تولۇق مەۋجۇت بولمىسا، مۇسۇلمانلارغا ئۇلارنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ۋاجىب. ئەمدى گەپنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلىشدىكى يوللىرىدىن خۇلاسە قىلىپ ئېلىنغان ئەنەشۇ بەلگىلەردىن باشلايلى.

ئۇلار:

1. مۇسۇلمانلارنى دەۋەت قىلىش ئىسلامىي ھاياتنى قايتا باشلاشقا قارىتىلغان بولىشى كېرەك. ئىسلامىي ھاياتنى قايتا تىكلەش، ئىسلام دۆلىتىنى بەرپا قىلىش، ئىسلامنى ھاياتقا تەتبىق قىلىش، ئالەمنى زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقىرىش ئۈچۈن پىكرى

يېتەكچىلىك سۈپىتىدە ئىسلامغا پۈتۈن دۇنيانى دەۋەت قىلىش
بىلەن بولىدۇ.

2. دەۋەت ئېلىپ بېرىۋاتقان گورۇھ ياكى ھىزب سىياسى
بولۇپ، پىكرى ۋە سىياسى كۆرەش بىلەن ئۇممەت ئارقىلىق
ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشى كېرەك.

3. قەتئى مەۋجۇت تۈزۈملەر بىلەن مۇراسىگە
كېلىشمەسلىك لازىم. ئەكسىنچە ئۇلارنىڭ ئىپلاس، پەس ياۋۇز
نىيەتلىرىنى ئېچىپ تاشلاش ساقتا سىياسەتلىرىنى كۆرسىتىش ۋە
ئاداشتۇرغۇچى شەخسلىرىنى سۈندۈرۈش كېرەك.

4. دەۋەت قىلىش دەۋەتچىنىڭ ئاساسى ئىشى بولۇپ،
جىسمانىي دەم ئېلىشى ۋە ئائىلە بېقىش ئۈچۈن كېرەك بولغان
ۋاقىتتىن قالغىنىنى ئۇنىڭغا بېغىشلاش كېرەك. ئەگەر
دەۋەتچىنىڭ شەخسى مەنپەئەتى بىلەن دەۋەت قارمۇ-قارشى كېلىپ
قالسا ئۇ ئۆز مەنپەئىتىنى تاشلاپ، دەۋەتنى مەھكەم تۇتۇشى
كېرەك.

دەۋەتنى ئېلىپ بېرىش مانا شۇ تۆرت ئاساس بىلەن بولسا،
توغرا يولدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بولىدۇ. بۇ گورۇھ پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالامنىڭ گورۇھىغا ئوخشاش ئۆز-ئۆزىدىن ھۆكۈمەت
كۈچلىرى بىلەن تۇقۇنۇشىدۇ. بۇ توغرىدا پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالامۇ ئۆزىنىڭ ئايرىم ھەدىسلىرىدا خەۋەر بېرىپ،
ئۆزىدىن كېيىن ئۇممەتنىڭ تۈپىسىگە اللەنىڭ كىتابىدىن باشقا
نەرسە بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان، اللەقا ئىتائەت قىلىشقا دەۋەت
قىلىۋاتقانلارغا، قۇرئاننى ۋە سۈننەتنى قايتا تىكلەشكە
ئۇرۇنىۋاتقانلارغا ئازار بېرىدىغان ھاكىملار كېلىدۇ، دېگەن
ئىدى. قەيسىبىنى سەئدى، زەيدبىنى ئەمرىبىن نۇفەيل،



ۋەرەقەتىبنى نەۋفەللار جاھىلىيەت ۋاقتىدا مۇۋەھھىدلاردىن
بولۇپ، سەنەم - بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشنى پەس ۋە ھەقىر ئىش
دەپ قارايتتى. ئۇلار ئۆز ئېتىقادلىرىنى ئوچۇق بىلدۈرەتتى.
شۇنداق بولسىمۇ قۇرەيشتىن قارشىلىق ۋە ئازارغا دۇچ كەلمەيتى.
ئەبۇبەكرىنى بولسا قۇرەيش كەئبىنىڭ ئەتراپىدا قۇرئان
ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن مۇشلىرى بىلەن ئۇرۇپ دۇمباللىدى.
ئوسمان ئىبن تەلھەنى بولسا لەبىت ئامىرى شېئىرىنىڭ بىر بېيتىگە
ئېتىراز بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن كۆزى ئېقىپ چۈشكىنىگە قەدەر
كالتەكلىدى. بېيت تۆۋەندىكىچە ئىدى:

اللەدىن ئۆزگە ھەرنەرسە باتىل،
بىلگىنكى شەكسىز ھەرنېئمەت زاھىل.

ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، ئوسمان، يالغان ئېيتىسەن
جەننەتنىڭ نېئمىتى دائىمدۇر دېگەن ئىدى.

خوش، نېمە ئۈچۈن ئەبۇبەكرى ۋە ئوسمان كالتەكلىنىپتۇ-
يۇ، مۇۋەھھىدلاردىن بولسا بىرەرسىمۇ ئازارغا دۇچ كەلمەپتۇ؟
شەك يوقكى، ئېتىقاد ئەھلىنىڭ ئۆزى ئېتىقادىغا قايسى تەرەپتىن
خەتەر كېلىشىنى ئۆزى ياخشىراق بىلىدۇ. مۇۋەھھىدلارنىڭ
ئېتىقادىدا قۇرەيشنىڭ، تۈزۈمىگە ۋەسەلتەنىتىگە خەتەر سېلىش
مۇمكىن بولغان نەرسە يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلارغا
ھېچقانداق ئېتىراز بىلدۈرمىدى، بىلال ھەبەشنى بولسا ئىسلام
ئېتىقادىنى مەھكەم تۇتقانلىقى ئۈچۈن خوجايىنىدىن قاتتىق بالاغا
يولۇقتى. چۈنكى، قۇرەيش بىلەتتىكى، بۇ ئېتىقاد-ئىسلام
ئېتىقادى-تېز كۈندە ئاخىرقى ئاقىۋېتى ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنى يوق
قىلىپ، تۈزۈمنى پارچىلاپ، سەلتەنەتنى ئېلىۋالىدۇ.

نەجرانلىكى نەسرانىلار مەدىنىدىكى يەھۇدىلار ۋە ئۇلارنىڭ

ئايرىم سۇلالىلىرى ئەرەبلەرگە ئېنىق ساماۋىي كىتاپ ئەھلىنىڭ بۇتلىرىغا ئىبادەت قىلىدىغان مۇشرىكلارغا قارىغاندەك پەس نەزەرى بىلەن قارايتتى. ئەرەبلەر بەنۇبەكرى ۋە بەنۇ تەيگە ئوخشاش نەسرانى قەبىلىلەر بەنۇ قەينۇقا، بەنۇ نەزىر ۋە بەنۇ قۇرەيزەگە ئوخشاش يەھۇدى قەبىلىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئۇلارغا دۈشمەنلىك قىلمىدى. توغرا ئۇلار بىر-بىرلىرى بىلەن قايسىدۇر دەرىجىدە ئۇرۇشۇپ تۇراتتى. كېيىن بولسا ھەممىسى بىر بولۇپ مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇردى. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولدى؟ چۈنكى يەھۇدى ۋە نەسرانىلار دەۋەت ئىشىنى ئېلىپ بارمايتتى. باشقا ئەرەپ قەبىلىلىرىگە ھۆكۈمران بولۇشقا ئۇرۇنمايتتى. مۇسۇلمانلار بولسا ئادەملەرنى ئىسلام تۈزۈمىگە بويسۇندۇرىدىغان دۆلەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇكاز بازىرىدا ۋە ھەج مەۋسۇمىدا قەبىلىلەردىن كەلگەن ۋەكىللەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇلاردىن ئۆزىنىڭ قەۋمىگە قارشى ياردەم سورايتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇ كىشىنىڭ ساھابىلىرى ئاشۇ ۋاقىتتا مەككە، تائىپ ۋە مەدىنىدىكى مۇشرىك تۈزۈملىرىدىن قانداق ئازاپ ۋە ئازارلارغا يولۇققان بولسا، ئۇلارنىڭ ئىزلىرىدىن مېڭىپ، سىياسى يول بىلەن ئىسلامغا دەۋەت قىلىۋاتقان گورۇھ ياكى جامائەنىڭمۇ مەۋجۇد تۈزۈملەر تەرىپىدىن ئەنە شۇنداق ئازار ۋە ئازابلارغا دۇچ كېلىشى مۇقەررەر. بۇنىڭدىن باشقا گورۇھ ياكى جامائەلەر بولسا، يوللىرىنى ئۆزگەرتمەسكەن، يەھۇدىي ۋە نەسرانىي گورۇھلار ۋە ۋەرەقەتىبىنى نەۋفەلگە ئوخشاش مۇشرىكلارنىڭ ئازارلىرىغا دۇچ كەلمىگىنىدەك ھېچقانداق ئازاپ ئۇقۇبەتكە يولۇقماستىن ئۆز يوللىرىدا ۋە ئۆز يۇرتلىرىدا



خاتىرجەم تىنچ ياشاۋېرىدۇ. ئېمىشقا، مۇشرىكلار ۋە ھازىرقى تۈزۈملەر ئۆزلىرىگە قايسى تەرەپتىن خەتەر كېلىۋاتقانلىقىنى ئۆزلىرى ياخشىراق بىلىدۇ.

پىكرى ۋەسىياسىي كۆرەش بىلەن دەۋەت ئىشىنى ئېلىپ بېرىۋاتقان، بۇزۇق ۋەقەنى يېڭى پىكىر، ئۆلچەملەر، قانائەتلەر بىلەن ئۆزگەرتىشكە ھەرىكەت قىلىۋاتقان سىياسىي گورۇھ قاتتىق تۇقۇنۇشقا، سىقىشقا ھەمدە ئۇنىڭغا قىزىققۇچىلارنى چالغىتىش، ئەتراپىدىكى تابىئىلىرىنى تارقىتىۋېتىشقا قارىتىلغان تەشۋىقاتلىرىغا دۇچ كېلىشى مۇقەررەر. بۇ بىر ھەقىقەتكى ئۇنىڭغا مۇتەكەببىر ئادەملەرلا شەك قىلىشى مۇمكىن، چۈنكى:

بىرىنچىدىن، قانداقلا بىر يۈكسىلىشنى خالىغۇچى تۆۋەن ياكى قالاق ئۇممەت بولسۇن، ئۇنى يۈكسەلدۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىۋاتقان گورۇھ مەۋجۇد تۆۋەن ياكى قالاق ھاكىمىيەت بىلەن تۇقۇنۇشمىسىنى يوق.

ئىككىنچىدىن، پۈتۈن بىر قالاق بىر ئۇممەتنىڭ بىردەمدىلا يۈكسەلگىنى تارىختا بولمىغان، بەلكى دائىم ئۇممەتنى يۈكسەلدۈرۈشكە ھەرىكەت قىلغانلار ئازسانلىق كىشىلەربولغان.

ئۈچىنچىدىن، تۆۋەن ياكى قالاق مىللەتتە يۈكسىلىش پىكرىنى ئالغا سۈرگەنلەر دائىم تەلۋە ياكى خام خىيالغا چىقىرىلغان، چۈنكى ئۇلارنىڭ پىكىرلىرى تۆۋەن، قالاق جەمئىيەتكە ناتونۇش بولغان .

تۆرتىنچىدىن، تۆۋەن، قالاق جەمئىيەتلەردە يۈكسىلىشكە ھەرىكەت قىلغان بۇنداق گورۇھلارنىڭ بىرەرسىمۇ غەلبە قىلماي قالمىغان .

بۇ بىر تارىخىي ھەقىقەتدۇركى، سىياسى گورۇھلارغا نۇر

بېرىپ، يول ئىزدەۋاتقانلار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يول ئىزدىگۈچىلەر قايسى يولنى تۇتۇشنى قايسى گورۇھقا بېرىپ قوشۇلۇشنى بىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ.



www.uyghurkitap.com

## مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىلىكنى تىكلەش ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتلىرى

ھايات قانۇنى ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىگە ماقۇل بولغان، ئادەتلەنگەن پىكىرلىرى، چۈشەنچىلىرى ۋە قانائەتلىرىگە قاراپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرىدىغان بىر ۋەكىل سايلاپ ئېلىشلىرىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۇلار ۋەكىلگە ھۆكۈملەرنى ئىجرا قىلىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ، بېرىشلىرى كېرەك. ئەنە شۇ ۋەكىل دۆلەتتۇر. ئىچكى ۋە تاشقى ئىشلارنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچىمۇ، يۇقىرا ئۇستىدىكى يۈكلەرنى كۆتۈرۈپ تۇرغۇچىمۇ ئۇنىڭ ئۆزىدۇر.

ھەرقاچان ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپە ئىسلامنى تەتبىق قىلىش، ئۇنى بارلىق مىللەت ۋە خەلقلەرگە تارقىتىش ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن جىھادقا ئەسكەر تەييارلاش، كۈچ قۇۋۋەت توپلاشتىن ئىبارەت بولغان بۇ ئىشلارنىڭ بىرەرسىمۇ دۆلەتسىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ دۆلەتنى تىكلەش ئەمەل قىلىشتىكى بىرىنچى قەدەم ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى دۆلەتنى تىكلىمەي تۇرۇپ، ھېچنەرسىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. شەرئى قائىدىدە شۇنداق دېيىلگەن: «ۋاجىبنى بېجىرىش ئۈچۈن كېرەك بولغان ئامىلنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشمۇ ۋاجىبدۇر». دېمەك ئىسلام دۆلىتىنى تىكلەش بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەزىپىسى يەنى ئۇلار ئۈچۈن ۋاجىبدۇر.

مۇسۇلمانلارنىڭ ۋاقىئىغا نەزەر تاشلىغان ئادەم ئۇنىڭدا

ۋالى (ئەمىر) لەرنىڭ ياخشىسى ياخشىلىقى بىلەن، يامىنى يامانلىقى بىلەن سىلەرگە ئەمىرلىك قىلىدۇ. شەرىئەتكە توغرا كېلىدىغان ھەربىر ئىشتا ئۇلارغا قۇلاق سېلىڭلار ۋە ئىتائەت قىلىڭلار. ئەگەر ياخشىلىق قىلسا سىلەرنىڭ پايداڭلار، يامانلىق قىلسىمۇ سىلەرنىڭ پايداڭلار. زىيان ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە».

ئىمام مۇسلىم ئەئرەجدىن، ئەئرەج ئەبۇ ھۇرەيرىدىن رىۋايەت قىلىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەنكەن: «ئىمام (باشلىق) بىر قالقاندۇر. ئۇنىڭ ئارقىدا جەڭ قىلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ساقلىنىدۇ».

بۇلار خەلىپە، ئىمام، ئەمىرنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ پايدىلىرى ۋە ئۇسۇل قائىدىلىرى خۇسۇسىدىكى خەۋەرلەردۇر. بۇ خەۋەرلەر ماختاش مەنىسىدە بولسا، ئۇنى بېجىرىش تەلەپ قىلىنغان بولىدۇ. ئەگەر تەلەپ قىلىنغان ئىشتىن شەرئىي ھۆكۈمنى بېجىرىش كېلىپ چىقسا، ئۇ ھالدا تەلەپ قەتئىي تەلەپ، يەنى پەرز بولىدۇ. مادامىكى، ھازىر خەلىپىلىك دۆلىتى يوق بولۇپ كەتكەندىن بېرى شەرئىي ھۆكۈملەر بېجىرىلمەيۋاتقان ئىكەن، دېمەك ئۇلارنى قايتىدىن تەتبىق قىلىش ئۈچۈن خەلىپىلىك دۆلىتىنى قايتا تىكلەش زۆرۈر. بۇ ئىش شەرئىي ھۆكۈمنىڭ پەرزلىكىگە ئوخشاش تولۇق پەرزدۇر.

ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھازىمدىن رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇ ھۇرەيرە بىلەن بەش يىل بىرگە بولدۇم. ئۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇشبۇ ھەدىسىنى ئاڭلىدىم: «بەنى ئىسرائىلغا پەيغەمبەر ئەمىرلىك قىلاتتى. قاچانكى پەيغەمبەر ۋاپات بولسا، ئارقىدىن يەنە پەيغەمبەر كېلەتتى. مەندىن كېيىن بولسا پەيغەمبەر بولمايدۇ. خەلىپىلەر بولىدۇ، كېيىن ئۇلار كۆپىيىدۇ».



دېدىكى، - بىزگە نېمىنى بۇيرۇيسىز؟ ئېيتتى: «بىرىنچى خەلىپىگە قىلغان بەيئەتلىرىڭلارغا ۋاپا قىلىڭلار. ئۇلارنىڭ ھەققىلىرىگە خىيانەت قىلماڭلار، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى سورۇشتۇرغۇچى اللەنىڭ ئۆزىدۇر».

ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى بىر ئىمامغا بەيئەت قىلىپ، ئۇنىڭغا قول بەرسە، قەلبىنىڭ مېۋىسىنى بەرسە، قولىدىن كەلگۈنچە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلسۇن. ئەگەر باشقا بىرەرسى كېلىپ ئىماملىقنى تالاشسا، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىڭلار». بۇ يەردىكى ئەمىرغا ئىتائەت قىلىشتىكى بۇيرۇق ئۇنى سايلاشقىمۇ بۇيرۇشتۇر. ئەمىرلىك تالاشقان ئادەمگە قارشى جەڭ قىلىشقا بۇيرۇش بولسا بىر خەلىپىنىڭ دائىمى بولۇپ تۇرۇشقا دەلىلدۇر.

ئىبنى ئابباسدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەن: «كىم ئەمىرىدىكى بىرەر نەرسىنى يامان كۆرسە، ئۇنىڭغا سەبرى قىلسۇن، چۈنكى بىرەر ئادەم ئەمىرىدىن بىر غېرىچ چەتكە چىقىپ ئۆلسە، دىنسىز ئۆلۈمى بىلەن ئۆلگەن بولىدۇ». بۇ ھەدىس بىزگە خەلىپىگە ئىتائەت قىلىشنى بۇيرۇيدۇ، ۋە ھەتتا يامان كۆرگەن ئىشلىرىدىمۇ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلماسلىقتىن بىزنى ئېھتىيات قىلىشقا ئۈندەيدۇ. خەلىپىگە ئىتائەت قىلمىغان ئادەمنىڭ ئۆلۈمىنى ھېچقانداق ياخشىلىققا يول تاپالمايدىغان دىنسىز ئۆلۈمگە ئوخشىتىدۇ.

### 3. ئىجماء

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆتۈرگەن يۈكنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ساھابىلار ئۇ كىشىدىن كېيىن بىر خەلىپە سايلاشقا ئىجماء قىلىشقان. ئەبۇبەكرى، ئۇمەر ۋە ئۇسماندىن كېيىنمۇ شۇنداق

قىلىشقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دەپنە قىلىشنىڭ كېچىكتۈرۈلۈشى بۇ ئىجمائىنىڭ نەقەدەر جىددىلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ھاياتنىڭ ھەممە ساھالىرىدە شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىش قەتئى دەلىل بىلەن ئىسپاتلانغان پەرزدۇر. بۇ ئىش بولسا، سەلتەنەت ساھىبىسىز ، ھاكىمىسىز، ئەمەلگە ئاشمايدۇ. چۈنكى الله تەئەلا ئېيتقانكى:

**فلاوربك لايو ٴمنون حتي يحكموك فيما شجر بينهم ثم لايجدوا في انفسهم حرجا مما قضيت ويسلموا تسليما***

– «پەرۋەردىگارىڭىز بىلەن قەسەمكى، تاكى ئۇلار ئۆز ئۆتتۇرلىرىدا چىققان دەتالاشلاردا سىزنى ھاكىم قىلمۇغىچە ۋە كېيىن سىز چىقارغان ھۆكۈمدىن دىللىرىدا ھېچقانداق تەڭلىك تارتماي، تولۇق تەسلىم بولمىغىچە – بويسۇنمىغىچە پەقەت مۆئمىن بولالمايدۇ» . 4 : 65

بۇ ھەقدىكى شەرئى قائىدە ۋاجىبنى ئادا قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئامىلمۇ ۋاجىبدۇر.

بۇلار ھاكىمىيەتنى، سەلتەنەتنى مەيدانغا كەلتۈرۈشنىڭ پەرزلىكىگە ھەممە ئۇنى باشقۇرۇپ تۇرىدىغان – شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىدىغان خەلىفە سايلاشنىڭ پەرزلىكىگە يارقىن دەلىلدۇر. بۇ پەرز-پەرز كىپايەدۇر. ئۇنى بەزىلەر ئادا قىلالىسا، قالغانلىرىدىن ساقىت بولىدۇ. ئۇنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىسا لېكىن ئادا قىلالمىسا، ئۇ ھالدا بۇ ئىش ھەممە مۇسۇلمانلارنىڭ بويىنىدا پەرز بولۇپ قالىدۇ. مۇسۇلمانلار خەلىفەسىز بولسا، بۇ پەرز بىرەرمۇ مۇسۇلماندىن ساقىت بولمايدۇ.

مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىر خەلىفە سايلاشقا ھەرىكەت



www.uyghurkitap.com

قىلماسلىق گۇناھى كەبىرىدۇر. چۈنكى بۇ ئەرسە ئىسلامنىڭ ئەڭ مۇھىم پەرزلىرىدىن بىرىنى بېجىرىشتىن تېيىلىشتۇر. دىن ھۆكۈملىرى مانا شۇ پەرزگە ئاساسلىنىدۇ. بەلكى ئىسلامنىڭ ھايات مەيدانىدا بولۇش ياكى بولماسلىقى شۇ پەرزنىڭ بېجىرىلىشى ياكى بېجىرىلمەسلىكىگە باغلىقدۇر. دېمەك، مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىگە بىر خەلىفە سايلاپ ئېلىشتىن تېيىلىشى بىلەن گۇناھى كەبىرلەرنى قىلىۋاتقان قاتتىق گۇناھكارلاردىن بولىدۇ. ئەگەر مانا شۇ تېيىلىشقا كېلىشسىلەر، يەر يۈزىنىڭ ھەممە مەملىكەتلىرىدىكى ھەر بىر مۇسۇلمان شۇنداق گۇناھكار بولىدۇ. بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بەزىلەر ھەرىكەت قىلىپ، يەنە بەزىلەر ئۇرۇنمىسا، ھەرىكەت قىلغانلارنىڭ بويىنىدىن گۇناھ ساقىت بولىدۇ. خەلىفە سايلانغىنىغا قەدەر بۇ ئىش ئۇلارنىڭ ئۈستىدە پەرزلىكى بويىچە قېلىۋېرىدۇ. چۈنكى بىر پەرزنى بېجىرىشكە ئۇرۇنىۋاتقان – ئەمەل داۋاملىق بولىۋاتقان بولسىلا، بىر پەرز ئۆز ۋاقتىدىلا بېجىرىلمىسىمۇ، ئۇنى بېجىرىشكە ئەستايىدىل كىرىشكەنلىكى ۋە ئۇنى بېجىرىش ئۈچۈن تېخى ئىمكانىيەت دائىرىسىدە ئەمەسلىكى ئېتىبارى بىلەن گۇناھ ساقىت بولىدۇ.

پەرزنى بېجىرىشكە ئەستايىدىل كىرىشمىگەنلەر بولسا، بىر خەلىفە كېتىشىنىڭ ئۈچۈنچى كۈنىدىن باشلاپ، تاكى يەنە بىر خەلىفە سايلانغىنىغا قەدەر گۇناھكار بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. چۈنكى ئۇلار اللەنىڭ پەرزىنى بېجىرمىدى. ئۇنى بېجىرىشكىمۇ ئەستايىدىل كىرىشمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن گۇناھقا، اللەنىڭ ئازابىغا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ناچارلىققا گىرىپتار بولىدۇ. خەلىفە سايلاش ياكى ئۇنى سايلاش ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان ئەمەللەرنى قىلىشتىن تېيىلغانلىقىغا گۇناھكار بولۇش اللەنىڭ

باشقا پەرزلىرىنى تەرك قىلغانلىقىغا گۇناھكار بولۇشقا ئوخشاش روشەندۇر. خۇسۇسەن، بۇ شۇنداق پەرزكى، بۇنىڭ بىلەن باشقا پەرزلەر بېجىرىلىدۇ. دىن ھۆكۈملىرى ئىجرا قىلىنىدۇ. ئىسلامنىڭ شەنى بۈيۈكلىشىدۇ. ئىسلام مەملىكەتلىرىدە ۋە پۈتۈن ئالەمدە اللەنىڭ سۆزى ئۈستۈن تۇرىدىغان بولىدۇ.



## مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام تۈزۈمىنى تەتبىق قىلىش ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتلىرى.

ئىسلام ئەقلىي ئېتىقاد بولۇپ، ئۇنىڭدىن دۇنيا ھاياتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىنى ۋە ئىنسانغا زۆرۈر بولغان ئاخىرەت ئىشلىرىغا ئالاقىدار نەرسىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان كامىل بىر تۈزۈم كېلىپ چىقىدۇ. ئۇ اللە پەرز قىلغان ۋە بېجىرىشكە ئۈندىگەن ئىبادەتلەرنى بايان قىلىش بىلەن ئىنساننىڭ ياراتقۇچىسى بىلەن بولىدىغان ئالاقىسىنى تەرتىپكە سالىدۇ. ۋە يەنە ئۇنى نەفلى ئەمەللەر بىلەن مۇشەررەپ قىلىپ، ئۇنىڭغا ئاخىرەت ھاياتىغا قەدەر سائادەت يولىنى سىزىپ بېرىدۇ. ئۇ ئىنساننىڭ ئۆز ۋۇجۇدى بىلەن بولىدىغان ئالاقىسىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئۇنىڭغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلدى. ناپاك نەرسىلەرنى بولسا ھارام قىلدى. كىيىملەرنىڭ مۇكەممەللىنى، ئەخلاقلارنىڭ گۈزەللىنى ئۇنىڭغا تاللاپ بەردى. ئۇ ئىنساننىڭ ئۆزىگە ئوخشاش ئادەملەر بىلەن بولىدىغان ئالاقىسىنىمۇ، يەنى ئىنساننىڭ مۇئامىلىلىرىنىمۇ تەرتىپكە سالدى. پۈتۈن كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى، بارلىق بار بولغان نەرسىلەرنىڭ باشقۇرغۇچىسى، ھەرنەرسىنى بىلگۈچى، ھەرنەرسىدىن خەۋەردار، خائىنلارنىمۇ، دىلدىكى مەخپى تۈيغۇلارنىمۇ بىلگۈچى زات تەرىپىدىن چىقىرىلغان بۇ ئادىل ھۆكۈملەررنى بىرەر بەندىنىڭ ئويلاپ تېپىشىنى ھېچكىمگە نەسىپ قىلمىغان. ئۇ زات بۇ ھۆكۈملەررنى قىيامەت كۈنىگە قەدەر بولىدىغان ۋەزىيەتلەر، ھالەتلەر ۋە زامانلارنىڭ

ئۆزگىرىپ تۇرۇشىنى بىلگىنىگە مۇۋاپىق تەقرىز چىقارغان، ئۇلارنى راۋاجلاندۇرۇلمايدىغان ئۆزگەرتىلمەيدىغان قىلىپ ئۇلارنى ھەممە زامان - ماكانلاردا ھاياتتىكى مۇئامىلارنىڭ يېشىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان كۈندىلىك قائىدىلەر ۋەئۇمۇمى ھۆكۈم قىلىپ چىقاردى.

بۇ ھۆكۈملەررنىڭ ھەممە نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش دېگىنى، ماشىنا ئىگىسىگە، دۆلەت ماشىنا ئىگىلىرىگە سۇغۇرتا قىلىدۇرۇشنى بۇيرۇيدۇ دېگەن ھۆججەت بىلەن سۇغۇرتا شىركىتىگە ماشىنىسىنى سۇغۇرتا قىلدۇرۇشقا ياكى قەرز ئېلىنىدىغان جاي يوق دېگەن ھۆججەت بىلەن بانكىلاردىن ئۇلارغا بېرىلىدىغان پايدا ھېسابىغا قەرز ئېلىشقا ياكى ھازىردا ئاكسىيە شىركەتلىرىلا مەۋجۇتدۇر دېگەن ھۆججەت بىلەن ئۇلارغا قاتنىششقا رۇخسەت بېرىدۇ دېگىنى ئەمەس. ئىسلام ھۆكۈملىرى ھەممە زامان ۋە ماكان ئۈچۈن ئۇمۇمى بولغان ئىسلام تۈزىمى سايىسىدا مۇۋاپىقتۇر. ھازىرقى سوتسىيالىستىك ياكى كاپىتالىستىك تۈزۈملەرنىڭ سايىسىدا ئەمەس. بەلكى پۈتۈن ۋاقىئىنى ئىسلامنى تەتبىق قىلىشقا يارامىلىق ۋاقىئىغا ئايلاندۇرۇش بىلەن ھەممە زامان ۋە ماكانلارغا يارامىلىقدۇر.

ئەمدى ئىسلام ئۇممەتنىڭ ئىسلامنى تەتبىق قىلىش، ھوقۇقلىرىنى ئىجرا قىلىش ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتكە كەلسەك، ھەممە مۇسۇلمانلارغا ئۇمۇمى تەكلىپ ۋە خىتابىدا ۋارىد بولغانىكى (كەلگەنكى)، الله تەئەلا ئۇلۇغ پەيغەمبەرگە خىتابەن دەيدۇ:

**فلا وربك لايو ٴمنون حتي يحكموك فيما شجر بينهم ثم لايجدون في انفسهم حرجا مما قضيت ويسلموا تسليما***

- «پەرۋەردىگارغا قەسەمكى، تاكى ئۇلار ئۆز ئوتتۇرلىرىدا چىققان دەتالاشلاردا سىزنى ھاكىم قىلمىغىچە ۋە كېيىن سىز



چىقارغان ھۆكۈمدىن دىللىرىدا ھېچقانداق تەڭلىك تارتماي، تولۇق تەسلىم بولمىغىچە - بويسۇنمىغىچە پەقەت مۆئمىن بولالمايدۇ». 4:65

مۇسۇلمانلارغىمۇ خىتاب قىلىپ دەيدۇ:

**وما اتاكم الرسول فخذوه وما نهاكم عنه فانتهوا***

- «پەيغەمبەر سىلەرگە نېمىنى بەرسە ئۇنى ئېلىڭلار، سىلەرنى نېمىدىن قايتۇرغان بولسا، (ئۇنىڭدىن) يېنىڭلار». 7:59

بىرىنچى ئايەت شەرىئەتنى ئۆزىگە ھاكىم دەپ بىلمىگەن ئىنسانلاردا ئىمان يوقلىغىنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھاكىم قىلىش شەرىئەتنى ھاكىم قىلىشتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادەملەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە قاراپ ئەمەس بەلكى، اللەنىڭ شەرىئىتى بىلەن ھۆكۈم يۈرگىزىشكە بۇيرۇلغاندۇر. الله تەئەلا رەسۇل ئەلەيھىسسالامغا بۇيرۇپ دەيدۇ:

**وان احكم بينهم بما انزل الله ولاتتبع اهوا ٴهم واحذرهم ان يفتنوك عن بعض ماانزل الله اليك ***

- «ئۇلارنىڭ ئارىسىدا اللەنىڭ نازىل قىلغان نەرسە بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈڭ، ئۇلارنىڭ ھەۋايى نەپسىلىرىگە (خاھىشلىرىغا) ئەگەشمەڭ ۋە الله سىزگە نازىل قىلغان نەرسىنىڭ بىرەرسىدىن سىزنى بۇراپ تاشلىشىدىن ئېھتىيات قىلىڭ» 5:49

الله تەئەلا ئادەملەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھاكىم قىلىپ ئېلىشلىرىنى ئىمانىغا باغلىدى ۋە ئۇ كىشىنىڭ ھۆكۈمنى رازىلىق، ئىتائەتچانلىق، سەممىيەت بىلەن قوبۇل قىلىشلىرىنى ۋاجىپ قىلدى:

فلاوربك لايؤمنون حتي يحكموك فيما شجر بينهم *

-«پەرۋەردىگار بىلەن قەسەمكى، تاكى ئۇلار ئۆز ئوتتۇرلىرىدا چىققان دەتالاشلاردا سىزنى ھاكىم قىلمىغىچە زىنھار مۆئمىن بولالمايدۇ. . . .» 4:65

ئىككىنچى، ئايەت مۇسۇلمانلارغا پەيغەمبەر بەرگەن ۋاجىب سۈننەت ۋە مۇباھقا ئوخشاش ئىشلارنى ئىلىشنى، پەيغەمبەر قايتۇرغان ھارام ۋە مەكرۇھ ئىشلاردىن يېنىشنى بۇيرۇيدۇ. ئايەتتىكى بەھس ماۋزۇسى شەرىئەتنى ھاكىم قىلىپ ئالمىغان ئىنساندا ئىمان يوقلىغىنى ئوختۇرۇشتۇر. چۈنكى، شەرىئەت ھۆكۈملىرى بىلەن، يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىن بىلەن باغلىنىش ئىماننىڭ قوشماق ئاجرالماس قىسمى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دىللىرىدىكى ئىماننىڭ دەلىلىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ شەرىئەت بىلەن باغلانمىغان ئىنسان ئىمانسىز ھېسابلىنىدۇ. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، الله تەئەلا شەرىئەت ھۆكۈمىدىن باشقا ھۆكۈملەررنى ئالغانلارنى ئېيىپلەپ، دەيدۇ:

الم تر الي الذين يزعمون انهم امنوا بما انزل اليك وما انزل من قبلك يريدون ان يتحاكموا الي الطاغوت وقد امروا ان يكفروا به*

-«(ئى مۇھەممەد) ئۆزلىرىنى سىزگە نازىل قىلىنغان نەرسە (قۇرئان) غا ۋە سىزدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان نەرسىلەرگە ئىمان كەلتۈرگەن دەپ ھېساپلايدىغان (ئايرىم) ئادەملەرنىڭ شەيتانغا ھۆكۈم سوراپ بېرىشنى ئىزدەۋاتقانلىرىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ ھالبۇكى، ئۇلارغا ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىك بۇيرۇلغان ئىدى». 4:60

كىشىنىڭ ئۆزىنى قۇرئانغا ئىشىنىمەن دەپ بىلىشى ھۆكۈم سوراپ پەقەت ئۇنىڭغا باش ئۇرۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئەگەر



ئۇنىڭدىن باشقىغا باش ئۇرسا، كىشىدىن ئىمان كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىسلامغا ئىشىنىش ئۇنى ھاكىم قىلىۋېلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، ئىسلامغا ئىشەنگەن مۇسۇلمان ئۇنىڭ شەرىئىتى بىلەن باغلىنىشى شەرت. بولمىسا كۇفرى يولىنى تۇتقان ۋە ئىسلامغا ئىشەنمەسلىكىگە دەلىل كەلتۈرگەن بولىدۇ.

اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە قىلغان خىتابى ئۇنىڭ ئۈممىتىگىمۇ قىلىنغان خىتاب بولسا، دېمەك، مۇسۇلمانلار «اللەنىڭ نازىل قىلغان شەرىئەتى بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈشكە بۇيرۇلغاندۇر».

بۇنى شەرىئەت قازىلار ۋە ۋالىيلارغا ئوخشاش ھۆكۈمرانلار ھەققىدە ناھايىتى روشەن بايان قىلغان. گەرچە ئۇلار شەرىئەت بىلەن باغلانغان ھېسابلانسىمۇ، الله تەئەلا ئۇلار ھەققىدە خەۋەر بېرىپ، ئەگەر الله نازىل قىلغان شەرىئەتتىن باشقا قانۇنلار بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزسە كاپىر ياكى زالىم ياكى پاسىق بولىشىنى ئېيتىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئىسلام ھۆكۈم يۈرگۈزۈشكە يارىملىق ئەمەس دەپ ئېتىقاد قىلسا شەكسىز كاپىر بولىدۇ. ئەمما ئىسلامغا ئىشەنسىمۇ، لېكىن قورقۇپمۇ ياكى ئۆزلىرىنى تەتبىق قىلىشقا قادىر ئەمەسمىز دەپ ئويلاپمۇ - كاپىرلارغا يان بېسىپ، ئىسلامدىن باشقا قانۇنلار بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزسە ئۇ ھالدا زالىم ياكى پاسىق بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار ھامان ئىسلامغا ئىشىنىدىغان بولسا ھارام ئىشنى قىلغان بولىدۇ. شەرىئەتنىڭ ھۆكمى بىلەن باغلانماسلىق ھاكىملارغا نىسبەتەن كۇفرى ياكى زۇلۇم ياكى پىسىق بولغىنىدەك، ئادەملەرنىڭ ئۆز ئارا ئالاقىلىرىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ. كىمكى ئىسلام قايسى بىر مۇئامىلىنى ھەل قىلىشقا يارىمايدۇ ياكى باشقا قانۇنلارنىڭ يېشىملىرى ئىسلامنىڭكىدىن ياخشىراقدۇر دەپ ئېتىقاد قىلسا كاپىر بولىدۇ. ئەمما،

ئىسلامنىڭ يارامىلىقىغا ئېتىقاد قىلسا، لېكىن ھاكىمدىن قورقۇپ، ۋەزىي ـ ئىنسان تەرىپىدىن ئىشلەپ چىقىرىلغان قانۇنلارغا ھەمدەم بولسا، زالىم ياكى پاسىق بولىدۇ.

دېمەك، شەرىئەت ھۆكۈملىرى بىلەن باغلىنىش ھاكىمغىمۇ، باشقىغىمۇ ھەربىر مۇسۇلمانلارغا پەرزدۇر. الله تەئالانىڭ ھاكىملار ھەققىدىكى ھۆكۈملىرى قالغان بارلىق مۇسۇلمانلارغىمۇ تېگىشلىكدۇر. خۇلاسە شۇكى، كىمكى مەيلى ھاكىم بولسۇن، مەيلى باشقا بولسۇن ـ الله نازىل قىلغان شەرىئەت بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزمىسە ـ كاپىر ياكى زالىم ياكى پاسىق بولىدۇ.

**ومن لم يحكم بما انزل الله فاولئك هم الكافرون ***

ـ «كىمكى الله نازىل قىلغان شەرىئەت بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزمىسە، ئۇنداقتا ئۇلار كاپىرلاردۇر». 5:44

**ومن لم يحكم بما انزل الله فاولئك هم الظالمون ***

ـ «كىمكى الله نازىل قىلغان شەرىئەت بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزمىسە، ئۇنداقتا ئۇلار زالىملاردۇر». 5:45

**ومن لم يحكم بما انزل الله فاولئك هم الفاسقون ***

ـ «كىمكى الله نازىل قىلغان شەرىئەت بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزمىسە، ئۇنداقتا ئۇلار پاسىقلاردۇر». 5:47

ئىسلامنى تەتبىق قىلىش مەسئۇلىيىتىنى بويىنىغا ئېلىپ، ئۆزلىرىگە اللەنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتى بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈش ئۈچۈن بىر ھاكىمنى سايلاپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆۋەندىكى مۇلاھىزەلەرگە ئېتىبار بېرىشلىرى مەقسەتكە مۇۋاپىقدۇر.

بىرىنچىدىن: مادامىكى، ئىسلامنى تەتبىق قىلىش ياكى قىلماسلىق ھاكىمنىڭ قولىدا بولسىلا، ئۇنى مۇھاسىبە قىلىش



يەنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش زۆرۈر. ئۇنى سايلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرى ئۇنى مۇھاسىبە قىلىشى كېرەك. مۇسۇلمانلار سايلىماي ھاكىمىيەتنى زورلۇق بىلەن ئېلىۋالغاندىمۇ شۇنداق بولىدۇ. بۇ ھالەت ھاكىمنى دۈشمەن تەيىنلىگەن ياكى كۈچ بىلەن ئۆزىنى ھاكىم دەپ ئېلان قىلغاندا كۆرۈلىدۇ. ھاكىم زۇلۇم ياكى پاسىقلىق قىلغىنىدا مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچى يەتسە قولى بىلەن يەتمىسە، تىل بىلەن، بۇنىڭغىمۇ ئىلاج يەتمىسە دىلى بىلەن مۇنداق زۇلۇمنى ئۆزگەرتىشكە ھەرىكەت قىلىشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «كىمكى مۇنكەر ئىشنى كۆرسە، ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن، قادىر بولالمىسا تىلى بىلەن بۇنىڭغىمۇ ئىمكانىيەت بولمىسا دىلى بىلەن لېكىن بۇنىسى زەئىپ ئىماندۇر». ئەمما ھاكىم كۇفرىغا بارسا، ئۇنى قورال بىلەن ئۆزگەرتىلىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمانلارغا كاپىرنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

**يوم القيامة ولن يجعل الله للكافرين علي المؤمنين سبيلا***

ـ «الله ھېچقاچان كاپىرلارغا مۆئمىنلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا يول قويمايدۇ». 4:141

ھاكىمنىڭ كۇفرىغا بېرىشى ئىسلامى ھايات ئۈچۈن تۇزۇم بولۇشقا يارامىلىق ئەمەس دەپ ئېتىقاد قىلىشىدىن دۇر. بۇنداق ھالەتتە ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش، بويسۇنۇش جائىز ئەمەس. الله تەئالا زالىملار بىلەن دوست بولۇشتىن، ئۇلارغا يۆكۈنۈش ۋە سۆيىنىشتىن قايتۇرىدۇ. الله تائالا ئېيتتى:

**ولاتركنوا الي الذين ظلموا فتمسكم النار وما لكم من دون الله من اولياء ثم لاتنصرون ***

ـ «زۇلۇم يولىنى تۇتقان ئادەملەرگە بېرىلىپ كەتمەڭلار (ئېگەشمەڭلار) ئەكسى ھالدا سىلەرگە دوزاق ئوتى يېتىدۇ.

سىلەر ئۈچۈن اللەدىن باشقا بىرەر دوست يوقتۇر. كېيىن (يەنى زالىملارغا ئەگەشسەڭلار) سىلەرگە ياردەم بېرىلمەيدۇ». 11 : 113.

اللە نازىل قىلغان شەرىئەتتىن باشقا قانۇنلار بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزگەن ھاكىم اللەقا قارشى چىققۇچى، ئىسيان قىلغۇچىغا ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇش جائىز ئەمەس. دوست بولغانىنىڭ ئۆزى مۆئمىن ئەمەس. اللە تەئالا ئېيتىدۇ:

**لاتجد قوما يوٴمنون بالله واليوم الاخر يوادون من حاد الله ورسوله ولو كانوا اباٴهم او ابناٴهم او اخوانهم او عشيرتهم اولئك كتب في قلوبهم الايمان وايدهم بروح منه ويدخلهم جنات تجري من تحتها الانهار خالدين فيها رضي الله عنهم ورضوا عنه اولئك حزب الله الا ان حزب الله هم المفلحون ***

-«اللەقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان قەۋمنىڭ اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىزغان سىزىقتىن چىققان ئادەملەر بىلەن -، گەرچە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاتىلىرى ياكى ئوغۇللىرى ياكى ئاكا-ئۇكىلىرى، ياكى قېرىنداش ئۇرۇق تۇققانلىرى بولسىمۇ- دوستلىشۋاتقانلىقىنى كۆرمەيسىز. ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىغا (اللە) ئىماننى پۈتۈپ قويغاندۇر ۋە ئۇلارنى ئۆز تەرىپىدىن بولغان روھ - قۇرئان بىلەن قۇۋۋەتلەندۇرگەندۇر. ئۇ زات ئۇلارنى ئاستىدىن دەريالار ئېقىپ تۇرىدىغان، ئۇلار مەڭگۈ قالىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ. اللە ئۇلاردىن رازى بولدى ۋە ئۇلارمۇ (اللەدىن - ئۇزات بەرگەن ئەجىر مۇكاپاتلاردىن) رازى بولدى. ئەنە شۇلار اللەنىڭ ھىزبى دۇر. ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئەلۋەتتە اللەنىڭ ھىزبى (بولغان زاتلارلا) نىجات تاپقۇچىدۇر». 58 : 22.

اللە نازىل قىلغاندىن باشقا قانۇنلار بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزگەن ھاكىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى تۇتمايدۇ.



رەسۇلى كەرىم ئۆزى ئېلىپ كەلگەن يولنى تۇتمىغان ھاكىمنى زالىم ۋە يالغانچى دەپ سۈپەتلەپ، ئۇنى تەستىقلاش ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشتىن ئېھتىيات قىلىشقا چاقىرىغان، چۈنكى ئۇنى تەستىقلاش ۋە ياردەم بېرىشتە زۇلۇمنىڭ تەرىپىنى ئېلىش مەۋجۇتتۇر. ھەدىستە كېلىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەئبىبنى ئۇجرىغا شۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئى كەئبىبنى ئۇجرە، اللە ساڭا پەسكەشلەرنىڭ ئەمىرلىكىدىن پاناھ بەرسۇن». دېدىكى، پەسكەشلەرنىڭ ئەمىرلىكى قانداق بولىدۇ؟ ئېيتتىكى: «مەندىن كېيىن مېنىڭ يولۇمنى تۇتمايدىغان ئەمىرلەر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ يالغىنىنى تەستىقلىغان ۋە زۇلۇم قىلىشىغا ياردەم بەرگەن كىشىلەر مەندىن ئەمەس. مەنمۇ ئۇلاردىن ئەمەسمەن. ئۇلار مېنىڭ ھەۋزىمدىن سۇ ئىچىشكە كېلەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ يالغانلىرىنى تەستىقلىمىغان ۋە زۇلۇم قىلىشىغا ياردەم بەرمىگەن ئادەملەر بولسا، مەندىندۇر. ۋە مەنمۇ ئۇلاردىندۇرمەن. ۋە ئۇلار مېنىڭ ھەۋزىمگە سۇ ئىچكىلى كېلىدۇ. ئى كەئبىبنى ئۇجرە روزا قالقاندۇر. سەدىقە خاتانى ئۆچۈرىدۇ. ناماز بولسا اللەقا يېقىنلىقتۇر (يەنە بىر خەۋەردە ھۆججەتدۇر دېدى). ئى كەئبىبنى ئۇجرە ئادەملەر ئىككى تائىپە بولىچىدۇر، ئۆزىنى سېتىپ ئېلىپ ئازاد قىلغۇچىلار ۋە ئۆزىنى سېتىپ ھالاك قىلغۇچىلاردۇر». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىشىچە بۇنداق ھاكىم زالىم ۋە كاززاپدۇر. كىمكى ئۇنىڭدىن ئۆزىنى سېتىپ ئالسا، ئۆزىنى دوزاقتىن ئازاد قىلىدۇ. كىمكى ئۇنىڭغا ئۆزىنى ساتسا، ئۆزىنى ئۆزى ئازابقا گىرىپتار قىلىدۇ. بۇنداق ھاكىم بىلەن دوست بولۇش ناجائىزلا ئەمەس، ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا قول قوشتۇرۇپ ئۈندىمەي ئولتۇرۇشمۇ مۇمكىن ئەمەسدۇر. چۈنكى،

بارمىغان) : «قىيامەت كۈنى بولغاندا، ئادەملەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ قېشىدا قىرىق يىل تەرگە پېتىپ، يالاڭ ئاياق ، يالىڭاچ كۆزلىرىنى ئاسمانغا تىكىپ تۇرىدۇ. قىرىق يىل الله ئۇلار بىلەن سۆزلەشمەيدۇ، ئۇلارغا قارىمايدۇ كېيىن بىرىنىدا كىلىدۇ! رەببىڭلار سىلەرنى ياراتتى سىلەرگە سۈرەت بەردى، جېنىڭلارنى ئالدى ۋە يەنە قايتا تىرىلدۈردى. سىلەر بولسا، اللەدىن باشقىغا ئىبادەت قىلدىڭلار، ئەمدى رەببىڭلار ئاشۇ مەئبۇدلىرىڭلارنى ئۇزلىرىڭلارغا باشلىق قىلىپ قويسا، ئادالەت ئەمەسمۇ؟ ئۇلار «ھە» .— دەيدۇ. ھەربىر قەۋم اللەدىن باشقا بىرنەرسىگە ئىبادەت قىلغان بولسا، ئاشۇ نەرسە ئۇلارغا باشلىق قىلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇكىشىلەر ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ، ھەتتا ئۇ. ئۇلارنى دوزاققا ئاتىدۇ» . ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد بۇ ھەدىسنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىمىغان بولسا، دېمىگەن بولاتتى. چۈنكى ئۇ غەيىپ ئىشلاردىندۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ اللەدىن باشقىغا دوست بولۇپ، ئۇنىڭغا سۆيۈنىشى، سىغىنىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار قىيامەت كۈنىدە ئۆزلىرىگە پايدا زىيان كەلتۈرۈشتىن ئاجىزدۇر. الله تائالا بۇنداق ھاكىملارنى دوست تۇتۇشتىن قاتتىق قايتۇرۇپ بىر مىسال كەلتۈرىدۇ. الله تەئالا ئېيتىدۇ:

مثل الذين اتخذوا من دون الله اولياء كمثل العنكبوت اتخذت بيتا وان اوهن البيوت لبيت العنكبوت لو كانوا يعلمون * ان الله يعلم ما يدعون من دونه من شيء وهو العزيز الحكيم * وتلك الامثال نضربها للناس وما يعقلها الاالعالمون *

—«اللەدىن باشقىنى دوست تۇتقان ئادەملەرنىڭ مىسالى خۇددى (ئۆزى ئۈچۈن) ئۆي قۇرۇپ ئېلىپ، (ئاشۇ ئۆيدىن پاناھ



ئىستىگەن) ئۆمۈچۈككە ئوخشايدۇ. ئەلۋەتتە ئۆيلەرنىڭ ئاجىزى ئۆمۈچۈك ئۆيىدۇر. ئەگەر ئۇلار بىلسە ئىدى، (ئۆمۈچۈك ئۆيىگە ئوخشاش ئاجىز بۇدلاردىن پاناھ ئىزدىمىگەن بولاتتى). شەك شۈبھىسىز، الله ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قويۇپ، ئىلتىجا قىلىدىغان بۇدلىرىنى بىلىدۇ. ئۇ قۇدرەت ۋە ھېكمەت ئىگىسى بولغان زاتتۇر. ئۇشبۇ مىساللارنى بىز ئادەملەر ئىبرەت ئالسۇن ئۈچۈن ئېيتىمىز (لېكىن) ئۇلارنى پەقەت ئىلىم ئىگىلىرىلا بىلەلەيدۇ» 29 : 41_43 .

ئۈچۈنچىدىن: بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىملىرى پەرۋەردىگارىنىڭ شەرىئىتىنى تەرك قىلدى، ھارامغا يول بەردى. ئۆزلىرىمۇ ھارام ئىشلارنى قىلدى.

بۇنىڭ بىلەن ھاۋايى نەپسلىرىنى قاندۇردى. اللەنىڭ ھىدايىتىگە يۈزمەي ھاۋايى نەپسىگە ئەگەشكەن كىشىدىنمۇ ئازغان كىم بار؟! شەددادىبنى ئەۋس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «نەپسىنى بويسۇندۇرۇپ، ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھايات ئۈچۈن ئەمەل قىلغان كىشى زىرەك ئادەمدۇر ھاۋايى .نەپسىگە ئەگىشىپ، يەنە اللەدىن ئۈمۈد قىلىۋاتقان كىشى فاجىردۇر» .

دېمەك ھاۋايى نەپسىگە ئەگىشىش ئۇنى ئۆزىگە خۇدا قىلىۋېلىش دېمەكتۇر. چۈنكى ئىبادەت ئىتائەت دېمەكتۇر. نەپسىگە ئىتائەت قىلىش ئۇنىڭغا قىلغان ئىبادەتتۇر. الله تەئالا ئېيتىدۇ:

افرايت من اتخذ الهه هواه واضله الله علي علم وختم علي سمعه وقلبه وجعل علي بصره غشاوة فمن يهديه من بعد الله افلا تذكرون *

—«(ئى مۇھەممەد)، ھاۋايى نەپسىنى ئۆزىگە «ئىلاھ» قىلىۋالغان ۋە الله ئۇنى ئۆزى بىلگەن ھالدا يولدىن ئازدۇرۇپ،



www.uyghurkitap.com

قۇلاق ۋە كۆڭلىنى پېچەتلەپ، كۆز ئالدىغا پەردە تارتىپ قويغان ئادەمنى كۆرگەنمۇ سىز؟ ئۇنداقتا ئۇنى اللە (يولدىن ئازدۇرغان) دىن كېيىن كىم ھىدايەت قىلالايدۇ؟! نېمىشقا نەسىھەت ئىبرەت ئالمايسىلەر!». 45:23 بۇ ئايەتنى تەپسىر قىلىپ، ئىكرىمە شۇنداق دەيدۇ: «يەنى ئۆزى خالىغان ۋە ياخشى دەپ بىلگەن نەرسىنى ئىبادەت قىلىدىغان ئىلاھ قىلىۋالغان ئادەمنى كۆرمەمسىز، بىر نەرسىنى ياخشى دەپ بىلسە، خالىسا ئۇنى ئۆزىگە اللە قىلىۋالىدۇ».

ئەبۇ ئۇمامە ئېيتىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق دېگەنلىرىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «ئاسمان ئاستىدا (يەنى دۇنيادا) ئىبادەت قىلىنىدىغان مەئبۇدلارنىڭ ئىچىدە اللەقا ئەڭ ياقمايدىغىنى - ھاۋايى نەپسىدۇر». اللە تەئالا ئېيتىدۇ:

ولاتتبع الهوي فيضلك عن سبيل الله*

- «ھاۋايى نەپسىگە ئەگەشمەڭ، ئەگەشسىڭىز ئۇ سىزنى اللەنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇپ قويىسۇن». 38:26

شۇنىڭ ئۈچۈن ھىدايەتسىز، اللە تەرىپىدىن بىر ھۆججەتسىز ھاۋايى نەپسىگە ئەگىشىش ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «ئۈچ نەرسە ھالاك قىلغۇچىدۇر ۋە ئۈچ نەرسە نىجاتلىق بەرگۈچىدۇر، ھالاك قىلغۇچىلار ئىتائەت قىلىنىدىغان بېخىللىق ئەگىشىدىغان ھاۋايى - نەپسى ۋە كىشىنىڭ ئۆزىدىن پەخىرلىنىشىدۇر. نىجات بەرگۈچىلەر بولسا، زاھىرىدا ۋە باتىنىدا اللەدىن قورقۇش، بايلىقتا ۋە كەمبەغەللىكتە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، خوشال بولغان ۋە غەزەپلەنگەن ھالەتتە ئادالەتلىك بولۇشدۇر».

ھۆكۈمدارلار ر ھۆكۈمدارلىقنى ساقلاپ قېلىش يولىدا



اللەنىڭ شەرىئىتىنى تەرك قىلىش ۋە ئىسلام تۈزۈمىنى بۇزۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ قالماي، ئىسلامى دەۋەتنىڭ ئىككى ئۈزۈۋى تەرىپى بولغان پىكرى ۋە سىياسىي كۆرەش يولىدىن مېڭىپ، ئىسلامىي ھاياتنى قايتا تىكلەش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ يولىنى توسۇپ، اللەنىڭ يولىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. چۈنكى پىكرىي كۆرەش يولى بىلەن دەۋەت ئىشىنى ئېلىپ بېرىش بۇ ھۆكۈمدارلار ھاكىمىيەتلىرىنىڭ ئاساسى بولغان پىكىرلىرى، چۈشەنچىلىرى ۋە قانائەتلىرىنىڭ ساقتالىقىنى ئېچىپ تاشلايدۇ ۋە ئاخىرقى ئاقىۋەتتە ئۇلارنى پارچىلىنىشقا ئېلىپ بارىدۇ. سىياسىي كۆرەش بىلەن دەۋەت ئىشىنى ئېلىپ بېرىش بولسا، ھاكىمىيەتلەرنىڭ ياۋۇزلۇقلىرىنىلا ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئۆز خەلقىگە قىلىۋاتقان سىياسىي نەيرەڭ ۋازلىقلىرىنىمۇ پاش قىلىدۇ. ھۆكۈمدارلار ر اللەنىڭ يولىدىن، يەنى شەرىئىتىدىن توسۇش بىلەنلا كۇپايىلەنمەيدى. ئۇلار بۇ يولنى توغرىلىقتىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئەگرى - بۈگرى، قىڭغىر-سىڭغىر يولغا ئايلاندۇرماقچى بولدى. مەيلى سوتسىيالىزم مەيلى كاپىتالىزم دېموكراتىيە مەيلى ئەرەپ ياكى تۈرۈك مىللەتچىلىكىگە ئوخشاش يوللارنى ئېلىشتۇرۇۋەتكەن تۈرلۈك خىل چۈشەنچىلەرنى كىرگۈزدى. اللە تەئالا ئېيتىدۇكى:

وان هذا صراطي مستقيما فاتبعوه ولا تتبعوا السبل فتفرق بكم عن سبيله*

- «ئەلۋەتتە ئەنە شۇ مېنىڭ يولۇمدۇر. ئۇنداقتا شۇ يولغا ئەگىشىڭلار! باشقا يوللارغا ئەگەشمەڭلار. ئۇلار سىلەرنى اللەنىڭ يولىدىن ئۈزۈپ قويىدۇ». 6:153

بۇنداق ھاكىملارغا اللە ئۆز كىتابىدا لەنەت قىلغان:

فاذن موءذن بينهم ان لعنة الله علي الظالمين * الذين يصدون عن

سبيل الله ويبغونها عوجا وهم بالاخرة كافرون *

-«شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرلىرىدا! بىر جارچى : «اللەنىڭ يولىدىن توسىدىغان ۋە ئۇنى بۇزۇشنى ئىزدەيدىغان، ئۆزلىرى ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان زالىملارغا اللەنىڭ لەنىتى بولغاي»-دەپ جارسالىدۇ» . 45_44 : 57

بۇ ھاكىملار-ئۇ ئاخىرەتنى دۇنيالارغا سېتىپ، ئادىشىپ ھالاك بولىدۇاتقان ئىكەن نېمىشقا ئەمدى بىز ئۇلارنىڭ ئارقىدىن مېڭىپ ئۇلارنى دەپ ئۆزىمىزنى ھالاكەتكە تاشلىشىمىز كېرەك ئىكەن؟ ئاخىرى بىز زالىمنىڭ ھاۋايى. نەپسىنى دەپ ئۆزىنىڭ ئاخىرىتىنى ئۆزگىنىڭ دۇنياسىغا سېتىۋاتقان ئادەمنىڭ ئەڭ ئەخمەق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمىزغۇ!

تۆرتىنچىدىن: اللەنىڭ يولىنى توسۇشتا ۋە بو يولنى ئېلىشتۇرۇۋېتىشتە ھۆكۈمدارلار ر يالغۇز ئەمەس، بۇ ئىشتا ئۇلارنىڭ سەلتەنەت ئۇستۇنلىكىنى ئىكلەپ بەرگەن ئادەملەر، ئەسكەرلەر، ھەممە يەردە ھازىر ۋە نازىر بولغان جاسۇسلار، ناھەق ھۆكۈم يۈرگۈزىدىغان قازىلارمۇ ئۇلار بىلەن بىللەدۇر. سەلتەنەتنىڭ باشلىرى بولغان ئۈممەت ۋەكىللىرى مەسلىھەت مەجلىسى، خەلق قۇرۇلتىيى ياكى مىللىي يىتەكچىلىك، مەملىكەت يىتەكچىلىكىگە ئوخشاش تۈرلۈك ھەرخىل ناملار ئاستىدا ھاكىملار چىقارغان قانۇن قائىدىلەر بىلەن كېلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا شەرئى تامغۇلارنى بېسىشتۇرۇپ، ئۇ (ھاكىم) لارنى ئۈممەتنىڭ خاھىش ئىستىكىنى بىجىرىۋاتقان قىلىپ كۆرسەتمەكتە.

قوغدۇغىچىلار بولسا، ئۇلارنى ھىمايە قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ زۇلمىدىن خالاس بولۇشقا ئىنتىلىۋاتقانلارنى يەنجىدىغان مەخسۇس



www.uyghurkitap.com

كۆچلەردۇر ئۇلار مىللەتنى قوغداش ۋە مەملىكەتنى تىنچ ساقلاشتىن كۆرە كۆپرەك ھاكىملارنىڭ تىنچلىقىنى ساقلايدۇ. ئەسكەرلەر ئۇلارنىڭ يالغانلىرىنى تەستىقلايدۇ. ساقچىلار بولسا، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىشتا ياردەملىشىدۇ. بۇ ئىككى تائىپە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزار بولۇپ ئېيتقانكى: «ئى، كەئبىبنى ئۇجرە، الله ساڭا پەسكەش ئەمىرلەرنىڭ ئەمىربولۇپ قېلىشىدىن پاناھ بەرسۇن. دېدىكى، پەسكەشلەرنىڭ ئەمىرلىكى قانداق بولىدۇ؟ ئېيتتىكى، مەندىن كېيىن مېنىڭ يولۇمنى تۇتمىغان ئەمىرلەر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ يالغانلىرىنى تەستىق قىلمايدىغان ۋە زۇلۇم قىلىشىغا ياردەم بەرمىگەن ئادەملەر مەندىندۇر. ۋە مەنمۇ ئۇلاردىندۇرمەن ۋە ئۇلارمىنىڭ ھەۋزىمگە چۈشىدىغانلار. ئى كەئبىبن ئۇجرە، رۇزا قالقاندۇر، سەدىقە خاتانى ئۆچۈرىدۇ، ناماز بولسا اللەغا يېقىنلىقدۇر. (يەنى بىر رىۋايەتتە ھۆججەتتۇردېدى) . ئى كەئبىبن ئۇجرە، ئادەملەر ئىككى تائىپە يۈلىچىلاردۇر. ئۆزىنى سېتىپ ئېلىپ، ئۇنى ئازاد قىلغۇچىلار ۋە ئۆزىنى سېتىپ ئۆزىنى ھالاك قىلغۇچىلاردۇر».

جاسۇسلار بولسا، خاندانلار، ئىشخانىلاردا، بازارلاردا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىلىرىغا كىرىپ، ئاخبارات توپلايدىغان، الله يولىدا دەۋەت قىلىۋاتقانلار ئىزىدىن ئايغاقچىلىق قىلىدىغان ۋە يەنە ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەپ ھېساپلايدىغان ئادەملەردۇر. ئۇلار الله تەئالانىڭ ئۇشبۇ ئايىتىنى چۈشەنمەمدۇ؟! :

فاذن موءذن بينهم ان لعنة الله علي الظالمين * الذين يصدون عن سبيل الله ويبغونها عوجا وهم بالاخرة كافرون *

-«شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا! بىر جارچى: «اللەنىڭ يولىدىن توسىدىغان ۋە ئۇنى بۇزۇشنى ئىزدەيدىغان، ئۆزلىرى ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان زالىملارغا اللەنىڭ لەنىتى

بولغاي»-دەپ جار سالىدۇ» . 7:44-45. اللە ئۇلارغا ئۆزىنىڭ
ئېزىز كىتابىدا يامان ئاقىۋەتنى ۋەدە قىلغان:

**ولاتقعدوا بكل صراط توعدون وتصدون عن سبيل الله من امن به وتبغونها عوجا واذكروا اذ كنتم قليلا فكثركم وانظروا كيف كان عاقبة المفسدين ***

-«ھەركۈچىدا (كىشىلەرنى) قورقۇتۇپ ۋە اللەغا ئىمان كەلتۈرگەن زاتلارنى ئۇنىڭ يولىدىن توسۇپ، ھەمدە ئۇ يولنى بۇزۇشقا ھەرىكەت قىلىپ ئولتۇرماڭلار! ئازچىللىق (يەنى، كۈچ-قۇۋۋەتسىز، ناچار) بولغان چېغىڭىزدا سىلەرنى كۆپ قىلغىنىنى (يەنى كۈچ-قۇدرەتلىك، ئەزىز قىلغىنىنى) ئەسلەڭ ۋە بۇزغۇنچى ئادەملەرنىڭ ئاقىۋىتى (قىسمىتى) قانداق بولغىنىنى كۆرۈڭ» . 7:86. زالىم قازىلار بولسا، ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتۇپ، ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان ھېساپلىغان ھالدا ئۇلارنى ۋە باشقىلارنى اللەنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىگە قايتىشقا دەۋەت قىلىۋاتقانلارغا قارشى زالىملارچە ھۆكۈم چىقىرىشتىن قورقمايدىغان ئادەملەردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلار ھەققىدە شۇنداق دېگەن: «قازىلار ئۈچ قىسىمدۇر. ئۇلاردىن ئىككى قىسمى دوزىخىدۇر ۋە بىرلا قىسمى جەننەتتىدۇر. ھەقىقەتنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلغان قازى جەننەتتىدۇر. نادانلىق بىلەن ئادەملەرگە قازىلىق قىلغان ئادەم دوزىخىدۇر. ھەقىقەتنى ئاڭلىغان ھالدا، زالىملارچە ھۆكۈم يۈرگۈزگەن قازىمۇ دوزىخىدۇر» .

ھەربىي مەھكىمىلەرنىڭ قازىلىرى ئىسلامنى قايتا تىكلەشكە دەۋەت قىلىش ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلگەن ھالدا ئىسلامغا قارشى زالىملارچە ھۆكۈم چىقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرەتلىرىنى ئۆزگەلەرنىڭ دۇنيالىرىغا سېتىۋەتتى .



بەشىنچىدىن: ھاكىملار ئىسلامدىن ۋە ئىسلام ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىشتىن يىراقلاشقانلىقى سەۋەبىدىن خەلقنىڭ ئۇلاردىن خالاس بولۇشى ئۈچۈن بىساقەتلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن ۋاقىتلىرىدا ئىسلامىي ئامىمىنىڭ ساددىلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئالداش، كۆز بويامچىلىق قىلىش يوللىرىنى تۇتۇدۇ-دە، قانۇنلارنى ئىسلام شەرىئىتىدىن ئېلىنىشلىرىنى ئېلان قىلىپ، زاھىرىدا ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش ، زىناخورغا دەررە ئۇرۇش، ھاراق خانىلارنى تاقاشقا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىشقا باشلايدۇ. بۇنى كۆرگەن خەلق ئۇلارنىڭ ئىدىنگە شان شەرىپىگە تەبرىك ئېيتىپ قىلغان ئىشلىرى بىلەن ئۇلارنى مۇبارەكلەيدۇ. گۇياكى ئىسلام ئۆزۈمى مانا شۇلارنىلا بېجىرىشتىن ئىبارەتتەك. گۇياكى 14ئەسىر مابەينىدە مۇسۇلمانلار ھاياتىغا ھەكەملىق قىلىپ. ئۇلارنىڭ مۇئامىلىرىنى ھەل قىلىپ كەلگەن ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تەرەپلەرگە ھېچقانداق ئالاقىسى يوقتەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ھاكىملار ئىشلارنى ئەڭ ئاۋۋال شۇنىڭغا ئوخشاش جازلارنى تەتبىق قىلىشتىن باشلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئادەملەرگە - «سىلەر خالاۋاتقان ئىسلام مانا شۇ» - دەپ كۆرسىتىدۇ. كېيىن مۇسۇلمانلار ھېچقانچە ئۆتمەي ئۆزلىرى ياشاۋاتقان يامان ۋاقىتنىڭ ھېچنەرسىسىنى ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنى سېزىدۇ. ئەگەر ئىسلام مانا شۇ بولىدىغان بولسا، ئۇنى تەتبىق قىلىشنى قاتتىق تۇرۇپ تەلەپ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوقكەنغۇ دەپ ئويلايدۇ. شۇچاغدا ئىسلام ئۇلارنىڭ ۋاقتىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، مۇئامىلىرىنى ھەل قىلالمايدۇ ۋە بۇنىڭدىن بۇلار چۈشكۈنلۈككە چۈشۈپ ئەلەم تارتىدۇ. مانا شۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمان خەلقنىڭ ئۆز دىنىنىڭ

ھۆكۈملىرىنى بىلمەسلىكنى ئىبادىلىۋاتقان مانا شۇ ھەبس سەۋەبىدىن ھاكىملار ئەيىبنى راستلاپ راھەتلەنمەكتە.

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ھۆكۈمدارلارنىڭ ھىيلە نەيرەڭلىرى بىلەن ئالدىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ نەيرەڭ ئىشلەتمەيدىغان ئىشلىرىنى كۆزىتىشى لازىم. ئۇلار دۆلەتلەر بىلەن خەلقئارا تەشكىلاتلار ياكى رايون خاراكتېرلىك تەشكىلاتلار بىلەن بولىدىغان سىياسى ئالاقىلىرىدا نەيرەڭ ئىشلىتەلەيدۇ. مەسىلەن، چوڭ دۆلەتلەر بىلەن ئەلچىخانىلىرىنى تەشكىل قىلىشتىكى ئالاقىنى ئالايلى. ئەگەر ئۇلار زاھىرىدا ئۆزلىرىنى ئىسلامنى تەتبىق قىلىۋاتقان قىلىپ كۆرسىتىۋاتقانلىرىدىن كېيىن بۇنداق ئەلچىخانىلارنى قالدۇرسا، ئىسلامغا خىلاپ ئىش تۇتقان بولىدۇ. ئىسلام بۇنداق ئەلچىخانىلارنى مەنئى قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئەجنەبىي رازۋېتكا ئۇيلىرىدۇر. ھەمدە ئايرىم مۇسۇلمان پۇقرالىرىنى ئاشۇ رازۋېتكىغا خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ۋاستىدۇر. بۇ ئىش مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىگىمۇ، مەملىكەتلىرىگىمۇ زىيانلىقدۇر.

بۇ دۆلەتلەر بىلەن ئالاقىنى تەرتىپكە سېلىشتا بىر-بىرىنى چۈشۈنۈش ۋە كېلىپ چىققان مۇئامىلىرىنى ھەل قىلىشتا بىرگە ئىزدىنىش، مۇۋەققەت ئەلچىلىرىنى ئەۋەتىش يولى بىلەن بولىدۇ. مەيلى ئەرەپ بولسۇن، مەيلى ئەجەم ئىسلامىي دۆلەتلەر دەپ ئاتىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن بولىۋاتقان دىپلىماتىك ۋاكالەتخانىلارنى قالدۇرسا چېگرىلار بولىشىغا، ئىچكى ئىشلارغا ئارىلاشماسلىققا رازى بولسا، ئىسلامغا خىلاپ ئىش تۇتقان بولىدۇ. ئىسلام بۇ دۆلەتلەرنى بىرلەشتۈرۈش، ئۇلارنىڭ ئارىلىرىدىكى چېگرالارنى ئېلىپ تاشلاش ئۇلاردىكى ۋەزىيـ



(ئىنسان ئىشلەپ چىققان) ياسالما قانۇنلارنى [illegible] كېيىن چېگرادا ئىسلام ھۆكۈملىرىنى تەتبىق قىلىشنى [illegible] قىلىدۇ. بۇ نەرسە ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلا دۆلەت ۋە بىرلا خەلىپە بىر كىچىلىكى ئاستىغا بىرلىشىش ئۈچۈن زەمىن ھازىرلاپ بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر ئىككى خەلىپىگە بەيئەت قىلىنىدىغان بولسا، ئۇلاردىن كېيىنكىسىنى ئۆلتۈرۈڭلار»، -دېگەن ئىدى. يەنى خەلىپىلىككە شەرئەن لاياقەتلىك بولغان بىر كىشىنىڭ خەلىپە بولۇپ سايلانغان ھالدا، يەنى بىر كىشى ئۆزىنى خەلىپە دەپ ئېلان قىلسا، مادامىكى، ئاۋۋالقى خەلىپە مەۋجۇت بولسا، بۇنىڭغا قارشى كۆرەش قىلىش ۋاجىب. ب د ت بىلەن بولغان ئالاقىنى ئالايلى. ب د ت نىڭ قانۇنلىرى ئىسلامنىڭ خەلقئارا قانۇنلىرىغا زىت بولغان تۇرۇقلۇق ئۇلارغا بويسۇنۇپ ئۇنىڭغا ئەزا بولۇپ، قېلىۋېرىسە ئىسلامغا زىت ئىش قىلغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ چىقارغان قانۇنلىرى ئىسلامغا ئاساسلانمىغان بولىدۇ. ب د ت چوڭ دۆلەتلەرنىڭ، خۇسۇسەن، ئامېرىكىنىڭ قولىدىكى قورالدۇر. ئۇلار بۇ قورال بىلەن كىچىككىنە دۆلەتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ مەقسەتلىرىگە بويسۇندۇرىدۇ. ئۇنداقتا ب د ت بۇ دۆلەتلەرگە بويسۇنسا، ئۇلارنىڭ سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قورال بولۇپ خىزمەت قىلسا، ئىسلامغا زىت قانۇنلار بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزسە، ئۇنىڭغا ئەزا بولۇش جائىز ئەمەس. تاكى ئىسلام دەۋىتى ئۈچۈن مۇنبەر بولۇشقا لايىق بولغانغا قەدەر. ئەرەپ دۆلەتلىرى بىرلەشمىسىگە ئوخشاش رايون خاراكتېرلىك تەشكىلاتلار بىلەن بولغان ئالاقىلىرىنى ئالايلى. بۇنداق تەشكىلاتلارغا ئەزالىق قىلىشنىڭ مەنىسى بۆلۈنمىچىلىكنى ۋە ئىسلامىي دۆلەت دەپ

ئاتالغان دۆلەتلەرنىڭ بىر نەچچە بولۇپ قېلىشىنى مۇستەھكەملەشتۇرۇش ھەمدە ئىسلام مىللىتىنى تارقاق ھالدا قىلىشقا رازى بولۇش دېمەكتۇر. ئۇممەت ئۆز ھاكىملىرىنى ئىقتىسادى ھاياتقا دائىر ئىشلىرىنىمۇ كۆزىتىپ، قانچىلىك ئىسلامغا يېقىنلىقىنى ياكى ئىسلامدىن ئۇزاقلىقىنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشى لازىم. بانكىلارغا قارىساڭلار، بانكا سىستېمىسى شېرىكچىلىك جەمئىيىتى بولۇشتا ئىسلامى شىركەت بولۇشى تەرەپكە ئۆزگەردىمۇ؟ شەرئەن جائىز بولمىغان مۇئەسسە بولىشى ئۇچۇن ئۇنىڭدا شېرىكلىكنىڭ ئىسلامى شەرتلىرى تولۇق بارمۇ؟ قەرز سىستېمىسى جازانىخورلۇق مۇئامىلىسىدىن شەرئەن جائىز بولمىغان مۇئامىلە تەرىپىگە ئۆزگەردىمۇ؟ ئۆزلىرىنى شەرىئەتكە رىئايە قىلىۋاتقان قىلىپ كۆرسىتىۋاتقان ھاكىملار مەملىكەتلەردە ئەجنەبىي ماللىرىنىڭ كۆپىيىشكە ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ماللىرى ئەجنەبى مەملىكەتلىرىدە كۆپىيىشكە يول قويدىمۇ، ياكى ئۇنداق ئەمەسمۇ؟ خەلقىنىڭ باشقا مەملىكەتلەردىن ئېلىپ كېلىۋاتقان سودا ماللىرىدىن باج ئېلىشنى تەرك قىلدىمۇ، ياكى ئىسلام ھارام قىلغان بۇ ئىشنى ھامان داۋام قىلىۋاتامدۇ؟

پۈتۈن ئۇممەتنىڭ مۈلكى بولغان، نېفىت، ئالتۇن، تۆمۈر، تاش كۆمۈر، فوسفور ۋە باشقا قېزىلما بايلىقلار ئۇممەتنىڭ ئۆزى كۆزىتىشى كېرەك. ھاكىملار بۇ كانلارنى ئەجنەبىي شىركەتلەرنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇپ قويغان. خوش، ھاكىملار بۇ كانلارنى ئىسلام تۈزۈمى تەقەززا قىلغاندەك مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىسىغا خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۆز قۇلاق بولۇپ تۇرۇۋېتىمۇ ياكى ئۇلار ھامان ئاشۇ شىركەتلەرنىڭ قوللىرىدىمۇ؟

بۇلار ئازلا مىساللاردۇر، مۇسۇلمانلار ئۇلارنى كۆزىتىشى



بىلەن ھاكىملارنىڭ ئىسلام ھۆكۈملىرىگە ئەمەل قىلىشىدا قانچىلىك سادىق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىدۇ. ئوغرىلارنىڭ قولىنى كېسىش، زىناخورلارغا دەررە ئۇرۇشقا ئوخشاش يۈزەكى ئىشلار بىلەن ئالدىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى كۆزىتىشى لازىم.

ئالتىنچىدىن: بىز مۇسۇلمانلار ئىسلامنى تەتبىق قىلىش سايىسىدا بۇ دۇنيادا قىلغان جىنايەتلىرىمىزگە يارىشا ئىسلامىي جازالىناش ئاللەنىڭ مەرھەمىتى بىلەن ئاخىرەت ئازابىدىن ئازاد بولىمىز. لېكىن ئىسلامنى تەتبىق قىلمىساق، ئىسلامى جازالارنى قوللانمىساق، ئاخىرەتتىكى ئازابىدىن ئازاد بولالمايمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللەغا ھېچنەرسىنى شېرىك قىلماسلىققا، ئوغرىلىق، زىناخورلۇق قىلماسلىققا، قوللىرىڭلار ۋە ئاياقلىرىڭلار ئارىسىدا بۆھتان قىلماسلىققا ماڭا بەيئەت قىلالامسىلەر؟ كىمكى بۇ ئىشلاردىن بىرەرسىنى قىلسا ۋە ئۇنىڭغا يارىشا جازالانسا، جازالانغان جازاسى جىنايىتىگە كاپپارەتتۇر. كىمكى جازالانماي قالسا، ئۇنىڭ ئىشى ئاللەغا ھاۋالە. خالىسا ئازابلايدۇ. خالىسا كەچۈرىدۇ».

مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئاللە نازىل قىلغان نەرسىلەر بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزمىگەنلىكى سەۋەبىدىن ئاخىرەتتىكى ئازابىدىن ئازاد بولماي قېلىشىدىنمۇ چوڭراق زىيان بولىشى مۇمكىنمۇ؟ ئاخىرى ئۇلاردىن بىرەرسى بىر جىنايەتنى قىلىپ قويسا، كېيىن ئاخىرەت ئازابىدىن قورقۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «يا، رەسۇلۇللاھ مېنى پاكلاڭ! دېگەن! مائىز ئىسىملىك ساھابە ۋە غامىدىيە قەبىلىسىلىك بىر ئايال شۇنداق قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مائىزنى تاش كېسەك قىلىشقا بۇيرۇغاندىن كېيىن: «ئاللەغا قەسەمكى، ئۇ ئەلۋەتتە جەننەتنىڭ ئۆستەڭلىرىدە سۇ

ئۇزۇپ يۈرۈدۇ» . ــ دېگەن ئىدى. غامىدىيەلىك ئايال تاش كېسەك قىلىنغىنىدىن كېيىن بولسا: «بۇ ئايال شۇنداق تەۋبە قىلدىكى، ئۇنىڭ تەۋبىسىنى تەقسىملىسەك پۈتۈن مەدىنە ئەھلىگە يېتىدۇ! » ــ دېگەن ئىدى. يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئەگەر مەكس (جاھىلىيەتتە بازاردىن يېغىپ ئېلىنىدىغان باج) يىققۇچى شۇنداق قىلغىنىدا كەچۈرۈلەر ئىدى» . ــ دېگەن ئىدى.

مادامىكى، اللەنىڭ ھەدلىرىدىن (جازالىرىدىن) بىرىنى قوللىنىشتا قىرىق كۈن ياققان يامغۇرنىڭ ياخشىلىقى مۇجەسسەم ئىكەن، ئۇنى تەرك قىلىشتا شۇنچىلىك ياخشىلىقنى قولدىن بېرىش مەۋجۇت. ياللە، ئۇ ھالدا اللەنىڭ ھەممە ھەدلىرىنى تەرك قىلىش، قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈش، ئىسلام تۈزۈمىنى چەتكە قېقىشنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولاركىن؟ ! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «يەر يۈزىدە بىرلا ھەدنىڭ قوللىنىلىشى يەر ئەھلى ئۈچۈن قىرىق كۈن يامغۇردىنمۇ ياخشىراقدۇر» .

مادامىكى، ئىسلام ھۆكۈملىرىنى قوللاش ۋە ئۇلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا جەمئىيەتنى زالالەتتىن ساقلاش، مال-دۆلەتنىڭ زايا بولۇشتىن مۇھاپىزەت قىلىش، پىكىر قاراشلارنى بىرلەشتۈرۈش مەۋجۇد ئىكەن، ئىسلام ھۆكۈملىرىنى چەتكە سۈرۈش ۋە ئىشلارنى ئىسلامدىن باشقا نەرسە بىلەن باشقۇرۇشتىن اللە ھارام قىلغان بۇزۇقلۇقلارنىڭ يېيىلىشىغا، مال-دۆلەتنىڭ سورۇلۇپ، نا شەرئى يوللاردا سەرپ بولۇپ ئايرىم شەخسلەرنىڭ باشقىلارنىڭ ھېسابىغا بېيىشىغا مۇسۇلمانلار بىرلىكىنىڭ پارچىلىنىشىغا، ۋە ئاقىۋەت، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن دۈشمەننىڭ ھۆكۈمران بولۇپ قېلىشىغا يول ئېچىلىدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئېيتقانكى: «ئاراڭلاردا بەش



نەرسە پەيدا بولۇپ قالغاندا ھالىڭلار نېمە بولاركىن؟ بۇ بەش نەرسىنىڭ ئاراڭلاردا پەيدا بولۇپ قېلىشى ياكى ئۇنىڭغا ئۆزۈڭلارنىڭ يېتىپ بېرىشىڭلاردىن اللە پاناھ بەرسۇن! 1. قاچانكى بىر قەۋمدەپاھىشە ئىشى ئوچۇق قىلىنسا ئۇنىڭغا ئەزەلدىن بولمىغان كېسەللەر، ئەزىيەتلەر مەيدانغا كېلىدۇ. 2. زاكاتنى مەنئى قىلغان قەۋم ئاسماندىن يامغۇرنى مەنئى قىلىدۇ. ئەگەر چارۋىلار بولمىسا ئۇلارغا مۇتلەق يامغۇر يەتمىگەن بولاتتى. 3. تارازۇ ۋە ئۆلچەمدە ھىلە قىلىدىغان قەۋم تىرىكچىلىكنىڭ قىيىنچىلىقى ۋە سۇلتاننىڭ زۇلۇمىغا دۇچار بولماي قالمايدۇ. 4. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمىرلىرى اللە نازىل قىلغان شەرىئەتتىن باشقا قانۇنلار بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزىدىكەن، ئۇلارغا دۈشمەنلىرى ھۆكۈمدار بولماي ۋە قوللىرىدىكى بەزى نېمەتنى يوقاتماي قويمايدۇ. 5. اللەنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى چەتكە قاقىدىكەن، اللە ئۇلارنى ئۆزلىرى بىلەن ئۆزلىرى ئاۋارە بولۇپ قىلىش بالاسىغا گىرىپتار قىلماي قويمايدۇ» .

ئاڭلىق، تەنقىدى كۆز بىلەن قارايدىغان ئادەم جەمئىيىتىمىزگە چوڭقۇر نەزەر سالسا، ئۇنىڭدىكى ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ شەنىگە توغرا كەلمەيدىغان تۈرلۈك بۇزۇقچىلىقلارنىڭ مەيدانغا كېلىۋاتقانلىقى ئىسلام ھۆكۈملىرىنى چەتكە سۈرۈش نەتىجىسىدە بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. مالىيە ئىشلىرى، سودا ئىشلىرى، توختام ئىشلىرى، باشقۇرۇش ۋە بۇ مۇئامىلىلەرنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئىسلامى ئەمەس كاپىتالىستىك جەمئىيەت ئىكەنلىكىگە شەك قىلمايدۇ. ئۇ يەنە ئىسلامى سىياسەت ئېلىپ بېرىلمەيۋاتقانلىقى سەۋەبى بىلەن مەملىكەتنىڭ ئىچكى

بايلىقلىرىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرى پەقەت ئىرىكچىلىك ئۈچۈنلا يېتىدىغان مىقداردا پايدىلىنىپ، قالغان كاتتا قىسمىدىكى خام ـ ئەشيالار: نېفىت، كان بايلىقلىرى ئەجنەبىي شىركەتلەرنىڭ ئىختىيارىلىغىنى (يەنى تەسەررۇپىدا) ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئىشنى ئىسلام تۈزۈمى ھارام قىلىدۇ. مادامىكى، اللەنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى مەھكەم تۇتۇش مۇسۇلمانلارغا توغرا يولنى ۋە دۈشمەنلىرىنى قورقىتىدىغان قۇۋۋەتنى بەرسە. كىتاب ۋە سۈننەتنى مەھكەم تۇتماسلىق ئۇلارنى ئېزىش ۋە دۈشمەنلىرىدىن قورقۇش بالاسىغا دۇچار قىلىدۇ. بۇ بالادىن كىتاب ۋە سۈننەتكە قايتىپ كەلمىگىچە قۇتۇلالمايدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرگە ئىككى ئىشنى قويۇپ كەتتىم. ئەگەر ئۇنى تۇتساڭلار ھېچقاچان ئازمايسىلەر. بۇ ـ اللەنىڭ كىتابى ۋە مېنىڭ سۈننىتىمدۇر».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «ئەگەر اللەنىڭ يولىنى تەرك قىلساڭلار، اللە ئۈستىڭىزگە اللەدىن قورقمايدىغان ۋە سىلەرگە رەھىم قىلمايدىغان ئادەمنى سۇلتان قىلىپ قويىدۇ. اللەنىڭ يولىغا قايتمىساڭلار بۇ سۇلتاندىن قورقۇشنى دىللىرىڭلاردىن كەتكۈزمەيدۇ»، ـ دېگەن مەزمۇندىمۇ گەپ قىلغان ئىدى.

خوش، بۇنداق بولۇشى مۇقەررەر. ئەگەر پەرۋەردىگارىمىزنىڭ شەرىئىتىگە قايتمىساق بۇنىڭدىنمۇ يامانراق بولۇشى مۇقەررەر.



# مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكى، ئىسلامىي مىللەتنىڭ بىرلىكى ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتلىرى

زامانلار ئۆتۈشى بىلەن خەلقلەرنىڭ ئۈستىگە كۆپ تەھسىيەتلىك ھاياتى مۇئامىلار دۇچ كېلىۋېرىدۇ. ئۇلار گاھ سىياسىي، گاھى ئىقتىسادىي بەزى پىكرى، يەنە بەزىدە باشقىچە بولىدۇ. بۇ مۇئامىلار مۇئەييەن بىر زامان خەلقلىرى ئۈچۈن كاتتا بىر سىناقتۇر. بىزنىڭ زامانىمىزدا خەلقىمىزنىڭ بويىنىدا تارقاق مىللەتنى بىرلەشتۈرۈش، ئۇنىڭ سۆزىنى بىرلەشتۈرۈش، بايراقنى كۆتۈرۈش ۋە دۈشمەن بىلەن جىھاد قىلىش ئۈچۈن يېڭىدىن ئويغىنىش قىيىنچىلىقى تۇرۇۋېتىۋ. مىللەتنى بىرلەشتۈرۈش مۇئامىسى ھەممە مۇسۇلمانلارنىڭ بويىنىغا چۈشۈپ تۇرۇۋېتىۋ. اللە تەئالا ئېيتىدۇ:

**ان الذين امنوا وهاجروا وجاهدوا باموالهم وانفسهم في سبيل الله والذين اووا ونصروا اولئك بعضهم اولياء بعض والذين امنوا ولم يهاجروا مالكم من ولايتهم من شيء حتي يهاجروا وان استنصروكم في الدين فعليكم النصر الا علي قوم بينكم وبينهم ميثاق والله بما تعلمون بصير * والذين كفروا بعضهم اولياء بعض الا تفعلوه تكن فتنة في الارض وفساد كبير***

ـ «ئەلۋەتتە، ئىمان كەلتۈرگەن، ھىجرەت قىلغان ۋە مال جانلىرى بىلەن اللە يولىدا كۈرەش قىلغان زاتلار ۋە (مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۇھاجىرلارغا) ئۆي جاي بېرىپ ياردەم قىلغان زاتلار ئەنە شۇلار بىر-بىرلىرىگە دوستىدۇر. (يەنى ئىرىكلىرى بىر-بىرىگە ھەمكار، ئوتتۇرلىرىدا ئۆلۈم بولسا،

بىر-بىرىگە مىراسخوردۇر). ئىمان كەلتۈرگەن ئەمما ھىجرەت قىلمىغان (يەنى ھىلمىغچە مەككىدە ياشاپ تۇرغان) كىشىلەر بولسا تاكى ھىجرەت قىلمىغىچە سىلەر ئۇلارغا دوستلۇق قىلالمايسىلەر (يەنى بىر-بىرىڭلارغا ھەمكار، مىراسخور بولالمايسىلەر). ئەگەر ئۇلارغا دىن يولىدا سىلەردىن ياردەم سورىسا، ياردەم قىلىش زىممىڭلاردادۇر، ئەمما ئۇلارغا، ئوتتۇراڭلاردا (ئۇرۇشماسلىق ھەققىدە) سۈلھ بولغان قەۋمگە زەرەر يەتكۈزۈش يولى بىلەن ياردەم قىلمايسىلەر. ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى كۆرگۈچىدۇر. كاپىر بولغان كىشىلەر بىر-بىرىگە ھەمكار-دوستتۇر. (ئۇنداقتا، ئى مۇئمىنلار، سىلە ئۇلارنى ئۆزەڭلارغا دۇشمەن تۇتۇڭلار) ئەگەرشۇنداق قىلمىساڭلار (يەنى مۇئمىنگە دوست، كاپىرغا دۇشمەن بولمىساڭلار) مۇئمىنلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا ياردەملىشىش، رەھىمدىللىق، مېھرىبانلىق ۋە پۇختا، مۇستەھكەم باغلىنىش مانا شۇ ئايەتلەردە كەلگەن مەنالاردىندۇر. گويا كى ئۇلار بىر جىسىمغا ئوخشاش. ئۇنىڭ بىر ئەزاسىغا زەرەر يەتسە، قالغان ئەزالىرى ئۇنىڭغا بىدارلىق بىلەن قىزىتما بىلەن ھەمدەم بولىدۇ.

مۇھاجىرلارنىڭ ھىجرەت قىلىپ، مال-دۇنيالىرى، دىيارلىرىدىن ئايرىلىپ، ئايرىلىرى خوتۇن، بالا چاقىلىرىنىمۇ ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە تاپشۇرۇپ، مەدىنىگە يۈزلەنسە، ئۇلارنى سەھرانىڭ جەزىرىسى كۈيدۈرەتتى. ئۇلار ھاياتنىڭ مۇشەققەتلىرى ۋە كۈلپەتلىرىگە ئۆزلىرىنى ئېتىپ، كاتتا قىيىنچىلىقلارغا چىداشلىق بېرىپ، كېچىنى كېچە، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەي، ھىجرەت قىلدى. ئۇلار ئۆز نەفسلىرىنى ئاللاھنىڭ يولىدا سېتىپ ئالدىدە، ئازاد قىلدى. دۇنيالىرىغا قارىغانلىرىدا، دۇنيا ئۇلارنىڭ



كۆزىگە ئەرزىمەس نەرسە بولۇپ كۆرۈنۈپ، ئاخىرەتلىرىگە نەزەر تاشلاپ، ئۇنىڭغا تىزدىن يۈگۈردى. دۇشمەنگە قارشى جىھادەت قىلىش ئۈچۈن ئېتىقادداش بۇرادەرلىرى تەرەپكە يول ئالدى. ئەنسارىلار ھىجرەت قىلىپ كەلگەن بۇرادەرلىرىنى ياخشى كۆرەتتى. ياردەم بېرىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى چوڭ كۆرۈش ھەرگىز خىيالىغىمۇ كەلمەيتتى. ئۆزلىرى مۇھتاج بولسىمۇ مۇھاجىرلارنى ئەۋزەل كۆرەتتى. ئۇلارغا ئۆز ئۆيلىرىدىن جاي بەردى، تىرىكچىلىكىگە ئىشرىك قىلدى. دۇشمەنلەرگە قارشى ياردەم قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئىسلام ئېتىقادى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان بىرلا ۋە بىرلا جەمئىيەتكە ئايلاندى. مۇھاجىرلارنى خاپا قىلغان نەرسە ئەنسارىلارنىمۇ خاپا قىلاتتى، ئەنسارلارنى خۇرسەن نەرسە مۇھاجىرلارنىمۇ خۇرسەن قىلاتتى. بۇ ئىككى گورۇھنىڭ خۇرسەنلىكى ۋە خاپىلىقى بىردەك ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىمانى بىر ئىدى. ھەر ئىككى گورۇھ لات ۋە ئۇززالارنى پايدىسىز زىيان قىلالمايدىغان تاش دەپ، زىنانى زالالەت دەپ. جازانىخورلۇقنى كەبىرەلەرنىڭ قەبىھىنى شۇراش دەپ، زۇلۇمنى قىيامەت كۈنىدىكى زۇلمەت دەپ، ئاللاھقا گۇناھكار بولغان ھالدا ھاكىمغا ئىتائەت قىلىشنى ئاللاھنىڭ ئالدىدىكى جىنايەت دەپ بىلەتتى. بۇ ئىككى گورۇھنىڭ پىكىرلىرى بىرلىشىپ، يېڭى ھاياتى تۈزۈم - ئىسلام تۈزۈمىگە بويسۇندى. بۇ تۈزۈم ئۇلارغا جىھادنى پەرز قىلغان ئىدى، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى. زاكاتنى پەرز قىلغان ئىدى ئۇنى ئادا قىلدى. پاراكەندىگە چۈشۈپ قالغان كىشىلەرنى تىنچلاندۇرۇشقا بۇيرۇغان ئىدى، بۇنى خاتىرجەم قىلدى. يالغان ئارىلاشقان ئېلىم - سېتىمدىن ۋە تاۋارلارنى ماناپول قىلىشتىن قايتۇرغان ئىدى

قايتتى. ئۇلار بۇ ئىشلارنى رازى بولۇپ، بىجانىدىل بىجىردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلاردىن ئاساسى پىكىرلەرنىڭ بىرلىكى، تۇيغۇلارنىڭ بىرلىكى، تۈزۈمنىڭ بىرلىكى بولغان بىر پۈتۈن جەمئىيەت بىناسى تەشكىل تاپتى-دە، يېڭى ئېتىقاد بىلەن سىياسەت يۇرگۈزگۈچى بىر ھاكىمغا (خەلىپىگە) بويسۇنغۇچى مىللەتكە ئايلاندى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى بىر-بىرىگە ياردەم بەرگۈچى دوستلاردۇر. كېيىن ئايەتلەر ئەنسارلار بىلەن مۇھاجىرلارغا ئوخشاش، جەمبەرچەس باغلانمىغان، ھىجرەت قىلمىغان مۆئمىنلارغا ئىشارەت قىلىدۇ.
اللە تەئالا ئېيتىدۇ:

والذين امنوا ولم يهاجروا مالكم من ولايتهم من شيء حتي يهاجروا

-«ئىمان كەلتۈرگەن ئەمما ھىجرەت قىلمىغان (يەنى ھازىرغىچە مەككىدە ياشاپ تۇرغان) كىشىلەر بولسا، تاكى ھىجرەت قىلمىغىچە سىلەر ئۇلارغا دوستلۇق قىلالمايسىلەر (يەنى بىر-بىرىڭلارغا ھەمكار مىراسخور بولالمايسىلەر)». 8:72 بۇ يەردىكى ۋىلايەت سۆزى دۇنيانىڭ ھەممە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش مەنىسىدەدۇر. دۇنيالىق ئىشلارنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىكى دۈشمەندىن غالىپ بولۇش ۋە كۈچ - قۇۋۋەتتۇر. بۇ ئىش بولسا بىرلەشمەستىن ئەمەلگە ئاشمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن اللە مۇسۇلمانلار بىلەن بىر لىشىپ دۈشمەنگە قارشى بىر قۇۋۋەتكە ئايلانمىغان ئادەمگە ياردەم بېرىشكە رۇخسەت بەرمەيدۇ. بۇنداق ئادەمگە پەقەت بىر ھالەتتە-دۈشمەن ئۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلىپ دىنىدىن، ئېتىقادىدىن قايتۇرماقچى بولغان ۋاقىتتىلا ياردەم بېرىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ. مانا شۇ ھالدىكى ياردەم ھەم مۇقەييەددۇر. يەنى، مۇھاجىر بولمىغان مۇسۇلمانلارغا تاجاۋۇز



قىلىۋاتقانلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئەھدىنامە بولمىسىلا ئۇلارغا ياردەم بېرىلىدۇ. ئەگەر ئەھدە بەرگەن بولسا، ياردەم بېرىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى اللە ئېيتىدۇكى:

وان استنصروكم في الدين فعليكم النصر الا علي قوم بينكم وبينهم ميثاق والله بما تعملون بصيرا

-«ئەگەر ئۇلار دىن يولىدا سىلەردىن ياردەم سورىسا، ياردەم قىلىش زىممەڭلاردىدۇر، ئەمما ئۇلارغا ئاراڭلاردا (ئۇرۇشماسلىق ھەققىدە) ئەھد-پەيمان بولغان قەۋمگە زىيان يەتكۈزۈش بىلەن ياردەم قىلمايسىلەر قىلمايسىلەر اللە قىلىۋاتقان ئەمەللىرىڭلارنى كۆرگۈچىدۇر». 8:72 بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى كۆرەشتىن قايتمايۋاتقان كاپىر جەمئىيىتىگە قارشى تۇرالايدىغان بىر كۈچ ۋە بىر قۇۋۋەتكە ئايلانغانلىقى سەۋەپتۇر. بۇ ئايەتنىڭ داۋامىدا اللە شۇنداق دەيدۇ:

والذين كفروا بعضهم اوليا، بعض

-«كاپىر - دىنسىز ئادەملەر بىر-بىرىگە دوست - ھەمكاردۇر». 8:73 كاپىرلار ئارىسىدا دۈشمەنلىك، توقۇنۇشلار بولسىمۇ، مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇرۇشتا بىر-بىرىگە ھەمكاردۇر. گەرچە ئۇلار تۈيغۇ، پىكىرلەردە خىلمۇ-خىل بولسىمۇ، اللەنىڭ يولىدىن تۇسۇشتا بىر-بىرىگە ياردەم بەرگۈچىدۇر. ئۇلار كاپىر جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرىدۇر. اللەقا ئىبادەت قىلىۋاتقان ئادەملەرگە قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن كۈچ ھازىرلىشىپ، بىر-بىرى بىلەن مۇسابىقە قىلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ اللە تائالا ئېيتىدۇ:

والذين كفروا بعضهم اوليا، بعض *

-«ئەگەر (سىز ھۆكۈمگە ئەمەل) قىلمىساڭلار، (يەنى دىندارغا دوست، دىنسىزغا دۈشمەن بولمىساڭلار) يەردە پىتنە ۋە

چوڭ فاساد بولىدۇ». 8:73 يەنى، مۇسۇلمانلار مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلارغا ئوخشاش بىر-بىرىگە دوست بولمىسا، اللەنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتى بىلەن سىياسەت يۈرگۈزۈپ، ئۇلارنى دۈشمەن يېقىنلىشالمايدىغان يېڭىلمەس قۇۋۋەتكە ئايلاندۇرىدىغان بىرلا ھاكىم ۋە بىرلا تۈزۈمگە بويسۇنغۇچى يىگانە جەمئىيەت ۋە بىرلەشكەن بىرلا مىللەتكە ئايلانمايدىكەن، دۈشمەنلىرى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمران بولۇۋالىدۇ، سەلتەنەتلەر پارچىلىنىدۇ، مەملىكەتلىرى بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، بىرلىكى تارقىلىدۇ، تۈزۈمى ۋەيران بولىدۇ. دىنلىرىدا پىتنە زاھىر بولۇپ، ئارىلىرىدا فاساد يېيىلىپ، ھۆرمەتلىرى ئاياغ ئاستى بولىدۇ. بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە ئېتىقادلىرى زەئىپلەشكۈچىسىدۇر. مانا شۇ قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ياۋۇزلۇقتىن كاتتاراق پىتنە فاساد بارمۇ؟!

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈممەتنىڭ خەلقلەرنى قانداقتۇر چېگرا ۋە قانۇن ئاجراتمايدىغان بىرلەشكەن ئۈممەت بولۇشى كېرەك ئىكەنلىكىگە دالالەت بولىدۇ. بۇ ئۈممەت مۇسۇلمانلارنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى ۋە باشقا ئىمكانىيەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىدە مىللەتلەر ئارا يۇقىرى ئورۇننى ئىگىلەشكە قادىر بولالايدىغان بىرلا ھاكىمغا (خەلىفىگە) بويسۇنىشى لازىم.

الله تائالانىڭ: «ئەگەر شۇ ھۆكۈمگە ئەمەل قىلمىسىڭىز (يەنى دىندارغا دوست دىنسىزغا دۈشمەن بولمىسىڭىز)، دېگەن كالامىدا، بىر ئىش قىلىشقا تەلەپ قىلىش ئىپادىلىنىۋاتىدۇ. «يەردە پىتنە ۋە كاتتا فاساد بولىدۇ»، دېگەن كالامىدا بولسا ئاشۇ تەلەپنى بىجىرمەسلىكنىڭ ئاقىۋىتى ئىپادىلىنىۋاتىدۇ. بۇ يەردە ئەمەل قىلىش قاتتىق تەلەپ قىلىنىۋاتىدۇ. دېمەك، ئۇنى بىجىرىش ۋاجىپدۇر. الله تائالا : «ئەگەر شۇ ھۆكۈمگە ئەمەل



قىلمىساڭلار (يەنى، دىندارغا دوست، دىنسىزغا دۈشمەن بولمىساڭلار)»، دېگەن كالامدىكى تەلەپ قىلىنغان ئىش مىراس بولۇشمۇ، ياردەم بولۇشمۇ مۇمكىن. چۈنكى ئېتىبار سۆزنىڭ خۇسۇسىيلىكىگە ئەمەس، لەۋزىنىڭ ئۇمۇمىيلىقىغا قارىتىلىۋاتىدۇ. مىراس ھۆكۈمى الله تائالانىڭ:

واولوالارحام اولي ببعض في كتاب الله

— «اللەنىڭ كىتابىدا قان-قېرىنداشلار بىر-بىرىگە (مىراسخور بولۇشقا) ھەقراقتۇر». 8:75 ئايىتى بىلەن مەنسۇخ، يەنى بىكار قىلىنغاندۇر.

ئەگەر شۇ ھۆكۈمگە ئەمەل قىلمىساڭلار»، ئايىتىدە كۆزدە تۇتۇلغان مۆئمىنلەر بولۇپ ئۇلار بىر قول ۋە بىر قۇۋۋەت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن بىر-بىرىگە ياردەم بېرىشىنى ۋاجىپ قىلىدۇ. كاپىرلار بىلەن بولىدىغان مۇئامىلىدىمۇ مۆئمىنلەر بىر-بىرى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇشى، كاپىرلارنى بولسا دۈشمەن دېگەن ئېتىبار بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇشى ۋاجىپ. پەقەت ئەگەر كاپىرلار مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەھلى زىممە بولسا، ئۇنداق بولمايدۇ. بۇنداق پەيتتە كاپىرلار مىراس، قۇدىچىلىق ۋە دىنىي ئىشلاردا بىر-بىرى بىلەن دوست بولىدۇ. مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەقەت بىرلا دۆلەت بولۇشى كېرەكلىكىنى ھەم گورۇھلارغا ئاجرالماستىن بىرلىشىش ۋاجىبلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاستىن رىۋايەت قىلىنىشىچە ئۇ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىغان ئىكەن «كىمكى بىر ئىمامغا (خەلىفىگە) بەيئەت قىلسا، ئۇنىڭغا قولىنىڭ بىتىمىنى ۋە قەلبىنىڭ مېۋىسىنى بەرگەن بولسا، قولىدىن كەلگۈنچە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلسۇن. ئەگەر باشقىسى كېلىپ

ئىمامىلىقنى تالاشسا، ئۇنىڭ بېشىنى ئېلىڭلار».

دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله نازىل قىلغان نەرسە بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈش ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ھاكىم سايلىغان خەلىپە بىلەن رەھبەرلىكنى تالاشقان ئادەمنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغان. ئەبۇ سەئىدىلخۇدرىدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئىككى خەلىپىگە بەيئەت قىلىنىدىغان بولسا، ئۇلاردىن كېيىنكىسىنى ئۆلتۈرۈڭلار».

ئۇممەتنىڭ ئىشى پارچىلىنىپ، ھەربىرى ئۆز مەقسىتىگە قاراپ تارتىشىدىغان ئىككى ھاكىم نىڭ قولىغا قالمىسۇن، ئەرفەجە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەمنىڭ ئەتراپىغا جەم بولۇپ تۇرغان ۋاقىتىڭلاردا سىلەرگە بىرسى كېلىپ، بىرلىكىڭلارنى بۆلمەكچى، جامائىتىڭلارنى تارقاتماقچى بولسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار». ئەبۇ ھازىم ئېيتىدۇ: «ئەبۇ ھۇرەيرە بىلەن بەش يىل بىللە بولۇپ، ئۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسىنى رىۋايەت قىلغىنىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «بەنى ئىسرائىلغا پەيغەمبەر رەھبەرلىك قىلاتتى. بىر پەيغەمبەر ھالاك بولسا، ئارقىسىدىن يەنە پەيغەمبەر كېلەتتى. مەندىن كېيىن بولسا پەيغەمبەر بولمايدۇ. خەلىپىلەر بولىدۇ. ئۇلار كۆپىيىدۇ. دېيىشتىكى: شۇنداق ھالدا بىزنى نېمىگە بۇيرۇيسىز؟ ئېيتتىكى: ئەڭ بىرىنچىسى بىلەن قىلغان بەيئەتكە ۋاپا قىلىڭلار. ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىڭلار. ئۇلاردىن بولسا بارغان ئىشلىرى ھەققىدە الله تائالا ئۆزى ھېساپ ئالغۇچىدۇر».

بىر ۋاقىتتا ئىككى شەھەردە ئىككى خەلىپىگە بەيئەت قىلىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىككى خەلىپىسى



بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ ھالدا ئۇلارنىڭ ئاۋۋالقىسى بىلەن بەيئەت قىلىنىۋېرىدۇ دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى بۇ يەردە مەسىلە خەلىپىلىكتە ئاۋۋال ياكى كېيىن ئېرىشىش مەسىلىسى ئەمەس بەلكى خەلىپە سايلاش مەسىلىسىدۇر. خەلىپىنى سايلاش خەلىپىنىڭ ئەمەس، بارچە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەققىدۇر. دېمەك، بۇ يەردىكى ئىش يەنە بىر نەرسە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇلۇشى لازىم. شۇچاغدا ئۇلار ئۆزلىرىگە بىر خەلىپە سايلاپ ئالىدۇ. بۇيەردە قۇرئە تاشلاشقىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى خەلىپىلىك ئەھدىلىشىش ۋە باغلىنىشتۇر. قۇرئە بولسا، باغلىنىشقا كىرمەيدۇ. بىر خەلىپە مەۋجۇت بولغان ھالدا باشقا خەلىپىلەر بىلەن بەيئەت قىلىنسا، ئەڭ بىرىنچىسى بىلەن قىلغان بەيئەتكە ۋاپا قىلىنىدۇ. ئۇ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىن قىلىنىشقان بەيئەتكە ۋاپا قىلىنىدۇ دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى بىر زاماندا پەقەت بىرلا خەلىپە بىلەن بەيئەت قىلىش جائىزدۇر.

مەزكۇر دەلىللەر - يەنى دۆلەتنىڭ بىرلىكى ھەققىدىكى دەلىللەر- ئىسلامىي ئۈممەتنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىگە يېتەرلىك دەلىلدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ مەملىكەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈشكە ۋە بىرلا خەلىپە سايلاشقا ئورۇنۇش قولىدىن ئىش كېلىدىغان ھەممە مۇسۇلمانلارغا ۋاجىپدۇر.

# مۇسۇلمانلارنىڭ جىھاد ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتلىرى

جىھاد اللە يولىدا كۈرەش قىلىش ئۈچۈن بىۋاسىتە كۈرەش قىلىش ياكى مال دۇنيا، پىكىر بىلدۈرۈش، ئادەم كۆپەيتىشكە ئوخشاش ئىشلار بىلەن ياردەم بېرىشتۇر. اللە نامىنى ئۇلۇغلاش ئۈچۈن قىلىنغان كۈرەش جىھادتۇر. اللە يولىدا پىكىر بىلەن جىھاد قىلىشتا، ئەگەر پىكىر بىۋاسىتە اللە يولىدا جىھاد قىلىشقا تەئەللۇق بولسا، جىھاد ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىۋاسىتە تەئەللۇق بولمىسا، گەرچە مۇشەققەتلىك ۋە گەرچە بۇ ئىشتا اللە نامىنى ئۇلۇغلاش ئۈچۈن پايدىلار مەۋجۇد بولسىمۇ شەرئەن جىھاد ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى شەرئى جىھاد ئۇرۇشقا خاستۇر. ئۇرۇشقا بىۋاسىتە تەئەللۇق بولغان نەرسىلەرمۇ ئۇنىڭغا كىرىدۇ. مەسىلەن، پىكىرنى ئالايلۇق. ئەگەر يېزىلغان نەرسە ياكى خىتاب ئەسكەرنى جانلاندۇرۇشقا ئوخشاش بىۋاسىتە ياكى دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشقا ئۈندىگەنگە ئوخشاش بىۋاسىتە ئۇرۇشقا تەئەللۇق بولسا جىھاد ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇرۇشقا بىۋاسىتە تەئەللۇق بولمىسا جىھاد ھېسابلانمايدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن سىياسىي كۈرەش، مۇسۇلمانلارنىڭ زالىم ھاكىملىرى بىلەن ئېلىشىشىنىڭ ساۋابى ئۇلۇغ ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پايدىسى كۆپ بولسىمۇ، ئۇلارنى جىھاد دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى بۇ يەردىكى مەسىلە جاپا-مۇشەققەت يارىتىش ياكى پايدا كۆرۈش مەسىلىسى ئەمەس. بەلكى مانا شۇ سۆز - جىھاد سۆزى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرئى مەنا مەسىلىسىدۇر. بۇ سۆزنىڭ شەرئى مەنىسى بولسا، ئۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا بىۋاسىتە تەئەللۇق بولغان پىكىر، خىتاب،



www.uyghurkitap.com

يېزىش-ۋاراقلار، تەدبىرگە ئوخشاش ئىشلاردۇر.

دۈشمەن جىزيە تۆلەش شەرتىنى قوبۇل قىلغان ۋاقىتتا ئۇنىڭغا قارشى جىھاد قىلىشتىن توختىساقمۇ، جىھادنىڭ سەۋەبى جىزيە ئەمەس، جىھادنىڭ سەۋەبى بىز ئۇرۇشۋاتقان ئادەملەرنىڭ دەۋەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىۋاتقان كاپىرلار ئىكەنلىكىدۇر. اللە تەئالا ئېيتىدۇ:

**قاتلوا الذين لايو"منون بالله ولا باليوم الاخر ولا يحرمون ماحرم الله ورسوله ولا يدينون دين الحق من الذين اوتوا الكتاب حتي يعطوا الجزية عن يد وهم صاغرون ***

-«اللەقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان، اللە ۋە رەسۇلى ھارام قىلغان نەرسىنى ھارام دەپ بىلمەيدىغان، ھەق دىنغا ئەگەشمەيدىغان، ئەھلى كىتابلارغا قارشى ئۇلار ئۆزلىرىنى كىچىك بىلىپ، ئۆز قوللىرى بىلەن جىزيە بەرگىنىگە قەدەر ئۇرۇشۇڭلار». 9:29

بۇ ئايەتتە كاپىرلارنىڭ كاپىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشۇشقا بۇيرۇلۇۋاتىدۇ. يەنى اللە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشۇڭلار. دېمەك، ئۇرۇشنىڭ سەۋەبى كۇفرىدۇر. اللە تائالا ئېيتىدۇ:

**ياايهاالذين امنوا قاتلوا الذين يلونكم من الكفار وليجدوا فيكم غلظة**

-«ئى مۇئمىنلار، يانلىرىڭلاردىكى كاپىرلارغا قارشى جەڭ قىلىڭلار. ئۇلار سىلەردىكى كۈچ-قۇۋۋەتنى كۆرسۇن». 9:123

دەپ كاپىرلارنىڭ كاپىر بولغانلىقلىرى سەۋەبىدىن ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش كۆپ ئايەتلەر مەۋجۇت. جۈملىدىن:

**فقاتلوا اوليا" الشيطان ***

-«شەيتان تەرەپدارلىرىغا قارشى ئۇرۇشۇڭلار» 4:76

فقاتلوا ائمة الكفر*

-«كۇفۇر يېتەكچىلىرىگە قارشى جەڭ قىلىڭلار» 9:12

وقاتلوا المشركين *-«مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار».

بۇ ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇرۇشۇشنىڭ سەۋەبى كۇفرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. دۇشمەننىڭ ئۆزىنى كىچىك بىلىپ جىزيە بېرىشى بولسا ئۇرۇشنى توختىتىشقا سەۋەب بولىدۇ. بىز بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقانلار دەۋەتنى قوبۇل قىلسا، ئۇلارمۇ مۇسۇلمان بولىدۇ. ئەگەر ئىسلامنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىپ جىزيە بېرىش ۋە ئىسلام بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈشنى قوبۇل قىلسا، ئۇلاردىن بۇ ئىش قوبۇل قىلىنىپ، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش توختىتىلىدۇ. چۈنكى ئۇرۇشۇش ئارقىلىق ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلاش دۇرۇست ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئىسلام بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈش ۋە جىزيە بېرىشنى قوبۇل قىلىشلىرى - ئىسلامنى قوبۇل قىلمىسىمۇ - دەۋەتكە بويۇن ئەگكەنلىكىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ھۆكمىدە جىزيە بېرىشنى قوبۇل قىلغانلىقىدىن كېيىن ئۇرۇشۇش دۇرۇس ئەمەس. ئەمما جىزيەنى قوبۇل قىلسىمۇ، ئىسلام بىلەن ھوكۈم يۈرگۈزۈشنى قوبۇل قىلسا، مۇسۇلمانلار بۇ ئىشقا رازى بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى ئۇرۇشۇشنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ كاپىرلىقىدۇر. ئۇلار دەۋەتنى قوبۇل قىلمىغانلىقىدىن كېيىن ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش مۇسۇلمانلارنىڭ بوينىدا پەرز بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. ئەمما شۇنداق ھالەتلەرمۇ بولىدۇكى، مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ تاشقى ۋە ئىچكى ۋەزىيەتلىرىنىڭ بۇزۇلۇشقا يول قويماسلىقى ئۈچۈن دۇشمەنلىرى جىزيە بېرىش كۈپايىلىنىپ ئۆزلىرىگەكۇفر تۈزۈمى



بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈشنى قوبۇل قىلسا، ئۇلار زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندىلا شەرىئەت رۇخسەت بېرىدىغان ھالەتلەردۇر. ئۇلارنى مىقياس قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. دېمەك، جىھادنىڭ سەۋەبى بىز ئۇرۇشۇۋاتقان ئىنسانلارنىڭ كاپىر ئىكەنلىكىدىندۇر. جىزيە بولسا ئۇرۇشنى توختىتىشقىلا سەۋەب بولىدۇ. دېمەك، دۈشمەن يائىسلامنى قوبۇل قىلىدۇ ياكى ئۆلتۈرۈلىدۇ. اللە تائالا ئېيتىدۇ:

تقاتلوهم اويسلمون

-«ياسلەر ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىسىلەر ياكى ئۇلار مۇسۇلمان بولىدۇ». 48:16

جىھادنىڭ پەرزلىكىگە قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە ھۆججەتلەر مەۋجۇتتۇر. اللە تائالا ئېيتىدۇ:

وقاتلوهم حتي لاتكون فتنة ويكون الدين لله*

-«پىتنە بولمىغىنىغا قەدەر ۋە بويسۇنۇش تولۇق پەقەت اللە ئۈچۈن بولغىنىغا قەدەر ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلىڭلار». 193:2

قاتلوا الذين لايؤمنون بالله ولا باليوم الاخر ولا يحرمون ماحرم الله ورسوله ولايدينون دين الحق من الذين اوتوا الكتاب حتي يعطوا الجزية عن يدوهم صاغرون *

-«اللەقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھارام دېگەن نەرسىنى ھارام دەپ بىلمەيدىغان ھەق، (يەنى، ئىسلام) دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئەھلى كىتابلاردىن ئىبارەت ئادەملەرگە قارشى تاكى مەغلۇپ ھالدا ئۆز قوللىرى بىلەن جىزيەنى تۆلىگىنىگە قەدەر جەڭ قىلىڭلار». 9:29

كتب عليكم القتال *

-«ئۇرۇش سىلەرگە پەرز قىلىندى». 2:216

الا تنفروا يعذبكم عذابا اليما*

-«ئەگەر جىھادقا چىقمىساڭلار اللە سىلەرنى ئەلەملىك ئازاب بىلەن ئازابلايدۇ». 9:39

**ياايهاالذين امنوا قاتلوا الذين يلونكم من الكفار وليجدوا فيكم غلظة***

-«ئى مۆئمىنلار يانلىرىڭلاردىكى كاپىرلارغا قارشى جەڭ قىلىڭلار ۋە ئۇلار سىلەردىكى كۈچ-قۇۋۋەتنى كۆرسۇن». 123:9

ھەزرىتى ئەنەس رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەن ئىكەن: «مۇشرىكلارغا قارشى مېلىڭلار، قولۇڭلار ۋە تىلىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار». بۇرىۋايەت ھەم ئەنەستىن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «اللەنىڭ يولىدا بىرقېتىم كۈندۈزى ياكى بىر قېتىم كەچقۇرۇن اللە يولىدا مېڭىش، دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەردىن ياخشىراقتۇر»، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېدى: «اللەدىن باشقا ئىلاھ يوق دېگەنگە قەدەر ئادەملەر بىلەن ئۇرۇشۇشقا بۇيرۇلدۇم». يەنە شۇنداق دېگەن: «جىھاد قىيامەت كۈنىگە قەدەر داۋاملاشقۇچىدۇر». زەيدىبىن خالىد رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەن: «كىمكى اللەنىڭ يولىدا بىر غازىنى تەييار قىلسا، غازات قىلغان بولىدۇ. كىمكى ياخشىلىق بىلەن ئۇنى ئائىلىسىدە قالدۇرسا ئۇمۇ غازات قىلغان بولىدۇ». ئەتائىبىن يەزىد لەيسى ئەبى سەئىدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قايسى ئادەم ئەۋزەل دۇر دەپ، سورالغاندا، «اللەنىڭ يولىدا مېلى ۋە جېنى بىلەن جىھاد قىلغان مۆمىن»،-دەپ جاۋاب بەردى»، يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «غازات قىلمىغان ۋە دىلى بىلەن غازات قىلىشقا



www.uyghurkitap.com

ئىنتىلمىگەن ھالدا دۇنيادىن كەتكەن ئادەم، بىر مىقدار مۇناپىقلىقدا كېتىدۇ». ئەبى ھۇرەيرە خەۋەر بېرىدۇ: «بىر ساھابە بىر يەردىن ئۆتۈپتۇ، ئۇ يەردە تاتلىق سۇلۇق بۇلاق بار ئىكەن، ئۇنى بۇلاقنىڭ ياخشىلىقى جەلىپ قىلىپتۇ، شۇۋاقىتتا ساھابە «شايەتكى، ئادەملەردىن ئايرىلىپ قېلىپ، مانا شۇ يەردە قېلىپ قالسام»،-ئويلاپتۇ، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت سورىمىغىچە بۇ ئىشنى قىلمايمەن-دەپ، ئۇ كىشىنىڭ ئالدىغا كېلىپ نىيىتىنى بىلدۇرۇپتۇ، شۇچاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دەپتۇ: «بۇنداق قىلما، چۈنكى سىلەردىن بىرىڭلار اللە يولىدا ئۇرۇشۇڭلار ئۆز ئۆيىدە ئوقۇغان يەتمىش يىللىق نامازدىنمۇ ئەۋزەلراقتۇر».

جىھاد دەسلەپ پەرزى كىپايەدۇر. دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان كىشىلەرگە پەرزى ئەين دۇر. قالغانلارغا پەرزى كىپايەدۇر. دۈشمەن ھەيدىلىپ، ئىسلام زېمىنى ئۇنىڭ ناپاكلىقىدىن پاكلانغىنىغا قەدەر بۇ پەرز ساقىت بولمايدۇ. جىھاد پەرزى كىپايىدۇر دېگىنىمىزنىڭ مەنىسى دۈشمەننىڭ بىزگە قارشى ئۇرۇشۇش ئۇرۇشماسلىقىدىن قەتئى نەزەر بىزنىڭ ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش باشلىشىمىزدۇر. ئەگەر بۇ پەرزنى بىرەر مۇسۇلمان بېجىرىسە، بارچە مۇسۇلمانلارر تەڭ گۇناھكار بولىدۇ. مەسىلەن، مىسىر ئەھلى دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش باشلاپ، پەرزى كىپايىنى ئادا قىلسا، ھىندۇنوزىيە ئەھلىدىن بۇ پەرىز ساقىت بولىدۇ. چۈنكى دۈشمەن - كاپىرلارغا قارشى مۇسۇلمانلارر تەرەپتىن ئۇرۇش ئەمەلدە ۋۇجۇتقا كەلدى ۋە جىھاد پەرزى ئەمەلگە ئاشتى. ئەمما ئەگەر ئۇرۇش زورۇر بولۇپ قېلىپ، كاپىرلارغا قارشى مىسىر ۋە ئىراق ئەھلىنىڭ،

ئۇرۇشنى پەرزى كىپايىنى ھاسىل قىلماي قالسا، بۇ پەرز پاكىستان ۋە ھىندونېزىيە ئەھلىدىنمۇ ساقىت بولمايدۇ. مۇسۇلمانلار دۈشمەنلەرگە قانچىلىك يېقىن تۇرسا، ئۇنىڭغا جىھاد شۇنچىلىك پەرز بولىدۇ. ئەگەر ھەممە مۇسۇلمانلار قاتناشماي تۇرۇپ، پەرز كىپايە ھاسىل بولمىسا، ئۇھالدا جىھاد دۈشمەن مەغلۇپ بولغىنىغا قەدەر ھەممە مۇسۇلمانلارغا پەرز بولىدۇ. ئەگەر خەلىپە جىھادقا چاقىرمىسا، جىھادنىڭ پەرزى كىپايىلىكى پايدىسىزدۇر. ئەمما خەلىپە كىمنى جىھادقا چاقىرسا جىھاد ئۇنىڭغا پەرز دۇر. اللە تەئالا ئېيتىدۇ:

**ياايهالذين امنوا مالكم اذا قيل لكم انفروا في سبيل الله اثاقلتم الي الارض**

-«ئى مۆمىنلەر، سىلەرگە نېمە بولدىكى، اللە يولىدا جىھادقا چىقىڭلار دېيىلسە، ئۆز يۇرتىڭىزلارغا يېپىشىۋالدىڭلار» 9:38.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «ئەگەر جىھادقا چاقىرىلساڭلار چىقىڭلار».

ئىسلام دۆلىتىدە پەرزى كىپايىنى ئادا قىلىش ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب زامانىدا بولغىنىدەك، ئۆز مەھكىمىلىرىگە ئىگە بولغان لەشكەر شەكلىدە بولامدۇ. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى زامانىدا بولغىنىدەك، ئۆزلىرىنى جىھادقا پىدا قىلغان ئادەملەر بولامدۇ ياكى باشقىمۇ، دۈشمەن ھۇجۇم قىلىپ قالسا، ئۇنى قايتۇرالايدىغان كۈچكە ئىگە بولغان بىر گورۇھ بار بولۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر بۇ گورۇھ دۈشمەننى قايتۇرۇشقا كۇپايە قىلمىسا، خەلىپە يەنە باشقىلارنى جىھادقا تەييارلايدۇ ۋە ھاكازا. ئۇرۇشنى مۇسۇلمانلار باشلىشى كېرەك دېگەننى توغرىدىن - توغرا كاپىرغا قارشى ئۇرۇشۇۋېرىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. ئاۋال دۈشمەننى ئىسلامغا



دەۋەت قىلىشى لازىم. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامغا دەۋەت قىلىنمىغان كاپىرغا قارشى ئۇرۇش جائىز ئەمەس، دۈشمەن ئاۋۋال ئىسلامغا كېيىن جىزيە تۆلەشكە دەۋەت قىلىنىدۇ. ئەگەر باش تارتسا، ئۇنىڭغا قارشى جىھاد قىلىنىدۇ. سۇلايمان ئىبنى يەزىد رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇنغا ياكى بىرەر ھەربىي قىسىمغا ئەمىر تەيىنلىگەندە، خۇسۇسەن، ئۇنىڭ ئۆزىگە اللەدىن قورقۇش ۋە ئۇنىڭ بىرگە كېتىۋاتقان مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىق قىلىشنى نەسىھەت قىلىپ، كېيىن دەيتتى: «اللەنىڭ نامى بىلەن اللە يولىدا غازات قىلىڭلار، اللەغا كاپىر بولغانلارغا قارشى ئۇرۇشۇڭلار. غازات قىلىڭلار، ھەددىن ئاشماڭلار، خىيانەت قىلماڭلار، مۇسلە قىلماڭلار (ئۆلۈكلەرنىڭ ئەزالىرىنى كەسمەڭلار) بىرەرمۇ بوۋاقنى ئۆلتۈرمەڭلار! مۇشرىك دۈشمەنلىرىڭلارغا يولۇققان ۋاقتىڭلاردا ئۇلارنى ئۈچ نەرسىگە دەۋەت قىلىڭلار، قايسى بىرىگە رازى بولسا، ئۇنىڭدىن قوبۇل قىلىپ ئۆزەڭنى توختات. ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىڭلار ئەگەر رازى بولسا، ئۇلاردىن قوبۇل قىلىپ ئۆزەڭنى توختات. كېيىن ئۇلارنى ئۆز يۇرتىدىن مۇھاجىرلار يۇرتىغا ئۆتۈشكە دەۋەت قىل ۋە ئېيتقىنكى: ئەگەر ئۇلار بۇ ئىشنى قىلسا ھوقۇق ۋە بۇرۇچلىرى مۇھاجىرلار بىلەن باراۋەر بولىدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا كۆنمىسە ئېيتقىنكى، ھوقۇق ۋە بۇرۇچلىرى مۇسۇلمانلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ. مۇسۇلمانلار بىلەن جىھاد قىلغان تەقدىردىلا ئولجىدىن ئۇلارغىمۇ ئاجرىتىلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار باش تارتسا، ئۇلاردىن جىزيە تەلەپ قىل. بۇنىڭغا رازى بولسا، ئۇلاردىن قوبۇل قىلىپ ئۆزەڭنى توختات. ئەگەر باش تارتسا اللەدىن مەدەت تىلەپ ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىل» [illegible]

ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەن: «ھېچقاچان ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىر قەۋمگە قارشى - ئۇنى دەۋەت قىلماي تۇرۇپ ئۇرۇش قىلمايدۇ».

ئۇرۋە ئىبنى مەسئۇد رىۋايەت قىلىپ شۇنداق دەيدۇ: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، قەۋمىگە (قارشى) كېلىۋاتقان بىلەنمۇ، قەۋمىدىن (قېچىپ) كېتىۋاتقانلار بىلەنمۇ ئۇرۇش قىلىمەنمۇ؟ -دېگەن ئىدىم. - «ھەئە».-دەپ جاۋاب بەردى. باشلىق قىلىنىپ تەيىنلەنگىنىمدە، مېنى چاقىرىپ، -«ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلماي تۇرۇپ، ئۇرۇش قىلما»، -دېدى».

ئاللاھ مۇسۇلمانلارغا پەرز قىلغان جىھاد مانا شۇ جىھاد جامائەت ئىشىدۇر. ئۇنى بىر شەخس بىجىرەلمەيدۇ. جىھاد ئادەملەرنى زۇلمەتتىن نۇرغا چىقىرىش ئۈچۈن ھەممە كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى پۈتۈن ئۈممەتنىڭ بوينىدىدۇر بۇ مەسئۇلىيەتنى ھېس قىلىپ ئەمەل قىلماسلىق ئۈممەتنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ:

**وانفقوا في سبيل الله ولاتلقوا بايديكم الي التهلكة**

-«ئاللاھ يولىدىكى كۈرەش ئۈچۈن ماللىرىڭلارنى سەرىپ قىلىڭلار. ۋە (بېخىللىق قىلىش بىلەن) ئۆزلىرىڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار.

ئۇنداقتا دۈشمەنگە قارشى تەييارلىق قىلىنىشى مال - دۇنيالىرىڭلارنى ئايىماڭلار، بېخىللىق قىلماڭلار. ئەگەر بېخىللىق قىلساڭلار مەغلۇپ بولۇپ، ئاچكۆزلۈكۈڭلار ۋە تۈز كورلۇقۇڭلار سەۋەبىدىن، قوللىرىڭلاردىكى نەرسىلەردىن



ئايرىلىپ، ھالاكەتكە ئېلىپ بارغۇچى زاۋالنىڭ يولىغا چۈشۈپ قالىسىلەر.

پەرز قىلىنغان جىھادنىڭ ئادەملەرنى زۇلمەتتىن نۇرغا چىقىرىش بولغىنىدەك، دەۋەت يولىدىكى ماددىي توسقۇنلارنى تازىلاش ئۈچۈن دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش باشلاش ئىككىلەنگىدەك ئېنىق تېنىق دەلىلەر بولىسىمۇ، ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان قىلىپ كۆرسىتىۋاتقانلارنىڭ كۆپچىلىكى ئىسلامىي پەتىھلەرنىڭ مەقسىدى مۇستەملىكە قىلىش بولغان دەپ، يەنە باشقا ئايرىم ئۆزلىرىنى ئىلىم ئەھلى بىز دەپ دەۋا قىلىۋاتقانلار بولسا، جىھاد دەۋەت يېيىش ئۈچۈن ئۇرۇش باشلاش ئەمەس. دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىن ھىمايىلىنىش خالاس دەپ ھېسابلىماقتا.

شۈبھىلەرنى كەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىسلامىي فەتىھلەرنىڭ مەقسىدى مۇستەملىكە قىلىش بولغان، دەپ ھېسابلىنىۋاتقان ئاۋۋالقى گورۇھقا شۇنداق دەيمىزكى: -سىلەر ئىسلامىي فەتىھلەرنى مەملىكەتلەرنى تۈرلۈك - تۈرلۈك ئازاب ئۇقۇبەتلەرگە گىرىپتار قىلىۋاتقان مۇستەملىكىچىلىك قىلىش مەقسىتىدىكى فەتىھلەرگە (ئۇرۇشلارغا) قىياس قىلغان سىلەر. ئىسلام نۇرىدىن نەسىبدار بولمىغانلىقىڭلار سەۋەبىدىن بۇ ئىككى فەتىھنى بىر-بىرىدىن ئايرىتىپ ئالالمايسىلەر.

مۇسۇلمانلار ئۇرۇش باشلاشتىن ئالدىن باشقىلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ، ئەگەر ئۇنى قوبۇل قىلسا، ھوقۇق ۋە بۇرۇچلىرى مۇسۇلمانلار بىلەن باراۋەر بولۇشىنى ئېيتىدۇ. ئەگەر ئىسلامدىن باش تارتسا، ئىسلام تۈزۈمىگە بويسۇنۇشنى تەكلىپ قىلىدۇ. شۇچاغدا ئۇلار بۇ تۈزۈمدىكى ياخشىلىقنى، ئادالەتنى ۋە ھىدايەتنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئۆزلىرى ئىنتىلىدۇ.



www.uyghurkitap.com

خوش مۇستەملىكىچىلەر باشقىلارنى نېمىگە دەۋەت قىلىدۇ؟
ئۇلاردا ئۆزۈشتىن ئالدىن باشقىلارنى تەكلىپ قىلىنىدىغان نەرسە
ئۇلاردا بارمىدى؟! ئېھتىمال ئۇلار دىنىي ھاياتتىن ئاجرىتىش
ئاساسىغا بەرپا قىلىنغان غەرب مەدەنىيىتىگە دەۋەت قىلغان
دېيىشىدۇ. ھالال ۋە ھارامغا ئوخشاش چۈشەنچىلەرنىڭ
يېقىنقىمۇ كەلمەيدىغان غەرب مەدەنىيىتى فەتھى قىلىنغان
شەھەرلەرنىڭ بايلىقلىرىنى ئىگەللىۋېلىپ ئاھالىسىنىڭ قېنىنى
شورىشتىن قايتۇرىدىغان ، ھارام نېمەلىكىنى بىلمەيدۇ، ھەممە
ئىشنى پايدا بىلەن ئۆلچەيدۇ. بۇ مەدەنىيەت مۇتلەق ماددىي
مەدەنىيەتتۇر. ماددىيلىقتىن باشقا مەنىنى بىلمەيدۇ.
ئەخلاقىي، ئىنسانىي، روھىي قىممەتلەرنى بىر تىيىنغا ئالمايدۇ.
بۇ نەرسە ئۇ فەتھ قىلغان شەھەرلەرنىڭ ئىچىنىشلىق ئەھۋاللىرىدا
يەنىمۇ ئېنىقراق نامايەن بولىدۇ. چۈنكى ئۇ فەتھى قىلىنغان
خەلقلەرنىڭ بىرەرسىمۇ ئۇنىڭ ئېتىقادىنى قوبۇل قىلغىنى يوق
بەلكى ھەممىسى ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچ ئېلىشقا ئىنتىلماقتا.
مۇستەملىكىچىلەر ئۆز پۇقرالىرى بىلەن پەتھ قىلىنغان مەملىكەت
ئاھالىسىنىڭ ھوقۇقلىرىنى باراۋەر قىلغان ئەمەس. ئىسلامنى
پەتھىلەر بولسا بۇنداق بولمىغان. ئىسلامىي پەتھ قايسى بىر
شەھەرنى پەتھ قىلغان پەيتتە ئۇنىڭ ئاھالىسى مۇسۇلمانلار بىلەن
باپباراۋەر ھوقۇققا ئىگە بولۇپ، بىرلىشىپ، بىر ئۇممەتكە
ئايلىنىپ كەتكەن. ھازىرغىچە شۇنداق بولۇپ كەلمەكتە.
مۇستەملىكىچىلەر ھاياتى بىلەن ئۇلار مۇستەملىكە قىلغان
خەلقلەرنىڭ ھاياتى ئارىسىدا ھوقۇق، ئىقتىساد، سودا، سېتىق،
قىشلاق ئىگىدارچىلىقى، سانائەت ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن زور
پەرق بار. مۇستەملىكىچىلەر ئۆزلىرى ئىگەللىۋالغان



شەھەرلەرنىڭ بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ، پاراۋان ياشاۋاتقان ھالدا
ئۇلارنىڭ ئاھالىسى مۇھتاجلىق، مەھرۇملۇق ۋە جاھالەت
ئازابىنى تارتماقتا. مۇستەملىكىچىلەر زور سانائەتلەر بەرپا
قىلىۋاتقان ھالدا بېسىۋېلىنغان خەلقلەر كۆپلىگەن ھوقۇقلاردىن
مەھرۇم بولۇپ، قالاقلىقتا كۈن ئۆتكۈزمەكتە. مۇستەملىكىچى-
لەر قەيەردىمۇ، خەلقىگە ھېچكىم تىل تەككۈزەلمەيدىغان،
ئادالەتتە ئۆمەر ياكى خادىمىنى ئايرىمايدىغان مۇسۇلمانلار
قەيەردە؟ مۇسۇلمانلار-بىر قىبتىنىڭ ھوقۇقىنى قوغداپ، ئەمىر
ئىبنى ئاسنىڭ ئوغلىنى دەررە ئۇرۇش ئۈچۈن ئەپكەلگەن.
مۇسۇلمان لەشكەر باشلىرىدىن بىرى ھېچقانداق دەۋەتسىز زورلۇق
بىلەن سەمەرقەنتكە كىرىپ كەلگەندە، شەھەرنىڭ ئەمىرى
شاھىنكى خەلىپىگە شىكايەت قىلىدۇ. خەلىپە بۇ ئىشنى
تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئەنىيانلىرىدىن بىرنى ئەۋەتىدۇ. ھېلىقى
ئەنىيان لەشكەر بېشىنىڭ ئاۋۋال دەۋەت قىلماي، زورلۇق بىلەن
شەھەرگە كىرگىنىنى بىلگەندە، ئۇنىڭغا لەشكەرنى شەھەردىن
قايتۇرۇپ چىقىشنى، كېيىن خالىسا دەۋەت قىلىشنى بۇيرۇيدۇ.
لەشكەر بېشى لەشكەرگە شەھەردىن چىقىشنى بۇيرىماقچى بولۇپ
تۇرغاندا، سەمەرقەنتنىڭ ئەمىرى خەلىپىنىڭ ئەلچىسىگە:
-سىزنى بۇ ئىشقا نېمە مەجبۇر قىلدى. شەھەرگە كىرگىچە
قىنالدىڭلارغۇ؟ دېدى. ئەلچى: بىزنى بۇنداق قىلىشقا دىنىمىز
بۇيرۇيدۇ، دەپ جاۋاپ بەردى . شۇنداق ئەمىر، سىزلەرنىڭ
دىنىڭلار بىزنىڭ دىنىمىزدىن ياخشىراقكەن،-دەپ مۇسۇلمان
بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى-دە، لەشكەرنى شەھەردە قالدۇردى. ۋە
ئۆزى ئاۋال ھاكىم بولغان شەھەرگە يەنە ھاكىم قىلىپ
تەيىنلەندى.

جىھاد ئۇرۇش باشلاش ئەمەس، دەپ بىلىدىغان ئىككىنچى گورۇھ ئۆز پىكىرلىرىنىڭ توغرىلىقىغا قۇرئاندىكى مۇنۇ ئايەتلەرنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

**وان جنحوا للسلم فاجنح لها**

-«ئەگەر ئۇلار سۈلھىگە مايىل بولسا، سىزمۇ ئۇنىڭغا مايىل بولۇڭ». 8:61.

**وقاتلوا في سبيل الله الذين يقاتلونكم ولا تعتدوا ان الله لايحب المعتدين**

-«سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلغۇچىلار بىلەن الله يولىدا ئۇرۇش قىلىڭلار ۋە تاجاۋۇزچى بولماڭلار! شۈبھىسىز الله تاجاۋۇزچىلارنى دوست تۇتمايدۇ». 2:190.

**اذن للذين يقاتلون بانهم ظلموا وان الله علي نصرهم لقدير***

-«ھۇجۇمغا ئۇچراۋاتقان زاتلارغا مەزلۇم بولغانلىقى سەۋەبىدىن (جەڭ قىلىش) ئىزنى بېرىلدى. ئەلۋەتتە الله ئۇلارنى غالىب قىلىشقا قادىردۇر». 22:39.

ئۇلار بۇ ئايەتلەرنى جىھادنىڭ مۇداپىئە ئىكەنلىكىگە دەلىل قىلىپ ئۇرۇش باشلاش ھەققىدىكى ئايەت بىر يۈز يىگىرمە بىر قېتىم ۋارىد بولغان ئايەتنى بىكار قىلالمايدۇ. دېمىشىدۇ ۋە بۇنىڭدىن جىھاد پەقەت مۇداپىئە ئۈچۈن دېگەن ھۆكۈمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ پىكىردىكى كىشىلەر شەرق شۇناسلارنىڭ ئىسلامدىن، خۇسۇسەن، ئىسلامدىكى جىھاددىن تەشۋىشلەنگەنلىكىدىن تەسىرلەنگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، چۈنكى، غەرب ئېتىبارىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبلىرىدىكى ئېتىقادنى زەئىپلەشتۈرۈشكە قارىتىش بىلەن بىرقاتاردا جىھادنى ۋەھشىلىك، ياۋايىلىق قىلىپ كۆرسىتىشكە قاراتقان. ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈش، روشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن بىز شۇنداق دەيمىزكى،



جىھاد دەلىللىرى ئومۇمىي ۋە ئوچۇق بولۇپ، مۇداپىئە ئۇرۇشىنىمۇ، دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش باشلاشنى، مەھدۇد ئۇرۇشنىمۇ (ئۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتقان دۈشمەن ھۇجۇمىنى قايتۇرۇش مەقسىتىدە قىلىنغان ئۇرۇشنىمۇ) ۋە باشقا خىل ئۇرۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنى پەقەت مۇداپىئە ئۇرۇشىغا خاسلاشتۇرۇش، ھۇجۇمنى ئەمەس، پەقەت مۇداپىئە ئۇرۇشى دەپ قەيت قىلىشى ئۈچۈن ئۇنى خاسلاشتۇرىدىغان ياكى قەيت قىلىدىغان دەلىل كېرەك. مۇنداق دەلىل بولسا، قۇرئاندىمۇ سۈننەتتىمۇ يوق. ئۇنىڭغا قارىغاندا جىھاد ھەممە ئۇرۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خاسلاشتۇرۇش ۋە قەيت قىلىش داۋاسىغا ھېچقانداق ئورۇن قالمايدىغانلىقى ئۈچۈن جىھاد ھەققىدىكى ئاخىرقى لەھزىلەردە ۋارىد بولغان «تەۋبە» سۈرىسىدىكى ئايەتلەرنى ئالايلۇق. الله تەئالا ئېيتىدۇ:

**قاتلوا الذين لايؤمنون بالله الاخر ولا يحرمون ماحرم الله ورسوله ولايدينون دين الحق من الذين اوتوا الكتاب حتي يعطوا الجزية عن يدوهم صاغرون ***

-«الله ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھارام دەپ بىلگەن نەرسىنى ھارام دەپ بىلمەيدىغان، ھەق (يەنى ئىسلام) دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئەھلى كىتابلاردىن ئىبارەت بولغان ئادەملەرگە قارشى تاكى مەغلۇب بولغان ھالدا ئۆز قوللىرى بىلەن (زىممىدىكى) سېلىق-جىزيەنى تۆلىگىنىگە قەدەر جەڭ قىلىڭلار!». 9:29.

**وقاتلوا المشركين كافة كما يقاتلونكم كافة واعلموا ان الله مع المتقين ***

-«بارچە مۇشرىكلار سىلەرگە قارشى جەڭ قىلغىنىغا ئوخشاش، سىلەرمۇ بارچىڭىز ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلىڭلار ۋە

بىلىڭلاركى، اللە تەقۋادار ئىنسانلار بىلەن بىرگەدۇر». 9:36

**ياايها النبي جاهد الكفار والمنافقين واغلظ عليهم وماواهم جهنم وبئس المصير ***

-«ئى پەيغەمبەر، كاپىر ۋە مۇناپىقلارغا قارشى كۈرەش قىلغىن ۋە ئۇلارغا قاتتىق قول بولغىن. ئۇلارنىڭ جايلىرى جەھەننەمدۇر. نەقەدەر يامان ئاقىۋەت بۇ!». 9:73

**ان الله اشترى من المؤمنين انفسهم واموالهم بان لهم الجنة يقاتلون في سبيل الله فيقتلون ويقتلون وعدا عليه حقا في التوراة والانجيل والقران ومن اوفى بعهده من الله فاستبشروا ببيعكم الذي بايعتم به وذلك هو الفوز العظيم ***

-«ئەلۋەتتە اللە مۆئمىنلەرنىڭ جانلىرىنى ۋە ماللىرىنى ئۇلاردىن جەننەت باراۋىرىگە سېتىپ ئالدى. ئۇلار اللە يولىدا جەڭ قىلىشىپ (كاپىرلارنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە (ئۆزلىرىمۇ اللە ئۈچۈن شەھىد بولۇپ) ئۆلتۈرۈلىدۇ. (بۇنداق مۆئمىنلەرگە جەننەت بېرىشكە) اللە تەۋرات، ئىنجىل ۋە قۇرئاندىمۇ ۋەدىسىنى بەرگەن. اللەدىنمۇ ئەھدىگە ۋاپادارراق كىم بار؟ بەس (ئى مۆئمىنلەر)، قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خوشال بولۇڭلار. مانا شۇ ھەقىقى بۈيۈك بەختتۇر». 9:111

**ياايها الذين امنوا قاتلوا الذين يلونكم من الكفار وليجدوا فيكم غلظة واعلموا ان الله مع المتقين ***

-«ئى مۆئمىنلەر، يېقىنىڭلاردىكى كاپىرلارغا قارشى جەڭ قىلىڭلار ۋە ئۇلار سىلەردىكى كۈچ-قۇۋۋەتنى كۆرسۇن! بىلىڭلاركى ئەلۋەتتە اللە تەقۋادار ئىنسانلار بىلەن بىرگەدۇر». 9:123

مانا شۇ بەش ئايەتتە ئۇرۇشقا بولغان بۇيرۇق ئوچۇق سۈرەتتە كەلگەن: «ئىشەنمەيدىغانلارغا قارشى



ئۇرۇشۇڭلار»، «ھەممە مۇشرىكلارغا قارشى ئۇرۇشۇڭلار»، «اللەنىڭ يولىدا ئۇرۇشىدۇ»، ئۇشبۇ ئايەتمۇ بۇيرۇق مەنىسىنى ئالىدۇ: «يېقىنىڭلاردىكى كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇشۇڭلار». بۇ ئايەتلەر ھۇجۇم ياكى مۇداپىئە بولۇشتىن قەتئىينەزەر جىھادنىڭ كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇش ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر. ئۇنى مۇداپىئە ئۇرۇشى دەپ ھېسابلاش ياكى قەيت قىلىشقا ھېچقانداق ئاساس يوق. چۈنكى ئايەتلەردىكى مەنانىڭ ئومۇملىقى ۋە مۇتلەقلىكى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئەمما اللە تائالانىڭ:

**وان جنح للسلم فاجنح لها**

-«ئەگەر ئۇلار سۈلھىگە مايىل بولسا سەنمۇ، سىلەرمۇ ئۇنىڭغا مايىل بولۇڭ». 8:61

**وقاتلوا في سبيل الله الذين يقاتلونكم ولا تعتدوا ان الله لايحب المعتدين ***

-«سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلغۇچىلار بىلەن اللە يولىدا جەڭ قىلىڭلار ۋە تاجاۋۇزچى بولماڭلار! شۈبھىسىز اللە تاجاۋۇزچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ». 2:190

**اذن للذين يقاتلون بانهم ظلموا وان الله على نصرهم لقدير***

-«ھۇجۇمغا ئۇچراۋاتقان زاتلارغا مەزلۇم بولغانلىقى سەۋەبىدىن جەڭ قىلىش ئىزنى بېرىلدى. ئەلۋەتتە اللە ئۇلارنى غالىب قىلىشقا قادىردۇر». 22:39

دېگەن ئايەتلەرگە ئوخشاش ئايەتلەر «تەۋبە» سۈرىسىدىكى ئايەتلەرنىڭ ئومۇملىقىنى خاسلاشقا، مۇتلەقلىكىنى قەيت قىلىشقا دەلىل بولالمايدۇ. چۈنكى بۇ ئايەتلەر «تەۋبە» سۈرىسىدىكى ئايەتلەردىن ئاۋۋال نازىل قىلىنغان. ئاۋۋال بولغان نەرسە كېيىن بولىدىغان نەرسىنى خاسلىيالمايدۇ، قەيت قىلالمايدۇ. چۈنكى خاسلاش دېگىنى ئومۇملىقنىڭ بىر قىسمىنى

بىكار قىلىش دېمەكتۇر. چۈنكى خاسلاش مەلۇم بىر قىسمىنى بىكار قىلىش بىلەن ھۆكۈمنى ئومۇملىقىدىن چىقىرىپ، باشقا بىر ھۆكۈمگە ئايلاندۇرۇشتۇر. مادامىكى، خاسلاش بىكار قىلىشنىڭ ئىكەن ۋە بىكار قىلىشتا بىكار قىلغۇچى كېيىن بىكار قىلىنغۇچى بولسا ئاۋۋال كېلىش شەرت ئىكەن، دېمەك مەزكۇر ئايەت «تەۋبە» سۈرىسىدىكى ئايەتلەرنى بىكار (يەنى مەنسۇخ) قىلالمايدۇ چۈنكى ئۇلار تەۋبە سۈرىسىدىكى ئايەتلەردىن ئاۋۋال نازىل قىلىنغاندۇر. قەيت قىلىش مەسىلىسىدىمۇ شۇنداق: قەيت قىلغۇچى كېيىن قەيت قىلىنغۇچى بولسا ئاۋۋال كېلىشى شەرت. ئۇيەردە «ئەگەر ئۇلار سۈلھىگە مايىل بولسا، سىزمۇ ئۇنىڭغا مايىل بولۇڭ» گە، ئوخشاش ئايەتلەر «تەۋبە» سۈرىسىدىكى ئايەتلەردىن ئاۋۋال نازىل بولغان ۋە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار قەيت قىلىشقا دەلىل بولالمايدۇ. دېمەك، ئايەتلەردىكى ئومۇملىق ئومۇمىيلىقىچە، مۇتلەقلىق مۇتلەقلىكىچە قېلىپ جىھاد ئومۇمەن ۋە مۇتلەق كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇش بولۇپ، ھۇجۇم ئۇرۇشىنىمۇ، مۇداپىئە ئۇرۇشىنىمۇ، ئالدىن ئالغۇچى ئۇرۇشنىمۇ، مەھدۇد ئۇرۇشنىمۇ، غەيرى مەھدۇدتىكى ئۇرۇشنىمۇ، قىسقىسى ھەممە تۈردىكى ئۇرۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«تەۋبە» سۈرىسىدىكى ئايەتلەر ئۇنىڭدىن ئاۋۋال نازىل بولغان ئايەتلەرنى بىكار قىلىدۇ، دېگەن داۋا ھەم ناتوغرادۇر. چۈنكى ئىككى دەلىل ئارىسىدىكى نامۇۋاپىقلىك مەۋجۇت بولۇشنىڭ ئۆزى ئۇلاردىن كېيىنكى ئاۋۋالقىنى بىكار (مەنسۇخ) قىلىش ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەس. بىكار قىلىش ئۈچۈن ئالاھىدە ھۆججەت - دەلىل بولۇشى شەرت. «ئەگەر ئۇلار سۈلھىگە مايىل بولسا، سىزمۇ



ئۇنىڭغا مايىل بولۇڭ» ئايىتىنى «[illegible]» [illegible]غانلارغا قارشى ئۇرۇشۇڭلار» . ئايىتى بىلەن بىكار [illegible] بولمايدۇ، بۇ ئىككى ئايەتنىڭ ئارىسىدا بىكار قىلىش دېگەن نەرسە يوق. چۈنكى ئۇلار بىر ھالەتتىكى ئەمەس ھەرخىل ھالەتلەردىكى ئايەتلەردۇر. بىرىنچى ئايەت سۈلھى ھالىتى بولسا، كېيىنكى ھالەت ئۇرۇش ھالىتى، سۈلھى ۋە ئۇرۇشمۇ باقى دائىمىي ھالەتلەردۇر. ئۇلاردىن بىرى ھەققىدىكى ھۆكۈملەرر يەنى بىرى ھەققىدىكى ھۆكۈملەررنى بىكار (مەنسۇخ) قىلالمايدۇ. زەمەخشەرى ئۆزىنىڭ «كەششاپ» ناملىق تەپسىر كىتابىدا الله تائالانىڭ «ئەگەر سۈلھىگە مايىل بولسا، سىزمۇ ئۇنىڭغا مايىل بولۇڭ» ئايىتىنى شۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: «توغراقى، بۇ يەردىكى بۇيرۇق خەلقنىڭ رايىغا ھاۋالە قىلىنغان ئۇ ئىسلام ۋە ئىسلام ئەھلىگە ئۇرۇش ياكى سۈلھىنىڭ قايسى بىرى پايدىلىق دەپ بىلسە شۇنى تاللايدۇ. ئەلۋەتتە سۈلھى ياكى ئۇرۇش قىلىش شەرت ئەمەس. سۇددى ۋە ئىبن زەيدلەر شۇنداق دەيدۇ: «ئايەت سىلەرنى سۈلھىگە چاقىرسا جاۋاپ بېرىڭ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ خالاس. ئۇنىڭدا ھېچقانداق بىكار (مەنسۇخ) قىلىش مەنىسى يوق» . ئىبن ئەرەبى شۇنداق دەيدۇ: «ئەنە شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا (سۈلھىگە) جاۋاپ بېرىش ئىختىيارلىق بولىدۇ» الله تالا ئېيتىدۇ:

فلا تهنوا وتدعوا الى السلم وانتم الاعلون والله معكم .

-«ئى مۆمىنلەر سىلەر كاپىرلارغا قارشى جەڭ قىلىۋاتقانلاردا بوشاڭلىق قىلماڭلار ۋە ئۆزلىرىڭلار ئۈستۈن، غالىب بولغان ھاللىرىڭلاردا ئۇلارنى يارىشىش - سۈلھىگىمۇ چاقىرماڭلار! الله سىلەر بىلەن بىرگىدۇر» . 47 : 35

ئەگەر مۇسۇلمانلارر غالىپ، قۇۋۋەتلىك، كۆپ سانلىق بولسا، ئۇنداقتا سۈلھى قىلىنمايدۇ.

دېدىلەركى:

سۈلھى قىلمايمەن ماڭا تولپارىم قۇۋۋەت بېرىدۇ،
قولۇمدىكى كەسكىن قىلىچ دۈشمەنلەرنى قىرىدۇ،

ئەگەر سۈلھى مۇسۇلمانلارر ئۈچۈن پايدىسىنى كۆزلەش ياكى زەرەردىن ئېھتىيات قىلىشقا ئوخشاش كېرەكلىك بولسا، ئۇنى ئۇلارى تەرەپدىن بىرىنچى بولۇپ تەكلىپ قىلىشنىڭمۇ زىيىنى يوق شۇنىڭغا قارىغاندا بۇ ئايەت جىھاد ھالىتىنى ئەمەس سۈلھى ھالىتىنى بايان قىلىدۇ. الله تائالا، سىلەر سۈلھىگە چاقىرىلساڭلار ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىگە جاۋاب بېرىڭلار خىيانەتلىرىدىن قورقماڭلار، دەۋېتىپتۇ. بۇنى ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتتە تەكىتلەيدۇ:

وان جنح للسلم فاجنح لها وتوكل علي الله انه هو السميع العليم* وان يريدوا ان يخدعوك فان حسبك الله هوالذي ايدك بنصره وبالمو'منين * والف بين قلوبهم *

-«ئەگەر ئۇلار سۈلھىگە مايىل بولسا، سىزمۇ ئۇنىڭغا مايىل بولۇڭ ۋە اللەقا تەۋەككۇل قىلىڭ ! ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئۆزى ئېشىتكۈچى، بىلگۈچىدۇر. ئەگەر ئۇلار سىزنى ئالدىماقچى بولسا، بەس، ئەلۋەتتە سىزگە اللەنىڭ ئۆزى يېتەرلىكدۇر، ئۇ سىزگە ۋە مۆئمىنلەرگە ئۆز ياردىمى بىلەن مەدەت بەرگەن ۋە سىزلەرنىڭ دىللىرىڭىزنى ئاشنا قىلغان زاتتۇر» . 8:61_63

دېمەك، بۇ ئىككى ئايەت ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق زىت يەر يوق چۈنكى ئۇلارنىڭ ماۋزۇلىرى باشقا باشقا ماۋزۇدۇر.

وقاتلوا في سبيل الله الذين يقاتلونكم ولا تعتدوا ان الله لايحب المعتدين



-«سىلەرگە قارشى ئۇرۇشقۇچىلار بىلەن الله يولىدا جەڭ قىلىڭلار ۋە تاجاۋۇزچى بولماڭلار! شۈبھىسىزكى الله تاجاۋۇزچىنى دوست تۇتمايدۇ» 2:190

بۇ ئايەتنىڭ ماۋزۇيى ئۇرۇشقۇچىلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۇرۇشمايۋاتقان خوتۇن بالا چاقىلىرىغا تاجاۋۇز قىلماسلىقتۇر. بۇ ئايەت «ھەممە مۇشرىكلارغا قارشى ئۇرۇشۇڭلار» . ئايىتى بىلەن بىكار (مەنسۇخ) قىلىنغان ئەمەس. چۈنكى بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى ئۇرۇشقا، جىھادقا بۇيرۇش، ئاۋۋالقى ئايەت بولسا، كىشىلەرگە قارشى ئۇرۇشۇشنى بەلگىلەش ئۇرۇشقۇچىلارغا قارشى ئۇرشۇشنى ۋە ئۇرۇشمايۋاتقان ياشانغانلار، گۆدەكلەر، ئاياللارغا تاجاۋۇز قىلماسلىق ماۋزۇسىدۇر. اللەنىڭ، «تاجاۋۇزچى بولماڭلار» . دېگىنى ئۇرۇش قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىڭلار: قولاق، بۇرۇننى كېسىش، قورالسىز كىشىلەرنى، ئاياللار، گۆدەكلەر ۋە قېرىلارنى ئۆلتۈرۈشكە ئوخشاش دىنسىزلارنىڭ ئادىتىنى قىلماڭلار دېگىنىدۇر.

قۇرئان كۆپ ئايەتلىرىدە تاجاۋۇزچىلىقتىن قايتۇرىدۇ، بۇنىڭدىن مەقسەت ئۇرۇشنى بىرىنچى بولۇپ باشلىماسلىق ئەمەس، بەلكى، ئۇرۇشتا شەرىئەت مەنئى قىلغان ئىشلارنى قىلماسلىقتۇر. چۈنكى «تەۋبە» سۈرىسىنىڭ ئايەتلىرى ئۇرۇشنى ئاۋۋال باشلاشقا ئېنىق دەلىلدۇر.

اذن للذين يقاتلون بانهم ظلموا وان الله علي نصرهم لقدير*

-«ھۇجۇمغا ئۇچراۋاتقان زاتلارغا مەزلۇم بولغانلىقى سەۋەبىدىن جەڭ قىلىش ئىزنى بېرىلدى. ئەلۋەتتە الله ئۇلارنى غالىپ قىلىشقا قادىردۇر» . 22:39

بۇ ئايەتتىمۇ مۇتلەق ئۇرۇشۇشقا بۇيرۇق بار. ئۇنىڭدا پەقەت

مەزلۇم بولغانلارغىلا ئۇرۇشۇش مەنسى يوق. چۈنكى ئاللە تائالانىڭ مەزلۇم بولغانلار مەزلۇم بولغانلىقى سەۋەبىدىن» دېگىنى ئۇرۇشنىڭ سەۋەبى بەلكى ۋاقىتنى سۈپەتلەشدۇر. شۇ سەۋەپتىنكى قۇرەيش مۇشرىكلىرى مۇسۇلمانلاررغا كۆپ ئازار بېرەتتى. ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كۆپ قېتىم مۇشرىكلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىدىن شىكايەت قىلىپ كېلەتتى. لېكىن ئۇ زات : «سەبرى قىلىڭلارماڭا تېخى پەرۋەردىگارىم تەرەپىدىن جەڭ قىلىشقا رۇخسەت بېرىلگىنى يوق»، دەپ قايتۇرۇۋەتەتتى. زەھهاك . ئېيتىدۇ: «ساھابىلار مەككىدە كۆپ ئازابلانغانلىغى سەۋەبىدىن كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇش ئۇچۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت سورىغاندا، اللە تائالا جاۋاب بېرىپ ئېيتتى:

ان الله لايحب كل خوان كفور*

-«ئەلۋەتتە، اللە ھەربىر خىيانەتچى ناشۈكۈرنى ياخشى كۆرمەيدۇ». 22:38

ئايىتىنى نازىل قىلدى. ھىجرەت قىلىنغاندىن كېيىن بولسا «ھۇجۇمغا ئۇچراۋاتقان زاتلارغا مەزلۇم بولغانلىغى سەۋەبىدىن جەڭ قىلىش ئىزنى بېرىلدى». ئايىتىنى نازىل قىلدى. دېمەك، بۇ ئايەتتە كۈچ ۋە ئۇرۇش بىلەن ئۈزلىرىدىن ئازارنى دەپئى قىلىش ئۇچۇن ئىزنى بېرىلۋاتىدۇ. ھەمدە ئۇلارغا ئازار بەرگەن مەككە مۇشرىكلىرىغا قارشى ئۇرۇشۇشقا بۇيرۇلۋاتىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ ماۋزۇسى شۇ. لېكىن ئۇ ئىشارىنىڭ دەلىلى بۇلۇش جەھەتىدىن ئۇرۇشقا بۇيرۇشقىمۇ ھۈججەت بولىۋېتىپتۇر. كالام بىر ھۆكۈمگە دالالەت قىلىش ياكى بىر ھۆكۈمنى بايان قىلىش ئۇچۇن كېلىدۇ-يۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن چۈشۈنىدىغان نەرسە ئۇ



www.uyghurkitap.com

بايان قىلغان ھۆكۈمدىن باشقا ھۆكۈم بولىدۇ. بۇ ئايەتتىن ئۇ ھۆكۈمگە دالالەت قىلىش ئۇچۇن كەلگەن بولىدۇ. ئايەتتە ئازارغا قارشى ئۇرۇشۇشنى بىكار قىلىپ، ۋە كېيىنكى ئايەتتە بولسا ئازارنى دەپئى قىلىش ئۇچۇن ئۇرۇششقا رۇخسەت قىلىنغىنىنى بايان قىلىپ كەلدى. لېكىن ئۇنىڭدىن باشقا ھۆكۈم، ئۇرۇشۇشقا بۇيرۇش ھۆكۈم چۈشۈنىلىدۇ. بۇ ئايەتتە يۇقىرىدىكى «اللەغا ئىشەنمەيدىغانلارغا قارشى ئۇرۇشۇڭلار». ئايىتىگە ھېچقانداق زىت يېرى يوق. چۈنكى ئۇلارنىڭ ماۋزۇلىرى باشقا باشقا دۇر. بۇ ئايەت پەقەت مەزلۇملۇق سەۋەبىدىنلا ئۇرۇشۇش قانۇنىدۇر. دېگەن گەپكە دەلىل بولالمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئۇرۇشۇشقا بۇيرۇش ئەمەس، بەلكى مۇشرىكلارنىڭ ئازارىغا قارشى تۇرۇشقا رۇخسەت بېرىشتۇر. بۇ ئىككى ئايەتنى بىر-بىرىگە قارمۇ قارشى قويۇش بىلەن جىھاد مۇداپىئە ئۇرۇشى دېيىشكە ھېچقانداق ئاساس يوق. مانا شۇلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى جىھاد ئايەتلىرىنىڭ بىرى ئىككىنچىسىنى بىكار قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇمۇمى ۋە مۇتلەق بولۇپ، ئۇلارنى خاسلايدىغان ۋە قەيت قىلىدىغان ھېچقانداق دەلىل كەلمىگەن. ئۇنداقتا، بۇ ئايەتلەر ئۇمۇمىلىكى ۋە مۇتلەقلىكىدە قېلىپ، جىھاد ھەممە ئۇرۇشنى مۇھاپىزەت ئۇرۇشىنىمۇ، ھۇجۇم ئۇرۇشىنىمۇ، خەلىقنىڭ دەۋەت ئۇچۇن مۇسۇلمانلارر ئۇچۇن پايدىلىق دېگەن رايىغا قاراپ بولىدىغان ھەرقانداق ئۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئۇرۇش بولىدۇ. جىھاد ھەققىدىكى توغرا چۈشەنچە مانا شۇ. بۇ مەسىلىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىسىدا، تابىئىنلار زامانىدا ئىككى كىشىنىڭ پىكرى ئىككى خىل بولغان ئەمەس. ھەممىسىنىڭ بىرخىل بولغان. مۇستەملىكچى كاپىرلار مۇسۇلمانلاررنىڭ شەھەرلىرىگە

كىرىپ ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادلىرى ۋە نۇقتىئىنەزەرلىرىنى قوبۇل قىلمىغان مۇسۇلمان پەرزەنتلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئېتىقادىغا بولغان ئىشەنچىنى زەئىپلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىسلام پىكىرلىرى ۋە چۈشەنچىلىرىگە قارشى قاقشاتقۇچ ئۇرۇش ئاچتى؛ ئىسلامى پەتىۋالەرنى مۇستەملىكىچىلىك مەقسىتىدە بولغان دەپ تەرىپلىدى. فەتىۋى دەپ ئاتالغانلار ئارىسىدا هالال ۋە هارام چۈشەنچىسىگە ئېتىبارسىزلىقنى كۆردى. ئۇلار مەنپەئەتدارلىق چۈشەنچىسىنى قوبۇل قىلغانلار، ئىسلامدىكى جىهادقا مۇداپىئە ئورۇنىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ توغرا مۇستەملىكىچىلەر تەيىنلىگەن هاكىملاردىن پايدىلىنىپ قىلىش مەقسىتىدە پەتىۋالار بەرگەن. بۇ ئىشلار بىلەن هاكىملارنىڭ جىهادقا بىپەرۋا ئىكەنلىكىنى ئاقلاپ، ئۇلاردىن ئالدىغان ئەرزىمەس مەرتىۋىلىرى هەققىگە ئاللاھنىڭ كىتابىغا قارشى گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلدى.

ئۇلارنىڭ تۇتقان پوزىتسىيىسىگە «تەۋرات»دا نازىل قىلىنغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپىتى ۋە پەيغەمبەرلىكىنى توغرىلىقنى ئىنكار قىلغان يەھۇدى ئۆلىمالىرىنىڭ پوزىتسىيىسىگە ئوخشاشتۇر. يەھۇدىي ئالىملىرى ئۆز هاكىملىرىدىن ئالىدىغان پارىلىرى هەققىگە شۇنداق قىلدى. بۇ هاكىملار ئالىملارنىڭ مۇسۇلمان بولۇپ كېتىشلىرى بىلەن هاكىمىيەتلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشلىرىدىن قورقۇپ، ئۇلارغا پارە بېرەتتى. ئاللاھ تائالا ئۇلار هەققىدە شۇنداق دەيدۇ:

ان الذين يكتمون مانزل الله من الكتاب ويشترون به ثمنا قليلا اولئك ماياكلون في بطونهم الا النار ولايكلمهم الله يوم القيامة ولا يزكيهم ولهم عذاب اليم * اولئك الذين اشتروا الضلالة بالهدي والعذاب بالمغفرة فما اصبرهم علي النار»

ـ «ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابنى ـ تەۋراتنى يوشۇرىدىغان (يەنى



تەۋراتتىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى هەققىدىكى خەۋەرلەرنى يوشۇرىدىغان) ۋە ئۇنى ئازراقلا قىممەتكە ساتىدىغان ئادەملەر قورساقلىرىنى پەقەت ئوت بىلەن تولدۇرىدۇ. ئۇلارغا قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ قارىمايدۇ ـ سۆزلىمەيدۇ ۋە ئۇلارنى گۇناهلىرىدىن پاكلىمايدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ئەلەملىك ئازاب باردۇر. ئەنە شۇلار هىدايەت ئورنىغا زالالەتنى، مەغفىرەت ئورنىغا ئازابنى سېتىۋالغان ئادەملەردۇر. جەهەننەم ئوتىغا ئۇلارنىڭ سەبرى تاقەتلىك ئىكەن هە؟». 148_144: 2

جىهاد مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ يەلكىسىگە يۈكلەنگەن ئۇمۇمى مەسئۇلىيەتلەردىن دېگەن ئىدۇق. دېمەك، ئۇ جامائەتكە ۋاجىبدۇر. خوش، يەككە شەخس جىهادى جائىزمۇ؟ جىهاد قاچان ۋاجىب ۋە قاچان مەندۇپ بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا جىهادقا بۇيرىغان، دېمەك، جىهاد پەرىزدۇر. جىهادقا تەئەللۇق بولغان نەرسىلەرگىمۇ بۇيرىغان. شۇنىڭدەك مۇسۇلمانلارنى بىر جامائە بولسا ئۆزلىرىگە ئەمىر سايلىۋېلىشنى بۇيرىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر سەپەردە ئۈچ كىشى بولساڭلار بىرىڭلارنى ئەمىر قىلىۋېلىڭلار!» ـ دېگەن. دېمەك جىهاد جامائىي پەرىز، مۇجاهىدلارنىڭ ئەمىرلىرى بولۇشى شەرت، جىهادقا تەئەللۇق بولغان ئىشتىن يەنە بىر ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا تەييارلىنىشنى بۇيرىغان:

واعدوا لهم مااستطعتم من قوة»

ـ «ۋە ئۇلار ـ كاپىرلار ئۈچۈن كۈچ تەييارلاڭلار. . .» 8:60

جىهادقا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كۈچ ۋە قوراللارنى تەييارلاش لازىم. يەنى جىهادقا تەئەللۇق بولغان ئىشلاردىن ـ ئاللاھ تائالا

ئاۋۋالدا بىر مۇسۇلمان ئون كاپىرغا تەڭ كېلىپ ئۇرۇشۇشقا، كېيىن بۇنى يەڭگىللىتىپ بىر مۇسۇلمان ئىككى كاپىرغا تەڭ كېلىپ ئۇرۇشۇشقا بۇيرىغان. دېمەك، مۇسۇلمانلارنىڭ قۇۋۋىتى جىھادقا كاپىرلاردىكى قۇۋۋەتنىڭ يېرىمى بولۇشى كېرەك. جىھاد ۋاجىب بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا تەئەللۇق بولغان مانا شۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇكەممەل بولۇش شەرت. ئەگەر ئۇلار مۇكەممەل بولمىسا جىھاد ۋاجىب بولمايدۇ. جىھاد شەخسىي ئەمەس جامائى ئىشتۇر. يەككە شەخسكە جىھاد ۋاجىب ئەمەس، خەلىپىسىز جىھاد قىلىشقا بولمايدۇ. خەلىپىنىڭ بولۇشى شەرت.

دۆلەتنىڭ دەسلەپكى ھالىتىدىن باشقا ھالەتلەردە بىرىنى ئىككىسىگە توغرا كېلىشى شەرت. بۇنداق بولمىسا جىھاد ۋاجىب بولمايدۇ. ئەنە شۇ شەرتلەر تولۇق بولغاندا جىھاد ۋاجىب بولىدۇ. تولۇق بولمىغان ياكى ئايرىملىرى تولۇق بولمىغان ۋاقىتتا مەندۇپ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ خەلىپىسىز جىھاد قىلىش، تەييارلىقسىز جىھاد قىلىش، يەككە شەخسنىڭ جىھاد قىلىشىغا ئوخشاش ئىشلار جائىز دۇر (ۋاجىب ئەمەس). چۈنكى اللە تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غا:

فقاتل فى سبيل الله لاتكلف الا نفسك

—«اللە يولىدا ئۇرۇش قىل. قىيىنچىلىقنى پەقەت ئۆزەڭگىلا ئال». 4:84.

دەپ يەككە ھالدا بولسىمۇ جىھاد قىلىشقا ئىجازەت بەرگەن.

ئىسرائىل دۆلىتىنىڭ ئىچىدە پەلەستىنلىك پىدائىلارنىڭ پارتلىتىش ھەرىكەتلىرى، ئۆز جېنىغا قەست قىلىش دەپ ئاتالغان ئىشلىرى شەخسىي يەككە ھالدىكى جىھاددۇر. لېكىن بۇ ئىشنى ئۆز جېنىغا قەست قىلىش ئىشى دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى



جىھاد ئۆز-ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش ئارىسىدا چوڭ پەرق بار.

شەخسى جىھادنى ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلاش دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى ھالاكەتكە تاشلاش جىھاد قىلىشقا ئەمەس بەلكى ئۇنى تەرك قىلىشتا دۇر. اللە تائالا ئېيتىدۇ:

**وانفقوا فى سبيل الله ولا تلقوا بايديكم الى التهلكة**

—«اللە يولىدىكى كۈرەش ئۈچۈن ماللىرىڭلارنى سەرپ قىلىڭلار. بېخىللىق قىلىش بىلەن ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار!». 2:195

سەئدى ئىبنى مۇئاز دەيدۇكى: «اللە تائالا پەيغەمبەرگە نۇسرەت بېرىپ، ئۇنى ئەزىز، غالىب قىلغاندىن كېيىن، بىز ئەمدى ئۇرۇشنى تەرك قىلىپ، مال دۇنيالىرىمىزغا قايتىپ، ئۇلارنى ئوڭلىۋالساقمىكىن دېگەن ئىدۇق. اللە بىز ئەنسارىلار ھەققىدە شۇ ئايەتنى نازىل قىلدى. دېمەك، بۇ ئايەت جىھادنى تەرك قىلىشنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىدىن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان.

مادامىكى، جىھاد ئىبادەتلەردىن ئىكەن، ئىبادەت ئۈچۈن بولسا نىيەت قىلىش شەرتكەن. مۇجاھىد ئۈچۈنمۇ نىيەت شەرت. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخىر زاماندا كەبە بىلەن ھىمايىلەنگەن قەۋم بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن يۈزلەنگەن ۋە يەر يۈزىنى ۋەيران قىلغان ئەسكەر ھەققىدە خەۋەر بېرىپ، لەشكەرنىڭ ئارىسىدا سالىھ كىشىلەرمۇ، يارىماس ئادەملەرمۇ بولۇشنى ئېيتقان ئىدى. شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سالىھ كىشىلەرنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە سورىغان ئىدى. بۇ كىشى: «ھەممىسى نىيىتىگە قاراپ تىرىلىدۇ»-دەپ جاۋاپ بەردى. (يەنى ھەممىسىنىڭ نىيىتىگە باغلىق بولىدۇ).

# مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمرى - مەئرۇف ۋە نەھى مۇنكەر ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتلىرى

مەدىنىدە ئىسلام جەمئىيىتى مەيدانغا كېلىشكە مۇيەسسەر بولۇپ، ئىسلام دۆلىتى بەرپا بولدى. مۆئمىنلەرنىڭ ئىشلىرى ئىزىغا چۈشۈپ كەتتى. ئەمدى بۇ جەمئىيەتنى ساقلاپ قېلىش شەرت. شۇچاغدا ئادەملەرنىڭ قوللىرى الله ۋە پەيغەمبىرى رازى بولىدىغان تەرەققى تاپقان يول بويىچە قالىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر توغرا يولدىن ئازغاننى، ھەقىقەتتىن قايتقاننى، ھۆسنى خۇلۇقتىن ئاداشقاننى توسۇش كېرەك. شۇچاغدا ئېزىش، تېيىلىش، ئادىشىش كەڭ يېيىلىپ كەتمەيدۇ. الله تائالا مۇسۇلمانلارغا يەككە شەخس ھالدىمۇ، جامائى ھالدىمۇ بۇزغۇنچىلىق يېيىلىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەمكارلىق بىلەن كۈرەش قىلىشنى ، بىر-بىرىگە ياردەم بېرىشلىرىنى ۋاجىب قىلغان. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمرى مەرۇف (ياخشىلىققا بۇيرۇش) نەھى مۇنكەر (يامانلىقتىن ياندۇرۇش)قا ئۈندىگۈچى ۋە بۇ ئىشنى ۋەزىپىسى ۋە ۋاجىب ئەمەلى قىلغۇچى شەرئى ھۆكۈملەر نازىل قىلىنغان. چۈنكى بىر جەمئىيەت بىر جىسىمغا ئوخشاشدۇر. ئۇنىڭدىكى بىرەر ئەزاغا شىكەستە يەتسە، باشقا ئازالىرى بىدارلىق ۋە ئىسمە بىلەن ئۇنىڭغا ھەمدەم بولىدۇ. بىر ئەزاغا يەتكەن كېسەللىكنىڭ پۈتۈن جىسىمغا يېيىلىپ كېتىشى خەۋپىمۇ يوق ئەمەس. شۇنىڭغا ئوخشاشلا جەمئىيەتكە كىرگەن ئايرىم بۇزۇقچىلىقلارنىڭ ئالدىنى ئالمىسا، ئۇلار تېزلا



پۈتۈن ھەممىنى ئىگەللىۋېلىشى ھېچگەپ ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىيەتنى مۇھاپىزەت قىلىش مەسئۇلىيىتى پەقەت ھۆكۈمدارلارنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مۇسۇلمان شەخسنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «ھەربىر مۇسۇلمان ئىسلام قورغانلىرىدىن بىرىگە جاۋاپكار، بەس (دۈشمەن) ئۇنىڭ تەرەپىدىن كەلمىسۇن». الله تائالا مۇسۇلمانلارنى ئەمرى - مەئرۇف نەھى مۇنكەر ئىشىدىن توختاپ قېلىشىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ، بالانىڭ ئازغانلار ۋە تايغانلارغىلا ئەمەس بەلكى ئۇلارنى قايتۇرمىغانلارغىمۇ، يەنى ھەممىگە كېلىشىنىڭ خەۋەرىنى بېرىدۇ:

**واتقوا فتنة لاتصيبن الذين ظلموا منكم خاصة واعلموا ان الله شديد العقاب**

-«ھەمدە سىلەردىن پەقەت زالىم ئادەملەرنىڭ ئۆزىگىلا يەتمەي بەلكى بارچىغا باراۋەر يېتىدىغان بالادىن ساقلىنىڭلار! ۋە بىلىڭلاركى، ئەلۋەتتە اللەنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر». 8:25

ياخشىلىققا دەۋەت قىلىش ئەمرى مەئرۇف ۋە نەھى مۇنكەر قىلىشقا ئۈندەيدىغان شەرئى ھۆججەتلەر خىلمۇ-خىلدۇر. ئۇلار گاھىدا ھاكىملارغا گاھىدا ئالىملارغا ۋە گاھىدا مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا خىتاب قىلىدۇ. چۈنكى يۇقىرىدىكى ئېيتىلغانلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ياخشىلىققا دەۋەت قىلىش ئەمرى مەئرۇف، نەھى مۇنكەر قىلىشدا بېجىرىدىغان ئۆز مەسئۇلىيىتى بار.

ھۆكۈمدارلار ئۆز ھاكىمىيەتلىرى ۋە قۇۋۋەتلىرى بىلەن بۇزۇقچىلىقنى يېيىشقا، ئەگرىلىكنى توغرىلاشقا قادىردۇر. قايسى بىر ئىش اللەنىڭ شەرىئىتىگە مۇۋاپىقمۇ، قايسى زىتلىقىنى ئالىملار بىلىدۇ. دېمەك، ئالىملار ياخشىلىق قەيەردە يامانلىق قەيەردىلىكىنى ئادەملەردىن ياخشىراق بىلگۈچىراقدۇر ۋە ئۇلارغا

ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىنى كۆرسىتىشكە قادىرراقدۇر.

مۇسۇلمانلار ئاممىسى بولسا، بۇزۇقچىلىق، ئازغۇنلۇق ئوتىدا قورۇلغۇچىلاردۇر. بۇ بۇزۇقچىلىق، ئازغۇنلۇق مەيلى ئايرىم تەرەپتىن سادىر بولسۇن مەيلى ھاكىملار تەرەپتىن سادىر بولسۇن.

ياخشىلىققا دەۋەت قىلىش ئەمرى مەئرۇف، نەھى مۇنكەر تۆۋەندىكى ھۆججەتلەرگە ئاساسەن مۇسۇلمانلارغا پەرىزدۇر. ئاللا تائالا ئېيتىدۇ:

**كنتم خيرامة اخرجت للناس تامرون بالمعروف وتنهون عن المنكر وتؤمنون بالله**

-«(ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى) ئادەملەر ئۈچۈن چىقىرىلغان ئۈممەتلەرنىڭ ياخشىسى بولۇڭلار، چۈنكى سىلەر ياخشى ئەمەللەرگە بۇيرۇيسىلەر، يامان ئەمەللەردىن قايتۇرۇسىلەر ۋە ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈسىلەر». 3:110

بۇ ئايەتتە ئەمرى مەئرۇف، نەھى مۇنكەر ياخشىلىقنىڭ سەۋەبى قىلىپ كۆرسىتىلىۋېتىپتۇ. دېمەك، ئۇنى بېجىرىش تەلەپ قىلىنىۋېتىپتۇ. ئاللا تائالا ئېيتىدۇ:

**والمؤمنون والمؤمنات بعضهم اولياء بعض يامرون بالمعروف وينهون عن المنكر**

-«مۆئمىن ئەرلەر ۋە مۆئمىن ئاياللار بىر-بىرىگە دوستتۇر، ياخشى ئەمەللەرگە بۇيرۇيدۇ، يامان ئەمەللەردىن قايتۇرىدۇ». 9:71

بۇ ئايەتتە ئەمرى مەئرۇف، نەھى مۇنكەر مۆئمىنلەرنىڭ ئەڭ خاس سۈپەتلىرىدىن قىلىپ كۆرسىتىلىۋېتىپتۇر. ئاللا تەئالا ئېيتىدۇ:

**الذين مكناهم في الارض اقاموا الصلاة واتوا الزكاة وامروا**



www.uyghurkitap.com

**بالمعروف ونهوا عن المنكر**

-«ئۇلارنى يەنى مۇسۇلمانلارنى يەر يۈزىگە ھاكىم قىلساق، ئۇلار نامازنى تولۇق ئادا قىلىدۇ، زاكاتنى (ھەقدارلارغا) بېرىدۇ، ياخشىلىققا بۇيرۇيدۇ، يامانلىقتىن توسىدۇ». 22:41

بۇ ئايەتتە ئەمرى مەئرۇف، نەھى مۇنكەر ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىشكە ئوخشاش پەرىزلەر قاتارىدا سانىلىۋاتىدۇ. ھۇزەيپە ئىبنى يەماننى رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەن: «جېنىم قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى، سىلەر ئەمرى مەئرۇف، نەھى مۇنكەرنى ئەلۋەتتە قىلىسىلەر، يا ئاللا تائالا ئۆز تەرىپىدىن سىلەرگە بىر ئازابنى ئەۋەتىشى يېقىندۇر. كېيىن ئۇنىڭغا دۇئا قىلساڭلار دۇئالىرىڭلار ئىجابەت بولمايدۇ».

بۇ ھەدىستە ئەمرى مەئرۇف نەھى مۇنكەر قىلىشقا تەكىتلەپ بۇيرۇق كېلىۋېتىپتۇر. ئۇنى بېجىرمەسلىكنى ئازابقا ۋە دۇئانىڭ ئىجابەت بولماسلىقىغا سەۋەب قىلىۋاتىدۇ. ئەگەر بۇ ئىشنى قىلىش قەتئى تەلەپ قىلىنمىغان بولسا، ئۇنى بېجىرمەسلىكنى ئازابقا ۋە دۇئانىڭ ئىجابەت بولماسلىقىغا سەۋەب قىلمايتتى. چۈنكى مەندۇپ ئىشلارنىڭ تەرك قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئازابلانمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ ئىشنى قىلىشقا تەلەپ قەتئى بولىۋېتىپتۇر. دېمەك، ئەمرى مەئرۇف، نەھى مۇنكەر مۇسۇلمانلارغا قەتئى پەرىزدۇر.

ئەبى سەئىدىل خۇدرىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەن: «كىمكى سىلەردىن بىر مۇنكەر ئىشنى (سادىر بولغىنىنى) كۆرسە، ئۇنداقتا، ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن. بۇنىڭغا قۇربى يەتمىسە تىلى بىلەن ئۇنىڭغىمۇ

قۇربى يەتمىسە قەلبى بىلەن. لېكىن بۇنىسى (قەلب بىلەن ئۆزگەرتىش) ئەڭ زەئىپ ئىماندۇر. بىر گورۇھ ئۆلىمالار مانا شۇ ھەدىسنى ئەمرى مەئرۇف، نەھى مۇنكەرنىڭ ھەربىر مۇسۇلمانغا ئىمكانىيىتىنىڭ دەرىجىسىدە پەرز ئىكەنلىكىگە دەلىل قىلىپ كۆرسەتكەن. ئىمكانىيەت شۇ ئۈچ ھالەتنىڭ بىردە بولماي قالمايدۇ. چۈنكى مۇنكەر ئىشنى ھەتتا دىلى بىلەن يامان كۆرمەيدىغان مۇسۇلماننىڭ ئۆزى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئىنساننىڭ تاقىتى يەتمەيدىغان نەرسىگە شەرىئەت تەكلىپ قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەدىستا بولىدىغان مۇنكەر ئىشنى توختىتىشى، بولاي دەپ تۇرغىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. دېمەك، ھەربىر مۇسۇلمان مۇنكەر ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا، بولىدىغان ئىشنى توختىتىشقا ئالدىرىشى لازىم. باشقىلارغا ئىشىنىپ ئۇزىنى ئېلىپ قېچىشى بوشاڭلىق قىلىشى جائىز ئەمەس. ئەگەر باشقىسى قايتۇرۇشقا ئۇنىسا، ئۇنى توختىتىش ياكى ئالدىنى ئېلىشقا مۇۋاپىق بولمىسا پەرز ئۇ مۇسۇلماندىن ساقىت بولمايدۇ. مۇنكەر ئىش پۈتۈن مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن سادىر بولىدىغان بولسا، جەمئىيەتتە بۇزۇقچىلىق ۋە پىتنىلەر كەڭ تارقىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پىتنىلەرنى يوق قىلىش، بۇزۇقچىلىقنى قۇرۇتۇش ھۆكۈمدارلارغا ۋاجىب بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇيرۇق بەرگۈچىلەردۇر. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ:

**الذين ان مكناهم في الارض اقاموا الصلاة واتوا الزكاة وامروا بالمعروف ونهوا عن المنكر**

-«ئۇلار يەنى مۇسۇلمانلارنى ئەگەر بىز يەر يۈزىدە غالىب قىلساق، ئۇلار نامازنى تولۇق ئادا قىلىدۇ، زاكاتنى (ھەقدارلارغا) بېرىدۇ، ياخشىلىققا بۇيرۇيدۇ، يامانلىقتىن توسىدۇ». 22:41. بۇ ۋەزىپە شۇنىڭدەك ئۆلىمالارنىڭمۇ



گەردىنىدەدۇر. چۈنكى ئۇلار پەندى-نەسىھەت قىلىش، توغرا يولنى كۆرسىتىش ۋە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇتۇش بىلەن ئادەملەرنى يولغا سېلىشقا قادىردۇر. پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئاممىسىمۇ قوللىرىدىن كەلگۈنچە ئاربىلىرىدىكى بۇزۇقچىلىققا قارشى تۇرۇشى لازىم.

ئەگەر مۇنكەر ئىش ھۆكۈمدارلار تەرىپىدىن سادىر بولسا، ئۇنى توختىتىش مەسئۇلىيىتى ئۆلىمالار گەردىنىدە بولىدۇ. بۇ ئىشتا ئۇلارنىڭ قوراللىرى مۇسۇلمانلار ئاممىسىدۇركى، ئۇلار ئاممىنى ھۆكۈمدارلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى تەكشۈرۈشكە، ئۇلاردىن ھېساپ ئېلىشقا، ئۇلارنى زۇلۇمدىن قايتۇرۇشقا چاقىرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «كىمكى ئاللاھ هارام قىلغان نەرسىنى ھالال قىلغان، ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىگە خىيانەت قىلغان زالىم سۇلتاننىڭ ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە گۇناھ ۋە تاجاۋۇزچىلىق بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىۋاتقىنىنى كۆرسە، ئۇنى يا تىلى بىلەن ياكى ئەمەلى بىلەن ئۆزگەرتمىسە، ئاللاھ ئادەمنىڭ قەيەرگە كىرگۈزۈلۈشىنى بىلىدۇ».

ئەگەر ئالىملارمۇ بۇزۇلسا، ھەقىقى بالا مانا شۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ھېچكىمدىن ئەمرى مەئرۇف ۋە نەھى مۇنكەر ئىشى ئىشىد قىلىنمايدۇ. ئاقىبەتتە بولسا، ئىماندىن زەررىمۇ قالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقان: «ئادەملەردىن ئىككى تائىپە باركى، ئەگەر ئۇلار تۈزەلسە، ئادەملەرمۇ تۈزىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇزۇلسا، ئادەملەرمۇ بۇزۇلىدۇ. ئۇلار ئالىملار ۋە ئەمىرلەر». ئەگەر جەمئىيەت مانا شۇ دەرىجىدە تۆۋەنلەشسە، زۇلۇم ھەددىن ئېشىپ، بۇزۇقچىلىق يېيىلىپ، خۇشاللىقلار بۇزۇلۇپ، ھىسلەر ئۆلۈپ، ئادەملەر زۇلۇم ئەلىمىنى

سىزىلمەيدىغان، بۇزۇقچىلىقنىڭ بەدبۇي ھىدىنى تۇيالمايدىغان بولۇپ قالسا، دىللىرىدىكى ئىمان زەئىپلەشسە، اللەنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىدىن يىراقلاشسا، ئۇلاردىكى گۇناھدىن قورقۇش ھىسسى ئۆلۈپ كەتسە، جەمئىيەتتىكى باراۋەرلىك ئىزدىن چىقسا، ئادەملەر اللەنىڭ بۇيرۇقلىرى ۋە توسۇقلىرىدىن، چېگرىلىرىدىن چەتنىسە، مانا شۇنداق بۇزۇق ۋاقىتلىكتىن چىقىش ئۈچۈن بىر يول بارمۇ؟

بار! ئىسلام ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ شۇ دەرىجىدە بۇزۇلۇپ، كېتىشىدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن ئىھتىيات چارىسىنى كۆرۈش بىلەن بىرگە ئۇنى ھەرقانداق يامان ۋاقىتدىن قۇتقۇزۇش چارىسىنىمۇ كۆرۈپ قويغان. ئەگەر مۇسۇلمانلار ئىھتىيات چارىلىرى بىلەن بىرلىكتە قۇتۇلۇش چارىلىرىنى ئىشلەتكەندە بۇگۈنكى كۈندىكى ھالەتلەرگە چۈشۈپ قالمىغان بولاتتى. ھازىرمۇ بۇ چارىلەرنى ئىشلەتسە، يامان ۋاقىتدىن قۇتۇلۇش ۋە تىكلىنىش كاپالىتىنى ئالىدۇ. ئىسلامنىڭ مۇسۇلمان مىللىتىنى ئۆزىگە لايىق دەرىجىدىن تۆۋەنلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بەلگىلەپ قويغان چارىلىرى ھۆكۈمدارلارنىڭ گەردىنىگە يۈكلەنگەن مۇھىم مەسئۇلىيەتتۇر.

مۇسۇلمانلار پەقەت بىر مۇددەت ۋاقىت مابەينىدە ئىشلىتىپ، كېيىن تاشلىۋەتقان پېتەرلىك مۇكەممەل بولغان چارىلەر ئىسلام ئېتىقادىغا ئاساسلانغان، ئىسلامىي دەۋەتنى يېيىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ھۆكۈمدارلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرى ۋە تەسەررۇپلىرى توغرىسىدا ھېساپ ئالىدىغان سىياسىي ھىزب - جەمائەدۇر. بۇ ئىشنى قۇرئان كەرىم ھۆججىتى بىلەن اللە تەئالانىڭ مۇسۇلمانلارغا ۋاجىب قىلغان مەسئۇلىيەتلىرىدىندۇر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ھۆكۈمدارلار بېجىرىش لازىم بولغان مۇھىم مەسئۇلىيەتلەر

مىللەتنىڭ كاتتىلىرى، يېتەكچىلىرى، باشقۇرغۇچىلىرى ھۆكۈمدارلاردۇر. ئۇلار قانچىلىك خەلققە ئىخلاس بىلەن قارىسا، خەلقلەرمۇ ئۇلارنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئىتائەت قىلىدۇ. قانچىلىك خەلقنىڭ مەنپەئەتلىرىگە بىپەرۋا بولسا، دۈشمەننى دەپئى قىلىشقا سۈسلۇق قىلسا، خەلق ئۇلارنى شۇنچىلىك يامان كۆرىدۇ، ئۇلاردىن نەپرەتلىنىدۇ. ھۆكۈمدارلارنىڭ گەردىنىدە بېجىرىش لازىم بولغان مۇھىم مەسئۇلىيەتلەر باركى، بېجىرىشكە سۇسلۇق قىلسا، بۇ دۇنيادا ئادەملەر تەرىپىدىن، ئاخىرەتتە بولسا اللە تائالا تەرىپىدىن ھېساپقا تۇتۇلىدۇ. ئەگەر بۇ ئىشلارنى تەلەپ قىلىنغاندەك بېجىرسە، جەمئىيەتنى ھەرقانداق يامانلىقتىن ساقلاپ كۈچلۈك ۋە ساغلام ھالدا مەھكەم تۇتقان بولىدۇ. بۇ ئىش مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمدار سايلاشتا ئاداشمىغان، ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن ھېساب تەلەپ قىلىپ تۇرغان تەقدىردىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ھۆكۈمدارلار بېجىرىش لازىم بولغان مۇھىم مەسئۇلىيەتلەر تۆۋەندىكىلەردۇر:

1. خەلقنى خەيرى خالىق بىلەن باشقۇرۇش بۇ ئىش ئىچكى ۋە تاشقى ئىشلاردا خەلقنىڭ ئىشىنى باشقۇرۇش، ئۇ ھەققىدە باش قاتۇرۇش، تەلىم - تەربىيە، ھەربىر شەخسنىڭ مەنپەئەتى ۋە شەخسى ئېھتىياجلىرىنى تولۇق قاندۇرۇشقا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش، تىنچلىقنى ۋە پاكلىقنى ساقلاش، روھى، خۇلقى ۋە ئىنسانىي قىممەتلەرنى مەيدانغا چىقىرىشقا ئىنتىلىش، مەكتەپلەر

ۋە ئالى ئوقۇش يۇرتلىرىدا تاشقىرى ھەرخىل كۇتۇپخانىلار ۋە باشقا مەرىپەت ۋاستىلىرىنى تەشكىل قىلىش بىلەن بولىدۇ (قاچانكى شۇنداق بولسا، فىقھ، ئۇسۇلى فىقھ، ھەدىس، تەفسىر، تەپەككۇر، تىبابەت، ھەندەسە، كەشپىياتلار، ئىختىرائلار ۋە باشقا مەرىپىي ساھالەرگە قىزىققۇچىلار بىمالال بەھسى يۈرگۈزىدۇ. شۇنداق بولسا خەلق ئارىسىدا مۇجتەھىد، ئىختىراچى، ئىجادكارلار يېتىشىپ چىقىدۇ). قورال - ئەسلەھەلەر ۋە ئۇلار ئۈچۈن زۆرۈر بولغان قىسىملار زاۋۇتلارنى قۇرۇش بىلەن بولىدۇ. شۇنداق قىلىنسا، جەمئىيەت كۈچلۈك ۋە ئىلغار جەمئىيەتكە ئايلىنىدۇ.

ئۇممەتنى خەيرى خالىق بىلەن باشقۇرۇشتا سۇت كەشلىك قىلىش، ئىشىكى خالىسلىقنى كەتكۈزىدۇ. ۋە نەتىجىدە ھاكىم بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدا تۇقۇنۇشلار كېلىپ چىقىدۇ. كېيىن ئۆز-ئارا ھەمدەملىك يوقۇلۇپ، نەتىجىدە جەمئىيەتكە بىپەرۋا قارىلىپ، ئۇنىڭ ئىپىدىن چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ الله تەئالا ھاكىملارنى خەلقنى خەيرى خالىق بىلەن باشقۇرۇشتا سۇتكەشلىك قىلىش ئاقىۋىتىدىن ساقلىنىشقا چاقىرغان. ماقال ئىبىن يەسار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن شۇنداق ئاڭلىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قايسى بىر بەندىنى الله پۇقراغا باشلىق قىلىپ قويسا، ئۇ پۇقرانى خەرىخالىق بىلەن باشقۇرمىسا، جەننەتنىڭ بويىنى تاپالماسلىقى مۇقەررەردۇر». يەنە ماقال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنىمۇ رىۋايەت قىلىدۇ: «قايسى بىر ھاكىم مۇسۇلمان پۇقرالارغا ئۇلارنى ئالداپ ھۆكۈم يۈرگۈزسە، ئۇنىڭغا جەننەت ھارام قىلىنماي قالمايدۇ».

ئىمام مۇسلىمنىڭ ماقالدىن رىۋايەت قىلىشچە، ئۇ پەيغەمبەر



ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىكەن: «قايسى بىر ئەمىر مۇسۇلمانلارغا باشچىلىق قىلسا، ئۇلار ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ قىلمىسا، خەيرى خالىق قىلمىسا، ئۇلار بىلەن جەننەتكە كىرمەسلىكى مۇقەررەردۇر».

ئەبۇ سەئىدىدىن رىۋايەت قىلىنىشچە، پەيغەمبە ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەن ئىكەن: «قىيامەت كۈنىدە ھەربىر خىيانەتكارنىڭ بىر بايرىقى بولۇپ، خىيانىتى مىقدارىدىن كۆتۈرىلىدۇ. ئاگاھ بولۇڭكى ئامما ئەمىرىنىڭ خىيانىتىدىنمۇ كاتتا خىيانەت بولمايدۇ».

2. ئامما ماللىرىنى سۇيى ئىستىمال قىلماسلىق.

مال الله رۇخسەت بەرگەن مەنبەلەردىن ئېلىنىدۇ. ۋە الله بۇيرىغان جايلارغا سەرپ قىلىنىدۇ. ھاكىم قولىدىكى مالنى خەلقنىڭ مەنپەئەتى يولىدا سەرپ قىلىدۇ. بۇ ئىشتا ئازراقىنا ئىسراپ يەنى ناشەرئى جايغا سەرپ ئېتىشمۇ، ئىسراپ خورنى اللەنىڭ ئازابىغا گىرىپتار قىلىدۇ. ئەبۇ ھۇمەيدىسسائىدىدىن رىۋايەت قىلىنىشچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىبنى ئۇتبىيەنى بەنۇ سۇلەيم قەبىلىسىدىن زاكاتلارنى يىغىپ كېلىش ئىشىغا تەيىنلىگەن ئىدى. ئۇ قايتىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن ھېسابات سورىدى. ئۇ ئېيتتى: «مانا بۇ سىلەر ئۈچۈن، مانا بۇ بولسا ماڭا قىلىنغان ھەدىيە». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئەگەر راست گەپ قىلىۋاتقان بولساڭ، ھەدىيە كەلگىنىگە قەدەر ئاتا-ئاناڭنىڭ ئۆيىدە ساقلاپ ئولتۇرمايسەندە»، دېدى. كېيىن ئورنىلىرىدىن تۇرۇپ، ئادەملەرگە خىتاب قىلىپ، اللەقا ھەمدۇ سانا ئېيتقاندىن كېيىن شۇنداق دېدى: «ئەمما بەئدۇ، مەن سىلەردىن بىر نەچچە كىشىنى الله مېنى مۇتەسەددى قىلغان

ئىشلارنىڭ ئايرىملىرىغا تەيىنلىگەن ئىدىم. بۇلاردىن بىرى كېلىپ: مانا بۇ سىلەرگە، بۇنىسى بولسا، ماڭا قىلىنغان ھەدىيە، دېدى. ئۇ راست گەپ قىلىۋاتقان بولسا، ھەدىيە كەلگىنىگە قەدەر ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ساقلاپ ئولتۇرماپتۇ-دە. بەس، اللەغا قەسەمكى، سىلەرنىڭلارمۇ بىرەر نەرسىنى ناھەق ئالماڭلار. ئەگەر ناھەق ئالسا قىيامەت كۈنىدە اللە قېشىغا ئالغان نەرسىنى كۆتۈرۈپ بارىدۇ. بۇ ھەدىس اللەنىڭ ھېساپ ئېلىشى، يامان ئەمەلگە ئازاب بېرىشكە دالالەت قىلىش. ھاكىمنىڭ ئامما ماللىرىغا خىيانەت قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. ساھابىلار ۋە تابىئىنلار (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم) مالنى شۇنداق چۈشەنگەن ئىدى. بۈگۈنكى ئاممىنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ مۈلكى ھېسابلانغان نېفىت، ئالتۇن، كۈمۈش، كۆمۈر، تۆمۈر كانلىرىدىن كېلىۋاتقان دارامەتلەر ھاكىملارنىڭ گويا شەخسى مۈلكىدەك ئۇلجىلارغا ئايلىنىپ قالدى.

3. ھاكىملارنىڭ خەلق ئالدىدىكى مۇھىم مەسئۇلىيەتلىرى-دىن بىرى اللە نازىل قىلغان نەرسە بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈشتۇر. چۈنكى، شەرئى ھۆكۈملەرنى تەتبىق قىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ چىقارغان ھۆكۈملىرىنى رازىلىق ۋە مەمنۇنىيەتلىك بىلەن قوبۇل قىلىشلىرىدىن تەمىنلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە شەرئى ھۆكۈم تاجاۋۇزچىلارنى، مۇخالىپلارنى قايتۇرىدىغان. ھۆكۈم ئىجرا قىلىدىغان شەخسلەرنى اللەنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئازابىدىن توسىدىغان توسۇقلاردۇر. ئەگەر شەرئى ھۆكۈملەر ئىجرا قىلىنمىسا، خەلق زۇلۇم ۋە تەڭلىككە دۇچار بولۇش بىلەن بىرگە ئەنە شۇ ئازابتىن توسىدىغان توسۇقلاردىنمۇ مەھرۇم بولىدۇ. ھۆكۈملەرنى خاتىرجەملىك بىلەن، مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل



www.uyghurkitap.com

قىلىشتىن مەھرۇم بولۇپ، ئۇلارنى دىنى ئۈچۈن پىتنە، دۇنياسى ئۈچۈن زۇلۇم ھەس قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قانۇن چىقارغان زات-اللە تائالا ھاكىمغا ئاندىن ھۆكۈم چىقىرىشنى بەلگىلەپ بەرگەن. ئۇنىڭغا اللەنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتى بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈشنى ۋاجىپ قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ ئىككى مەنبە دائىرىسىدە ئىجتىھاد قىلىش ھوقۇقىنىمۇ بەرگەن. ئۇنى ئىسلامدىن باشقىغا كۆز تىكىشتىن قايتۇرغان. ئۇنىڭغا ئىسلامدىن باشقا ھېچقايسى مەنبەدىن ھېچنەرسە ئالماسلىقنى قاتتىق تەيىنلىگەن.

ھۆكۈم يۈرگۈزۈشتە پەقەت قۇرئان ۋە سۈننەت بىلەن چەكلىنىشكە قۇرئان ئايەتلىرىدە ئېنىق دەلىللەر مەۋجۇتتۇر. اللە تائالا ئېيتىدۇ:

ومن لم يحكم بما انزل الله فاولئك هم الكافرون *

—«كىمىكى اللە نازىل قىلغان نەرسە بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزمىسە، ئۇلار كاپىرلاردۇر». 5:44.

بۇ ئايەت ھۆكۈم يۈرگۈزۈش پەقەت اللە نازىل قىلغان نەرسە بىلەن چەكلىنىشى كېرەكلىكىنى ئاڭلىتىدۇ. اللە نازىل قىلغان نەرسە لەۋزىمۇ، مەناسىمۇ اللەدىن بولغىنى - قۇرئان، پەقەت مەناسى اللەدىن بولۇپ، لەۋزى رەسۇلۇللاھنىڭ بولغىنى -سۈننەتتۇر. دېمەك، ھاكىم ھۆكۈم يۈرگۈزۈشتە قۇرئان ۋە سۈننەت چېگراسىدىن چىقىپ كەتمەسلىكى كېرەك. قانۇن چىقارغان زات - اللە ئۇنىڭغا ئىجتىھادقا ئىجازەت بەرگەن. ئىمامى بۇخارى رىۋايەت قىلىدۇكى: «ھاكىم ھۆكۈم يۈرگۈزۈۋېتىپ ئىجتىھاد قىلسا، ۋە بۇ ئىجتىھادى توغرا چىقسا، ئۇنىڭغا ئىككى ئەجىر (ساۋاپ) بار. ھۆكۈم يۈرگۈزۈۋېتىپ

ئىجتىهاد قىلسا، ئىجتىهادى خاتا چىقسا، ئۇنىڭغا بىر ئەجىر بار».

قانۇن چىقارغان زات ئىسلامدىن باشقا مەنبەدىن ھۆكۈم سوراشتىن ياكى باشقا مەنبەنى ئىسلامغا شېرىك قىلىشتىن قايتۇرغان. الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ شۇنداق دەيدۇ:

**وان احكم بينهم بما انزل الله ولا تتبع اهواءهم واحذرهم ان يفتنوك عن بعض ما انزل الله اليك ***

–«ئى مۇھەممەد، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا الله نازىل قىلغان شەرىئەت بىلەن ھۆكۈم قىلغىن، ئۇلارنىڭ ھاۋايى نەپسىلىرىگە ئەگەشمەڭ ۋە اللەنازىل قىلغان ھۆكۈملارنىڭ ئايرىملىرىدىن سىزنى بۇراپ پىتنىگە سېلىپ قويۇشىدىن ئېھتىيات قىلىڭ».
5:49

ھاكىمنىڭ گەردىنىگە يۈكلەنگەن بۇ مەسئۇلىيەتلەر مۇھىم مەسئۇلىيەتلەدۇركى، ھاكىمنىڭ ئۇلارنىڭ بارچىسىنى ياكى ئايرىملىرىنى بىجىرىشتە بوشاڭلىق قىلىش رەسۋالىق ۋە نادامەتكە ئېلىپ بارىدۇ. ئائىشە ئانىمىز: «مېنىڭ ئۆيۈمدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىغان ئىدىم»، دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: «ئى الله، كىمكى ئۈممەتىمنىڭ بىرەر ئىشىدا باشلىق بولسا، ۋە ئۇلارغا شەپقەتسىز بولسا، سەنمۇ ئۇنىڭغا شەپقەتسىز بولغىن. كىمكى ئۈممىتىمنىڭ ئىچىدە باشلىق بولسا ۋە ئۇلارغا مېھرىبان بولسا سەنمۇ ئۇلارغا مېھرىبان بولغىن».

قانۇن چىقارغان زات توغرا يولدىن ئازغان ھاكىمنى ئاگاھلاندۇرۇش، قورقۇتۇش بىلەن كۇپايە قىلماي، ئۈممەتكە ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ھېس قىلمايدىغان ھاكىمنى ئۆگلاش ھوقۇقىنى بەردى. بەس، ئۈممەتكە ھاكىمنى ئىنكار قىلىشنى ۋاجىب قىلدى، ۋە بۇ ئىش ئۈچۈن تۆرت يولنى بەردى:



ئۇلاردىن ئۈچىسى ھاكىمنى ئىنكار قىلىش ھوقۇقى، تۆرتىنچىسى بولسا ئۇنى بۇزۇتۇش ئىمتىيازىدۇر. بۇ تۆرت يولنىڭ قايسى بىرىدىن مېڭىش ئۈممەتكە ھاۋالە.

بىرىنچى يول – شۇرا مەجلىسى، بۇ مەجلىس ھاكىمدىن (خەلىپەدىن) قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى ۋە تەسەررۇپلىرى بويىچە ھېساپ ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە.

ئىككىنچى يول – ئىسلامى ئېتىقادقا ئاساسلانغان ياخشىلىققا دەۋەت قىلىش ھەمدە ئەمرى مەئرۇف، نەھى مۇنكەر بىلەن سىياسىي تەشكىلاتلار ۋە سىياسىي جامائەلەردۇر.

ئۈچۈنچى يول – ھەممە مۇسۇلمانلار.

تۆرتىنچى يول – شەرىئەتكە ئەمەل قىلماي، ئۇنى بىجىرىشكەن ياكى شەرىئەت ھۆكۈمىنى قوللىغان، دەۋەت ئېلىپ بارمىغان، نەتىجىدە ئادەملەر ئۇنىڭغا قىلغان بەيئەتلىرىدىن ئازات بولۇپ، بۇزۇشتىلىش شەرت بولغان خەلىفىنى خەلىفىلىكتىن بوشۇتۇش ھۆكۈمنى چىقىرىشقا ئىمتىيازلىق بولغان مەھكىمەتول-مەزالىم يەنى ئالىي سوت مەھكىمىسىدۇر.

خەلىفە مەھكەمەتو-ل- مەزالىم چىقارغان ھۆكۈم بىلەن بۇزۇشتىلىدۇ. ئەگەر ئۇ مەھكىمە ھۆكۈمىگە بويسۇنمىسا، اللەنىڭ ھۆكۈمىگە قارشى چىققان بولىدۇ. ۋە بۇ ھالدا ئۇنى بۇزۇتۇش مۇسۇلمانلارنىڭ گەردىنىدە بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىدىكى ئۇنىڭغا قىلغان بەيئەتلىرى بىكار قىلىنىپ بولغان بولىدۇ. الله تائالا مەسئۇلىيەتلەردىن بىرەرسىنى يېتەرلىك مىقداردا ھېس قىلالمىغان ھاكىمنى ئاگاھلاندۇرغىنىغا ئوخشاش ئەمرى مەئرۇف، نەھى مۇنكەر ئىشىدا سۇسلۇق قىلغان ھەربىر مۇسۇلماننىمۇ ئاگاھلاندۇرىدۇ. اللەنىڭ پەيغەمبىرى

ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇ: «جېنىم قولىدا بولغان زاتقا قەسەمكى، ياسىلەر ئەمرى مەئرۇپ نەھى مۇنكەرنى سۆزسىز بىجىرسىلەر ياكى اللە ئۆز تەرىپىدىن سىلەرگە بىر ئازاب بېرىشى مۇقەررەردۇر. كېيىن ئۇنىڭغا دۇئا قىلماقلار دۇئالىرىڭلار ئىجابەت بولمايدۇ».

ھاكىمنى ئىنكار قىلىشتا ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنى شەھىدلارنىڭ سەيىدى قاتارىغا قويۇش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «شەھىدلارنىڭ سەيىدى ھەمزە ۋە زالىم ھاكىمغا قارشى تۇرۇپ ئۇنىڭغا يول كۆرسەتكەن ۋە نەتىجىدە ھاكىم ئۇنى ئۆلتۈرگەن ئادەمدۇر».

كېيىن قانۇن چىقارغۇچى زات اللە تائالا، ئىنكار قىلىش شەكىللىرىنىمۇ بەلگىلەپ بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتتى. «كىمىكى سىلەردىن بىر مۇنكەر ئىشنى كۆرسە، ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن، ئەگەر قۇربى يەتمىسە تىلى بىلەن، ئۇنىڭغا قۇربى يەتمىسە دىلى بىلەن (لېكىن بۇنىسى ئەڭ زەئىپ ئىماندۇر)».

دېمەك، قانۇن چىقارغۇچى زات نەھى مۇنكەر شەكىللىرىنى ئۈچ ئىش بىلەن بەلگىلىگەن: قول بىلەن ئۆزگەرتىش، تىل بىلەن ئۆزگەرتىش، دىل بىلەن ئۆزگەرتىش.

1. قول بىلەن ئۆزگەرتىش.

ھاكىمنى قول بىلەن ئۆزگەرتىشتە ئۆزگەرتىش كېرەك بولغان ئىشقا قارىتىلىدۇ. ئەگەر ئۇ شەخسى ئىشلاردىن بولۇپ، ھاكىمنىڭ دىنىغىلا زەرەر قىلسا، ئۇنى ئىسلامدىن چىقارمىسا، خەلققىمۇ زەرەر يەتمىسە، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىلىچ يالىڭاچلاپ بېرىش جائىز ئەمەس. ئەگەر مۇنكەر ئىش ھاكىمنى ئىسلامدىن



چىقىرىپ تاشلىسا. ئىبنابلۇق دىتىدىن قايتقان پاكى ئىلاھ، رىۋا پاكى قايسىدۇر دەلالىتى ۋە سۇبۇتى قەتئىي بولغان ھۆكۈمنى بىجىرمىسە پاكى دۆلەت ئىشىنى ئېلىپ بارمىسا، بۇنداق ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئۈستىگە قىلىچ يالىڭاچلاپ بېرىش ۋاجىب. ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم ئۇبادە ئىبنى سامىتتىن رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەن ئىكەن: «بىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلغاندا ئۇ زاتقا بەيئەت قىلغانىمىز. بەيئەت نەپسىمىز خالىسا-خالىمىسامۇ قىيىنچىلىق پاراۋانلىقىدىمۇ قولاق سېلىپ ئىتائەت قىلىش، دىن مەنپەئىتىنى ئۆزىمىزنىڭكىدىن يۇقىرى قويۇش، ھۆكۈمدارلارغا قارشى چىقماسلىقتا بولغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۆكۈمدارلارنىڭ قىلمىشلىرىدا كۇفۇر مانا مەن دەپ ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرغان ھەمدە بۇ ئىشنىڭ كۇفرىلىقىغا قولىڭىزدا اللە تەرىپىدىن بېرىلگەن دەلىل ھۆججەت بولغان چاغدىلا قارشى چىقىشىمىز مۇمكىن» دېگەن.

2. تىل بىلەن ئۆزگەرتىش.

تىل بىلەن ئۆزگەرتىش قول بىلەن ئۆزگەرتىشكە قادىر بولۇش بولماسلىقتىن قەتئىينەزەر بولىۋېرىدۇ. تىل بىلەن ئۆزگەرتىش ئەگەر يۈزمۇ-يۈز تۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتى بولسا، يۈزمۇ-يۈز تۇرۇپ، ئازارلىنىشقا ئېلىپ بارسىمۇ، ھاكىمنىڭ يۈزىگە يىتلى (خۇلق ئادىتى) ئادىتى ئىنكار قىلىنىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «شەھىدلەرنىڭ سەيىدى ھەمزە ۋە زالىم ھاكىمغا قارشى تۇرۇپ ئۇنىڭغا يول كۆرسەتكەن ۋە نەتىجىدە ھاكىم ئۇنى ئۆلتۈرگەن كىشىدۇر».

گاھىدا ھازىرقىغا ئوخشاش يۈزمۇ-يۈز بولۇش ئىمكانىيەت بولماي قالىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئىنكار قىلىش، كېيىنت،

ژورنال، رادئو، تېلېۋىزورغا ئوخشاش ئاممىۋى ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق، جۈمە خۇتبىلىرى ئارقىلىق، ئاممىۋى يىغىنلاردا ياكى ئىنكار قىلىش كېرەك بولغان پىكىرلەر، ئىشلار، تەسەررۇپلارنى ئىنكار قىلغۇچى ۋاراقلار ۋە كىتاب تارقىتىش بىلەن بولىدۇ.

3. دىل (قەلب) بىلەن ئۆزگەرتىش.

بۇ ئىش تىل بىلەنمۇ ئىنكار قىلىش ئۈچۈن قۇربەت يوق ۋاقىتدا بولىدۇ. ئۇمموۇسلىمەنىڭ ھەدىسىدا كەلگەن: «كىمىكى يامان كۆرسە، (يەنى دىلى بىلەن ئىنكار قىلسا)، ئۇ گۇناھدىن ئازاد بولىدۇ. كىمىكى ئىنكار قىلسا ئۇسالامەت بولىدۇ. لېكىن كىمىكى رازى بولۇپ، ئەگەشسە...» ئاۋۋالقى رىۋايەتتە بولسا بۇنداق: «كىمىكى بىلسە گۇناھدىن خالى بولۇپتۇ، كىمىكى ئىنكار قىلسا سالامەت بولۇپتۇ، لېكىن كىمىكى رازى بولۇپ ئەگەشسە...».

بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە نەۋەۋىي شۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ مەناسى - الله ئەئلەم (يەنى اللەنىڭ ئۆزى ناھايىتى ياخشى بىلگۈچىدۇر) - كىمىكى مۇنكەر ئىشنى بىلىپ ۋە ئۇنىڭغا قارشى چىقمىسا ئۇنىڭغا قولى ياكى تىلى بىلەن ئۆزگەرتىش بىلەن گۇناھدىن ۋە ئازابتىن فارىق (ئازاد) بولۇش يولى ئېچىلىدۇ. ئەگەر قىلسا قەلبى بىلەن يامان كۆرسۇن، كىمىكى ئىنكار قىلسا سالامەت بولىدۇ، يەنى كىمىكى قولى ۋە تىلى بىلەن ئۆزگەرتىشكە قادىر بولمىغىنى ئۈچۈن دىلى بىلەن ئىنكار قىلىپ يامان كۆرسۇن، ئاشۇ ئىشنىڭ گۇناھقا شېرىك بولۇپ قېلىشتىن سالامەت بولۇپ قالىدۇ. لېكىن كىمىكى رازى بولۇپ، ئەگەشسە، يەنى ئۇلارنىڭ پىئلى (خۇلق ئادىتى) بىلەن رازى بولسا، ۋە



ئەمەلدە ئەگەشسە گۇناھدىن فارىغمۇ بولمايدۇ».

ئاخىرقى يەنى قەلبى بىلەن ئىنكار قىلىش ھەدىستە كەلگىنىدەك، ئەڭ زەئىپ ئىماندۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا، يەنى قەلبى بىلەنمۇ ئىنكار قىلمىسا، تىرىك ئادەمنىڭ ئۆلۈكتىن پەرقى قالمايدۇ. ھۇزەيفە ئىبن يەمانى بىر كۈنى ئادەملەرگە قاراپ شۇنداق دەيدۇ: «ئى ئادەملەر، مەندىن سورىمايسىلەرمۇ؟ ئادەملەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ياخشىلىق ھەققىدە سورايتتى. مەن بولسام يامانلىق ھەققىدە سورايتتىم. مەندىن تىرىك ئۆلۈكلەر ھەققىدە سورىمايسىلەرمۇ؟

الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇ كىشى ئادەملەرنى زالالەتتىن ھىدايەتكە، كۇفرىدىن ئىمانغا دەۋەت قىلاتتى. دەۋەتنى قوبۇل قىلغانلاردىن قوبۇل قىلاتتى. ئاۋۋال ئۆلگەن ئادەم ھەقىقەت بىلەن تىرىلىدۇ. ئاۋۋال تىرىك بولغان كىشى، باتىل ناھەقلىق سەۋەبىدىن ئۆلىدۇ. كېيىن پەيغەمبەرلىك كېتىپ، پەيغەمبەرلىك يولىغا ئاساسلانغان خەلىفىلىك بولىدۇ. كېيىنراق بولسا ياۋۇز پادىشاھلىق بولىدۇ. (خەلققە زۇلۇم زوراۋانلىق قىلىدۇ). شۇنىڭدەك ئادەملەردىن قايسى بىرى قەلبى، قولى، تىلى بىلەن ئىنكار قىلسا، ھەقىقەت مۇكەممەل بولىدۇ. قولى بىلەن ئىنكار قىلىشتىن يالتايسا، ھەقىقەت بىر بۆلىكىدىن ئاجرايدۇ. كىمىكى دىلى بىلەن ئىنكار قىلىپ، قولى ۋە تىلىنى تارتسا ھەقىقەت ئىككى بۆلىكىدىن ئاجرايدۇ. كىمىكى دىلى بىلەن، تىلى بىلەن ئىنكار قىلمىسا، ئەنە ئاشۇ تىرىك ئۆلۈكتۇر».

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھاكىملارنىڭ ئىسلام تۈزۈمىنى تەتبىق قىلغان ھاللىرىدا بولىدۇ. چۈنكى ئەمرى مەئرۇف، نەھى

مۇنكەرگە ئۇندەۋاتقان ئايەت ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان
ياشاۋاتقان جەمئىيەت ئىسلامى جەمئىيەت دېگەن ئېتىبار بىلەن
ئۇندەۋاتىدۇ. ئىسلام تۈزۈمى سايىسىدا زۇلۇملارنى ئاجىرىتىم
قىلىدىغان مەھكىمە (مەھكىمەتول مەزالىم) ئىشلەنمەيۋاتقان ياكى
ئۇمۇمەن مەۋجۇت بولمىغان ھالدىلا قول بىلەن ئۆزگەرتىشكە
ئېھتىيات سىزىلىدۇ. مەھكەمەتول مەزالىم مەۋجۇت بولغان ھالدا
بولسا، ھاكىمدىن شىكايەت قىلىش تەرىقىدە ئۇنىڭ ئاۋۋال ئۇنىڭغا
مۇراجىئەت قىلىنىدۇ. ئۇ ئۆز ئۇيۇزى بىلەن مۇناسىپ ھۆكۈم
چىقىرىدۇ. ھاكىم ئۇنىڭ ھۆكۈمىنى دەرھال بېجىرىشى شەرت.
شۇنىڭدىمۇ ھاكىم باش تارتسا ئۇ ھالدا ئۇنىڭغا قارشى
ئورۇشۇلىدۇ. چۈنكى ئۇ بۇ ئىش بىلەن اللەنىڭ ھۆكۈمىگە قارشى
چىقىۋاتىدۇ. الله تائالا ئېيتىدۇ:
ياايها الذين امنوا اطيعوا الله واطيعوا الرسول واولي الامر منكم
فان تنازعتم في شيء فردوه الي الله والرسول ان كنتم تؤمنون
بالله واليوم الاخر ذلك خير واحسن تاويلا *
-«ئى مۆمىنلەر اللەقا ئىتائەت قىلىڭلار ۋە پەيغەمبەرگە
ھەمدە ئۆزلىرىڭلاردىن بولغان (يەنى مۇسۇلمان) بولغان
ھاكىملارغا بويسۇنۇڭلار! ئەگەر بىرەر نەرسە ھەققىدە تالىشىپ
قالساڭلار-ئەگەرھەقىقەتەن اللەقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنسەڭلار
ئۇ نەرسىنى اللەقا ۋە رەسۇلىغا قايتۇرۇڭلار! مانا شۇ ياخشىراق
ۋە چىرايلىقراق يېشىمدۇر» . 4:59

يەنى ھۆكۈمدارلار بىلەن كېلىشەلمەي قالغاندا اللەنىڭ
كىتابىغا ۋە رەسۇلىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىڭلار.
مەھكەمەتول-مەزالىمغا مۇراجىئەت قىلىش اللەنىڭ كىتابى ۋە
پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش دېمەكتۇر. بۇ
مەھكىمە چىقارغان ھۆكۈمدىن باش تارتىش اللەنىڭ ھۆكۈمىدىن



باش تارتىش دېمەكتۇر. ئەمما ھاكىملار ئەگەر ئىسلامنى تەتبىق
قىلمايۋاتقان بولسا، ئۇلاردىن ئەمرى مەئرۇف، نەھى مۇنكەر
ئۈمىد قىلىنمايدۇ. بۇنداق ھالدا ئۇيۇشمىن ئۆزگەرتىش لازىم.

تۈپتىن ئۆزگەرتىش.ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ۋە ئەمرى
مەئرۇف، نەھى مۇنكەر قىلىش بىلەن پىكىرلەرنى چۈشەندۈرۈش
ئۆتەلەيدىغان الله تائالا نىڭ بۇيرۇقىغا مۇۋاپىق ھالدا ئىسلامى
ئېتىقادىدىن كېلىپ چىقىدىغان قانائەتلەرنى ۋۇجۇدقا
كەلتۈرىدىغان بىر سىياسي گورۇھنى تەشكىل قىلىشدۇر.
تۈپتىن ئۆزگەرتىش - ئىسلامي ئېتىقادقا ئاساسلانغان ئەقلى
بولمىغاندا بىرلا ھىزب.جامائەنى (گورۇھنى) ۋۇجۇدقا
كەلتۈرۈشتۇر. بۇ ئىش مۇسۇلمانلارغا پەرز كۇپايىدۇر.

بىز يۇقىرىدا جەمئىيەتنىڭ باراۋەرلىك بۇزۇلۇپ ئادەملەر
اللەنىڭ بۇيرۇقلىرى ۋە توسۇقلىرىدىن چەتنەپ، الله بەلگىلەپ
بەرگەن ھەدلەردىن ئاشقان ۋاقىتلىرىدا الله ئۇلارغا تۆۋەنلىك ۋە
قالاقلىقتا داۋام ئېتىۋەرمەسلىكى ئۈچۈن ئىشلىرىنى ئوڭلاپ،
يەنى ئاۋۋالقى ياخشى ھالەتكە قايتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىشلىرىنى
ۋاجىب قىلغان ئىدۇق. لېكىن ئۇلار اللەنىڭ كىتابىدىن مەدەت
سوراپ، زالىملارغا قىلىنغان يامان ۋەدىلىرىدىن قورقۇپ،
دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچە پايدىلىرىدىن جەننەتنىڭ ئەزەلىي نېمەتلىرىنى
ئەۋزەل بىلىپ، نۇسرەت الله قولىدا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ،
ئايەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن يەك سۇمۇرۇپ ئىشقا كىرىشكەنلىرىگە
قەدەر بۇنداق قىلالمايدۇ:
ولتكن منكم امة يدعون الي الخير ويامرون بالمعروف وينهون
عن المنكر واولئك هم المفلحون *
-«ئاراڭلاردا ياخشىلىق (ئىسلامغا) دەۋەت قىلىدىغان،
مەرۇف-ياخشىلىققا بۇيرۇيدىغان. مۇنكەر-يامان ئىشلاردىن

قايتۇرىدىغان بىر جامائەت بولسۇن! ئەنە ئاشۇلار نىجات تاپقۇچىلاردۇر». 3:104.

ئاللا تائالا بۇ ئايەتتە مۇسۇلمانلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىن - مۇسۇلمانلار جامائەسىنىڭ ئارىسىدىن يەنە بىر جامائە سۈپىتىگە ئىگە بولغان گورۇھنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشلىرىنى ۋاجىب قىلىۋېتىپتۇر.

بۇ ئىككى خىل مەنانى بېرىدۇ:

1. مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىر جامائەنى تەشكىل قىلىش پەرزى ئەين ئەمەس پەرزى كۇپايىدۇر.

2. مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىر جامائە ياكى جامائە سۈپىتىگە ئىگە بولغان بىر گورۇھنىڭ مەۋجۇت بولۇشى - مادامىكى، جامائە سۈپىتىنى ئالسا ۋە ئايەتتە تەلەپ قىلىنغان ئىشنى بېجىرىپ ئالىدىكەن، ئۇلارنىڭ سانى قانچە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ پەرزنىڭ بېجىرىشكە كۇپايە قىلىدۇ. ئايەتتىكى «بولسۇن» سۆزىدىكى خىتاب پۈتۈن مۇسۇلمان ئۇممىتىگە قىلىنىۋېتىپتۇ، لېكىن ئۇ «ئۇممەت» سۆزىگە، يەنى «جامائە» سۆزىگە باغلانغان يەنى ئىش مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىدىن تەلەپ قىلىنىۋاتىدۇ. تەلەپ قىلىنىۋاتقان نەرسە جامائە تەشكىل قىلىش، دېمەك، ئايەتنىڭ مەنىسى مانا شۇنداق بولىدۇ. ئى مۇسۇلمانلار، ئىككى ئىشنى بېجىرىدىغان يەنى ياخشىلىققا - ئىسلامغا دەۋەت قىلىدىغان ۋە ئەمرى مەئرۇف، نەھى مۇنكەر قىلىدىغان بىر جامائەنى تەشكىل قىلىڭلار. بۇ تەلەپ گەرچە «بولسۇن» دېگەن بۇيرۇقنىڭ ئۆزى بولسىمۇ قەتئىي تەلەپ ئىكەنلىكىگە قەرىنە مەۋجۇتتۇر. چۈنكى ئايەتتە بايان قىلىنىۋاتقان جامائە قىلىش كېرەك بولغان ئىش مۇسۇلمانلارغا پەرزدۇر. ئۇنىڭ پەرزلىكى



باشقا ئايەتلەر ۋە كۆپ ھەدىسلەردە سابىتتۇر. بۇ نەرسە ئايەتتىكى تەلەپنىڭ قەتئىي تەلەپ ئىكەنلىكىگە قەرىنەدۇر. دېمەك، ئايەتتىكى بۇيرۇقنى بېجىرىش پەرزدۇر.

دېمەك، ئايەتتە زىكرى قىلىنغان ئىككى ئىشنى بېجىرىشتىكى جامائەنى تەشكىل قىلىش مۇسۇلمانلارغا پەرزدۇر. ئەگەر بۇ جامائە ۋۇجۇدقا كەلمىسە، ھەممە مۇسۇلمانلار تەڭ گۇناھكار بولىدۇ. ئايەتتىكى بۇيرۇق ئىككى ئىشقا ئەمەس، جامائەنى تەشكىل قىلىشقا قارىتىلىۋېتىپتۇر. ئۇ ئىككى ئىش بولسا ئاشۇ جامائە قىلىدىغان ئىشلاردۇر. يەنى ئۇنىڭ سۈپىتىدۇر. جامائە دەك ئىشلىيەلىشى ۋە داۋاملىق بولۇشى ئۈچۈن بىرنەچچە شەرتلەر مەۋجۇت. ئاۋۋال جامائەنىڭ بىرلىشىپ بىرتال جىسىم بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەزالىرىنى باغلاپ تۇرىدىغان رابىتە (باغلىغۇچى نەرسە) بولۇش شەرت. رابىتەسىز جامائە جامائە ئەمەس. ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرىدىغان بىر ئەمىر بولۇشى ۋە ئەزالار ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش شەرت. چۈنكى شەرىئەت ئۈچ كىشى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولغىنىدا ئەمىر سايلاشقا بۇيرۇيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇ: «سەھرادىكى ئۈچ كىشىمۇ ئۆزلىرىدىن بىر كىشىنى ئەمىر قىلىۋېلىشى شەرت». (ئەمىر قىلىۋالماسلىقى ھالال ئەمەس). چۈنكى ئىتائەتسىزلىك جامائەنىڭ خۇسۇسىيىتىنى كەتكۈزىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقان: «كىمكى ئەمىردىن ئۆزى يامان كۆرىدىغان بىرنەرسىنى كۆرسە ئۇنىڭغا سەبرى قىلسۇن. چۈنكى، كىمكى جامائەدىن بىر غېرىچ ئايرىلسا ئۇنىڭ ئۆلۈمى دىن سىزلىك ئۆلۈمى دۇر».

بۇ ھەدىستە ئەمىرگە قارشى چىقىش - جامائەدىن ئايرىلىش

www.uyghurkitap.com

بىلەن باراۋەرلىكنى ئۇقتۇرۋاتىدۇ. دېمەك، جامائە جامائەدەك بولۇپ، تۇرۇشى ۋە داۋاملىق بولۇشى ئۈچۈن ئىككى نەرسە بولۇشى شەرت ئىكەن:

1. جامائەنىڭ رابىتىسى بولۇش شەرت.
2. جامائەنىڭ بىر ئەمىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەممە ئىتائەت قىلىشى شەرت.

بۇ جامائەنىڭ ئىشى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ۋە ئەمرى مەئرۇف، نەھى مۇنكەر. ئەمرى ۋە نەھى يەنى بۇيرۇش ۋە قايتۇرۇش سۆزلىرى كۆللى-ئۇمۇمىي لىقنى ئىپادىلىگۈچى سۆلەردىن بولۇپ، باشلىقنىمۇ، خىزمەتكارنىمۇ، ھاكىمنىمۇ، مەھكۇمنىمۇ، خۇللەس ھەممە ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ
. ھاكىملارنى ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن قايتۇرۇشتۇر.
ئادەملەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن قايتۇرۇشتۇر-
ھاكىملارنى ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن قايتۇرۇش سىياسىي ئىش دەپ ئېتىبار قىلىنىدۇ. بۇ ئىش سىز مەزكۇر جامائە مۇكەممەل بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەرىزنى ئايەتتە كەلگىنىدەك بېجىرىش بىر سىياسىي جامائەنى يەنى سىياسىي ھىزبنى، ياكى بىر سىياسىي جەمئىيەتنى ياكى بىر سىياسىي تەشكىلاتنى تۈزۈش بىلەنلا مۇكەممەل بولىدۇ.

شۇنىڭغا قارىغاندا ئايەتتىكى اللەنىڭ بۇيرۇقى ئىسلامى دەۋەتنى يېيىش، ھاكىملاردىن ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن قايتۇرۇش خۇسۇسىدا ھېساپ ئېلىش، ئادەملەردىمۇ ئەمرى مەئرۇف، نەھى مۇنكەر قىلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سىياسىي ھىزبلەر تەشكىل قىلىشقا قارىتىلىۋاتىدۇ. دېمەك، ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ۋە ئەمرى مۇئرۇف، نەھى مۇنكەر ھەممە



مۇسۇلمانلارنىڭ بويىنىدىكى ئۇمۇمى مەسئۇلىيەتلەر دىندۇر. ئەگەر بىر جامائە ياكى ھىزب ۋۇجۇتقا كېلىپ، تەلەپ دەرىجىسىدە ئىش قىلالىسا، بۇ مەسئۇلىيەت باشقىلاردىن ساقىت بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئىشى تەلەپ دەرىجىسىدە بولمىسا، قالغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭغا كېلىپ قوشۇلۇشى شەرت. ئەگەر بۇ ئىش ھەممە مۇسۇلمانلارنىڭ كېلىپ قوشۇلۇشىنى تەقەززا قىلسىمۇ ئۇنى بېجىرىش لازىم.

شۇچاغدا پەرىز تەلەپ دەرىجىسىدە ئادا قىلىنىدۇ. مۇسۇلمانلار تارىخىدا ساھابىلار ھىزبىدىن باشقا بۇنداق جامائە بولغان ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئەمىرى بولغان. ئۇ كىشىدىن كېيىن بولسا خۇلەفائۇرراشىدىنلار ئەمىر بولغان، ساھابىلار زامانى ئاخىرىغا يەتكەچ ئۇلاردىن كېيىنكى تابىئىنلار ۋە تېبئىتۇ تتابىئىنلار ئەمرى مەئرۇف، نەھى مۇنكەر ئىشنى ئەمىرسىز ۋە تەرتىپسىز رەۋىشتە بېجىرەردى. شۇ سەۋەبىدىن بۇ ئىش زەئىپلىشىپ، ئاستا-ئاستا كېمىيىپ، يوقۇلۇپ كەتتى. بۇنداق جامائەنىڭ يوقلۇقى مۇسۇلمانلارغا بىدك قىممەتكە چۈشتى. چۈنكى ئادەملەر يەككە ھالدا ئەمرى مەئرۇف، نەھى مۇنكەر ئىشىنى بېجىرەلمەيدۇ. تەلەپ بولسا پەقەت بۇيرۇپ ۋە قايتۇرۇپ قويۇشنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى بۇيرۇلغان ئىشنى مەيدانغا چىقىرىش ۋە قايتۇرغان ئىشنى توختۇتۇشتۇر. بۇ ئىش بولسا يەككە شەخسنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. ئۇنى بېجىرىش ئۆز ئەمىرىگە ئىگە بولغان، داۋاملىق پەيتىدە بولۇپ تۇرىدىغان، ئەمەلگە ئاشۇرمىغىچە قويمايدىغان بىر جامائەگە مۇھتاج.

بۇ پەرىزنى ئادا قىلىدىغان ھىزب ئىشنى جەمئىيەت ئۈچۈن ئەڭ كۆپ پايدىلىق ئىشلارغا بۇيرۇش ۋە ئەڭ كۆپ خەتەرلىك

ۋە بۇزۇقلۇق ئىشلاردىن قايتۇرۇشتىن باشلىشى كېرەك. بۇ بىرلەمچى ئىش شۈبھىسىز. زالىم ھاكىملاردىن ھېساپ ئېلىنىشىدۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ بۇزۇلۇشى باشقا ئادەملەرنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن باراۋەر ئەمەس. ئۇلارنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن جەمئىيەتمۇ بۇزۇلىدۇ، ئوڭلىنىشى بىلەن بولسا جەمئىيەتمۇ ئوڭشىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇ: ئادەملەردىن ئىككى تائىپەسى باركى، ئۇلار ئوڭلانسا، ئادەملەرمۇ ئوڭلىنىدۇ، بۇزۇلسا ئادەملەرمۇ بۇزۇلىدۇ. ئۇلار ئالىملار ۋە ئەمىرلاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ اللە تائالا زالىم ھاكىملاردىن ھېساپ تەلەپ قىلىدىغان ئەڭ ئاز بولغاندا بىر سىياسىي ھىزب قىلىشنى مۇسۇلمانلارغا پەرز قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭ داۋامىنى، جەمئىيەتنى كۆزىتىپ ئۇنىڭ يۆلىنىشىنى تۈزىتىپ بېرىشنىمۇ پەرز قىلدى. بۇ ھىزب مۇسۇلمانلارنىڭ كۆزى ۋە كۆزىتىش ئەسۋابىدۇر. مۇسۇلمانلاردىن بېكىتىلگەن ئىشلارنى كۆرىدۇ. ۋە ئۇلارغا خەۋەر بېرىدۇ. مۇسۇلمانلار تەرەپىدىن ۋەكىل سۈپىتىدە ھاكىملاردىن ھېساب تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن مەھكەمەتول-مەزالىمغا شىكايەت قىلىدۇ. بۇ ھىزب ھاكىملار ئادىل ھاكىم بولۇپ قېلىشىنىڭ يېتەكچى تۈزۈمى ئىسلام تۈزۈمى بولۇپ قېلىشىنىڭ كاپالىتىدۇر.

ئىسلامدا بىرنەچچە ھىزبلارنىڭ بولۇشى مۇمكىنلىكىنىڭ ھېكمىتى شۇنداقكى، ئەگەر ئۇلاردىن بىرى ھۆكۈم يۈرگۈزگۈچى بولسا، قالغان ھىزبلارنىڭ ۋەزىپىسى ئۇنى كۆزىتىش، ئۇنىڭدىن ھېساب تەلەپ قىلىش، كېرەك بولغاندا ئۇنىڭ ئۈستىدىن مەھكەمەتول-مەزالىمغا شىكايەت قىلىش بولىدۇ. ھىزبلار ئارىسىدا قايسى بىرىنىڭ مۇسۇلمانلار پايدىسىغا يان بېسىشى،



ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، مۇسۇلمانلارنى ھاكىملارنىڭ جەبرۇ جاپالىرىدىن قۇتقۇزۇشى. ھاكىملار ئىسلامدىن قايتقان ياكى اللە نازىل قىلغان شەرىئەت قانۇنلىرى بىلەن ھۆكۈم قىلغان پەيتتە ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشۇش ئۈچۈن ئۈممەتنى يېتەكلىشى قەبىلىسىدە كۆپراق مۇنافەسە (مۇسابىقە، رىقابەت). بولىشىمۇ بىر ھېكمەت.

ئەمما بۇ ھىزبلار بۈگۈنكىدەك ھاكىملار ئىسلام تۈزۈمى بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزمەيۋاتقان جەمئىيەت ئىسلام جەمئىيىتى بولمىغان بىر پەيتتە مەۋجۇت بولسا، بۇ ھالدا ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرى ئىسلامىي ھاياتنى، ئىسلام دۆلىتىنى بەرپا قىلىش، تۈزۈمنى تەتبىق قىلىش، ئۆزىنى ئالەمگە تارقىتىش بىلەن ئىسلامىي دۆلەتنى قايتا تىكلەش ئۈچۈن ئىسلامىي دەۋەتنى تارقىتىش بولىدۇ.

# دۆلەت تۈزۈش يولى

مۇسۇلمان ئۈممىتى بېجىرىدىغان ۋەزىپىسىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ گەردىنىگە يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەتنى بايان قىلغاندىن كېيىن. ئەمدى بۇ مۇھىم مەسئۇلىيەتلەرنى بېجىرىش ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدىغان يولنى بايان قىلىشقا كىرىشىمىز.

يۇقىرىدىكى ئۈممەتكە يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەتلەر ھەققىدىكى بەھسىمىزدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇ مەسئۇلىيەتلەر ئۇلارغا ئىشەنگەن دۆلەت تەرىپىدىنلا بېجىرىلىش مۇمكىن. مادامىكى، بۇ مەسئۇلىيەتلەر ئىسلامىي ئېتىقاددىن كېلىپ چىققان ئىسلامىي مەسئۇلىيەتلەركەن، ئۇلارنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ كۆتۈرىدىغان بەرپا قىلىنىشى كېرەك بولغان دۆلەتمۇ ئىسلام دۆلىتى بولۇشى كېرەك، يەنى خەلىفە دۆلىتى بولۇشى كېرەك. بۇنداق دۆلەتنى بەرپا قىلىشنىڭ ئۆزى ئەنە شۇ مەسئۇلىيەتلەرنىڭ بىرىدۇر. قايسى بىر گۇرۇھ، جامائە ياكى ھىزبنىڭ قايسى بىر ئەمەلى دۆلەت بەرپا قىلىشقا قارىتىلمايدىكەن، پايدىسىز. چۈنكى دۆلەت بەرپا قىلىنماي تۇرۇپ ئۈممەت ھەقىقىي ئويغىنالمايدۇ ۋە گەردىنىدىكى مەسئۇلىيەتلەرنى كۆتۈرۈشكىمۇ قادىرى بولالمايدۇ. ھازىرقى زامانىمىزدىكى ئادەملەر ئىسلامىي دۆلەت سايىسىدا ياشاپ كۆرمىگەن. ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ ۋاقىلىكىنى تارتمىغانلار ئېتىبارلىرىنى ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلار تارىخىغا قارىسۇۋاتقانلىرىدا تارىخىي ھادىسىلەردىن ئۇلارنىڭ نەقەدەر ساداقەتلىكلىكىنى ۋە ئېتىقاد ئۇلارنىڭ قەلبلىرىگە نەقەدەر تەسىر قىلغانلىقىنى ھىس



قىلىشى مۇمكىن. لېكىن ئۇلار ئىسلامىي دۆلەتنىڭ شەكلىنى ھازىرقى ھۆكۈمەتلەر شەكىللىرىنىڭ ئارىسىدىن تەسەۋۋۇر قىلىدۇ، ھەقىقىي ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئاساسى بولغان چۈشەنچىلەر، ئۆلچەملەر ۋە قانائەتلەر مەجمۇئەسىنى – مەيلى مۇسۇلمانلارنىڭ مەملىكىتىدە بولسۇن، مەيلى باشقىدا – ھازىرقى زامان دۆلەتلىرىنىڭ ئاساسى بولغان چۈشەنچىلەر، ئۆلچەملەر ۋە قانائەتلەر مەجمۇئەسىدىن ئاجرىتالمايدۇ.

## 1.دۆلەتنىڭ مەزمۇنى

بەرپا قىلىنىشى كىبرەك بولغان ئىسلام دۆلىتى شەكىل جەھەتتىنمۇ مەزمۇن جەھەتتىنمۇ ئالەمدىكى مەۋجۇت دۆلەتلەردىن پەرقلىق تەسەۋۋۇر قىلىنىشى لازىم. چۈنكى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەربىر دۆلەت چۈشەنچىلەر، ئۆلچەملەر قائائەتلەر مەجمۇئەسىنى ئىجرا قىلغۇچى ۋۇجۇددۇر. بىر نەچچە شىتاتلار ياكى مەملىكەتلەردىن تەشكىل تاپقان ئىمپېرىيە پارچە بايلىقلارنى، ياخشىلىقلارنى پايتەختتكە جەملەيدۇ. بۇ ئىشتا ئىشتاتلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئېتىبار بەرمەيدۇ. چۈنكى باشقا شىتاتلارغا نىسبەتەن ئىمتىيازى بار. ئىسلام دۆلىتىدە بولسا مۇنداق بولمايدۇ. مەيلى پايتەخت مەيلى ئىشتات بولسۇن مەيلى باشقا بولسۇن ئىمتىيازلىق بولمايدۇ، گەرچە ئەڭ چەتتىكى ئىشتاش ئاھالىسى غەيرى دىن بولسىمۇ.

رىسپۇبلىكا تۈزۈمى بىلەن بولسا گاھىدا زۇڭتۇڭ باشقۇرىدۇ. يەنى زۇڭتۇڭ ئۇنىڭ ئەمەلى ھاكىمى بولىدۇ. بۇ تۈزۈمدە قوشما شىتاتلىرىغا ئوخشاش ۋەزىرلەر رەئىسى بولمايدۇ. گاھىدا رىسپۇبلىكا رەئىس بىلەن بىللە ۋەزىرلەر رەئىسى ۋە ۋەزىرلەر مەجلىسى بولۇپ، ئەمەلدىكى ھاكىم.ۋەزىرلەر رەئىسى بولىدۇ. مەسىلەن، ئىسرائىل دىكى تۈزۈم شۇنداق. ئىسلام دۆلىتىدە بولسا ۋەزىرلەر بولمايدۇ. ئەمەلى ھاكىم خەلىپە بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ۋەزىرلەر دەپ ئاتىلىۋاتقان ئىسلام دۆلىتىدە مۇئاۋىن دېيىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھوقۇقلىرى ۋەزىرلەرنىڭ ھوقۇقلىرىدىن پەرق قىلىدۇ.

پادىشاھلىق تۈزۈمدە پادىشاھ بىلەن بىرگە ۋەزىرلەر



مەجلىسى ۋە ۋەزىلەر رەئىسى بولىدۇ. ئەگەر دېموكراتىك بولسا، كۆپ پارتىيەلىككە رۇخسەت بېرىدۇ. ۋەزىرلەر رەئىسى بولسا ۋەكىللىرى خەلقنىڭ كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلغان پارتىيەدىن بولىدۇ. مەسىلەن، ئەنگىلىيەدىكى ھالەت مانا شۇنداق. ئالدىدا ئەمەلى ھاكىم رەئىسى. ئەگەر ھاكىمىيەت مۇستەبىت بولسا، ۋەزىرلەر رەئىسىنى پادىشاھنىڭ ئۆزى تەيىنلەيدۇ. ئەمەلى ھاكىممۇ پادىشاھنىڭ ئۆزى بولىدۇ. مەسىلەن، ئىراندا شاھ زامانىدىكى ھالەت شۇنداق بولغان. ھاكىمىيەت ۋارىسلىق يولى بىلەن ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۆتىدۇ. ئىسلام دۆلىتىدە بولسا دۆلەت رەئىسى ئۈممەت تەرىپىدىن سايلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ئۆزىدىن كېيىن خالىغان ئادەمگە ھاكىمىيەتنى بېرىش ھوقۇقى يوق. مادامىكى، ھۆكۈمدارلىق ۋەزىپىسىنى بېجىرىشقا قادىر ۋە سالاھىيەتلىك ئىكەن، ئۇنىڭ خەلىپىلىك مۇددىتى چېكىرلانمايدۇ. رىسپۇبلىكا رەئىسىنىڭ ھۆكۈمدار بولۇشى بولسا چەكلەنگەن بىر مۇددەت ئىچىدە بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆتەلمەيدۇ. ئىسلامدىكى ھاكىمىيەت تۈزۈمى سېۋېت ئىتتىپاقىدىكى رىسپۇبلىكا ئىتتىپاقى تۈزۈمىدىن ياكى ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلاردىكى ئىشتاتلار ئىتتىپاقىدىن پەرقلىق تۈزۈمدۇر. ئۇلاردا ھەر ئىشلارنىڭ ئۆز ھاكىمى، مالىيەسى ۋە ئۆزىگە خاس بولغان ئۈممەت مەجلىسى بار. ئىسلام دۆلىتىدىكى ھاكىملار تۆرت خىلدۇر. خەلىپە، مۇئاۋىن، ھاكىم، ئامىل.

بۇ تۆرت ھۆكۈمدارنىڭ ھەربىرى بالاغەتكە يەتكەن، ئاقىل، ھۆر ئادالەتلىك ۋە ئەركىشى بولۇشى شەرت. مۇسۇلمان بولماسلىقى قەتئى مۇمكىن ئەمەس. باشقا دۆلەتلەردە ھۆكۈمەت رەئىسى ھاكىم بولىدۇ. شۇنىڭدەك، ۋەزىرلەر رەئىسى،

ۋەزىرلەرنىڭ ئۆزلىرى، ئاپازىتسىيەدىكى پارتىيەلەر ۋە ھەرخىل كەسپىي ئۇيۇشمىلار بولىدۇ. گاھىدا ئاپازىتسىيەدىكى پارتىيە چەت دۆلەتلەر بىلەن مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىش ياكى ئايرىم سىياسىي ئىشلاردا شەرت نامەلەر تۈزۈش ئۈچۈن مۇلاقەتمۇ قىلىدۇ. ئىسلامدا بولسا بۇنداق مۇلاقەتكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئاپازىتسىيەدىكى پارتىيە ھۆكۈمران ئەمەس. ئۇنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش جائىز ئەمەس. تەشكىلاتلارمۇ ئۆزلىرىگە مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ. مەسىلەن، ئۆزىنىڭ بىر ئىشچىسىغا قايسى بىر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن رازىلىق ھوقۇقىنى بېرىش (شەھادەت نامە بېرىدۇ) ھىمايىچىگىمۇ شۇنداق گۇۋاھنامە بېرىدۇ.

بۇتۇن ھۆكۈمدارنىڭ ھەربىرى بالاغەتكە يەتكەن، ئاقىل، ھۆر ئادالەتلىك ۋە ئەركەك كىشى بولۇشى شەرت. مۇسۇلمان بولمىسا مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس. باشقا دۆلەتلەردە ھۆكۈمەت رەئىسى ھاكىم بولىدۇ. شۇنىڭدەك، ۋەزىرلەر رەئىسى، ۋەزىرلەرنىڭ ئۆزلىرى، ئاپىزىتسىيەدىكى پارتىيەلەر ۋە ھەرخىل كەسپىي ئۇيۇشمىلىرى بولىدۇ. گاھىدە ئاپىزىتسىيەدىكى پارتىيە چەت دۆلەتلەر بىلەن مۇزاكىرىلەر ئېلىپ بېرىش ياكى ئايرىم سىياسىي ئىشلاردا شەرت نامىلەر تۈزۈش ئۈچۈن ئۇچرىشىشمۇ قىلىدۇ. ئىسلامدا بولسا بۇنداق ئۇچرىشىشقا رۇخسەت بېرىلمەيدۇ. چۈنكى ئاپىزىتسىيەدىكى پارتىيە ھۆكۈمران ئەمەس. ئۇنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشى جائىز ئەمەس. تەشكىلاتلارمۇ ئۆزلىرىگە مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ. مەسىلەن، ئۆزىنىڭ بىر ئىشچىسىغا قايسى بىرئىشنى قىلىش ئۈچۈن رازىلىق ھوقۇقىنى بېرىش (شەرتنامە بېرىدۇ).



www.uyghurkitap.com

ھىمايىچىمۇ شۇنداق گۇۋاھ نامە بېرىدۇ. بۇ ھىمايىچى ئاشۇ (ئۆزى مەنسۇپ بولغان) تەشكىلاتنىڭ كۆرسەتمىلىرى دائىرىسىدىكىنە ئىشلىيەلەيدۇ. يەنە مەسىلەن، تېببىي ۋە مۇھەندىسكە ئىشلەش رۇخسەتنامە بېرىدۇ. ئىسلام دۆلىتىدە بولسا بۇنداق بولمايدۇ. چۈنكى بۇنداق تەشكىلاتلار ۋە ھەتتا خەيرىيەت جەمئىيەتلىرىنىڭمۇ بولىشى مۇمكىن ئەمەس. ئىچكى ۋە تاشقى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى دۆلەت رەئىسى ـ خەلىپە باشقۇرىدۇ. ئىچكى ئىشلارنى رەئىيەتكە شەرئى ھۆكۈملەر ئىجرا قىلىش بىلەن، تاشقى ئىشلارنى بولسا باشقا خەلق ۋە مىللەتلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ھەمدە مەيلى سىياسىي، مەيلى ئەسكىرىي، مەيلى تىجارىي، مەيلى ئىقتىسادىي ۋە باشقا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پايدىلىق بولغان دۆلەتلەر ئارا ئالاقىلارنى باشقۇرۇش بىلەن ئېلىپ بارىدۇ.

ئىسلامدىكى ھاكىمىيەت تۈزۈمى باشقا تۈزۈملەردىن تۈپتىن پەرق قىلىدۇ. ئۇ تۆرت قائىدىگە ئاساسلىنىدۇ.

1. ھۆكۈمرانلىق پەقەت شەرىئەتنىڭكىدۇر. ئىسلام دۆلىتى ئىسلام ئېتىقادى ئاساسىغا قۇرۇلغان دۆلەتتۇر. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا، ئاپىراتىدا، ھېساپ ـ كىتابىدا، خۇللەس دۆلەتكە تەئەللۇق بولغان ھەربىر ئىشىدا ئىسلام ئېتىقادىغا ئاساسلانمىغان بىرەرمۇ نەرسىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەينى پەيتتە ئىسلامى ئېتىقاد دۆلەت دەستۇرىنىڭمۇ ئاساسىدۇر. دۆلەتنىڭ رەئىسمۇ، ئۇنىڭدىكى ئۇممەت مەجلىسىمۇ ۋە پۈتۈن بىر ئۇممەتنىڭ ئۆزىمۇ ھۆكۈمران ئەمەس. ھۆكۈمران يالغۇز ئىسلام شەرىئىتىدۇر. نە خەلىپە ۋە نە ئۇممەت شەرىئەتنىڭ بىرەر ھۆكمىنى، بىرەر ھۆججەتنى ئىنكار قىلىش، ئۇنىڭغا بىرەر يېڭى بىر ھۆكۈم كىرگۈزۈش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس! نە دۆلەتنىڭ

رەئىسى ۋە نە بىرەر رەئىيەت ئۇنىڭ قانۇنلىرىدىن باش تارتىشى ياكى جازا قانۇنلىرىنىڭ قوللىنىشىدىن قېچىشى مۇمكىن ئەمەس.

2. سەلتەنەت خەلقنىڭكىدۇر. خەلق ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرىشى ئۈچۈن ئۆزىدىن خەلىفىنى ئورۇنباسار قىلىپ سايلايدۇ. ئۇ دۆلەتكە بىر رەئىسنى تاللاپ، ئۇ بىلەن اللەنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتى ئاساسىدا بەيئەت قىلغاچ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ۋاجىب بولۇپ، ئۇنىڭغا قارشى چىقىش ۋە قىلغان بەيئىتىدىن قايتىشى رەئىس بىلەن قىلغان ئەھدىنى بوزۇش ھېساپلىنىدۇ. اللە تەئالا ئېيتىدۇ:

(ياايها الذين امنوا اوفوا بالعقود)

-«ئى ئىمان كەلتۈرگەن بەندىلەر، ئەھدىلەرگە ۋاپا قىلىڭلار» 5:1 .

ئەھدىنى بۇزغان ھالدا ئۆلگەن كىشى دىنسىزلىق ئۆلۈمى بىلەن كېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «كىمكى سۇلتاندىن بىر غېرىچ چەتكە چىققان ھالدا ئۆلسە، دېمەك، ئۇ دىنسىزلەرچە ئۆلگەن بولىدۇ».

3. ھەممە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىرلا خەلىفىنى سايلاش (ئۈممەتتىن نائىب قىلىپ) مۇسۇلمان ئۈممىتىگە پەرزدۇر. مۇسۇلمان كىشى ئىككى كىچىنى بەيئەتسىز ئۆتكۈزىشى ھالال ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «بويىنىدا بەيئەت بولماستىن ئۆلگەن كىشى دىنسىزلىك ئۆلۈمى بىلەن كېتىدۇ» .

ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن بىر خەلىفە سايلاشقا ئىجمائ يەنى ئىتتىپاق قىلىشقان.



4. ئىجتىھاد قىلىش شەرتلىرىنى تولۇق ئىگەللىگەن ھەربىر كىشى ھايات مۇئامىلىرىنى ھەل قىلىشتا شەرئى ھۆكۈملەر ئىشلەپ چىقىش ئۈچۈن ئىجتىھاد قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىغا بولسا خەلىفىدىن باشقا ھېچكىم ئىگە ئەمەس. خەلىفە مۇجتەھىدلار ئىشلەپ چىققان شەرئى ھۆكۈملەردىن ئايرىملىرىنى تاللاپ قازىلار ۋە ھاكىملارنىمۇ ئۇلارغا ئەمەل قىلىشقا مەجبۇر قىلىشى مۇمكىن، ياكى ئۆزى توغرا ئىجتىھاد قىلىش بىلەن شەرئى ھۆكۈملەرنى ئىشلەپ چىقىپ ئۇلارغا ئەمەل قىلىشقا مەجبۇر قىلىشىمۇ مۇمكىن. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئېتىقاد ۋە ئىبادەت ئىشلىرىدا مەجبۇر قىلىشقا بولمايدۇ. مەجبۇرلاش پەقەت ئىشلارنى باشقۇرۇشدا قىلىنىدۇ خالاس.

ئىسلامدىكى ھاكىمىيەت تۈزۈمى ئاساسلانغان قائىدىلەر (ئاساسلار) مەنە شۇلاردۇر.

## 2. دۆلەتنىڭ شەكلى

ئىسلام دۆلىتى ئادەملەرنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزىچە بىمالال باشقۇرىدىغان قۇۋۋەتمۇ ئەمەس، مۇسۇلمانلار باشقىلاردىن ئاجرىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئىنتىلىدىغان، شەخسىنىمۇ، جامائەنىمۇ بىردەك تەمىنلەيدىغان غايىمۇ ئەمەس، شەخسنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ۋە ئەركىنلىكىنى تەمىنلەش ئۈچۈن ۋاقتىنچە ئىشلەپ تۇرىدىغان، تەمىنلەپ بولسا ئۆز - ئۆزىدىن يوقىلىپ كېتىدىغان ۋاقتىنچىلىق ۋاسىتىمۇ ئەمەس. ئىسلام دۆلىتى باشقۇرۇش ئىشىدا شەرىئەت بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان قۇۋۋەت ھەمدە جەمئىيەتتىكى شەخس ۋە جامائەلەرگە شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى قوللىغۇچى ۋە ئىسلامىي دەۋەتنى ئالەمگە يايغۇچى ئۈممەتنىڭ دائىمىي تەرىقىتى - ئەمەلى يولىدۇر.

ئىسلام دۆلىتى ئۈممەت ۋە ھاكىملار مەجمۇئەسى ئەمەس، بەلكى ئۇ مۇسۇلمانلار بەيئەت قىلىدىغان خەلىفە ۋە ئادەملەرنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشدا ئۇنىڭغا ياردەم بەرگۈچى مۇئاۋىنلاردۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، دۆلەت - جىھاز (ئاپپارات) مەجمۇئىدۇر. بۇ جىھاز يەتتە رۇكنىغا ئاساسلىنىدۇ.

1. خەلىفە. ئۇ دۆلەتنىڭ ھەممە ھوقۇقلىرىغا ئىگە. ئۇ بىر شەرئى ھۆكۈمنى چىقارغان پەيتتە ئۇنى بېجىرىش شەرت. ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا قارشى چىقىشقا ھەققى يوق. رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىما ئەبۇ ھەنىپەنى خەلىفە پەتىۋا بېرىشتىن مەنئى قىلغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئالدىغا قىزى كېلىپ بىر ئىش ھەققىدە ئۇنىڭدىن پەتىۋا سوراپتۇ. شۇچاغدا ئۇ كىشى قىزىغا پالانچىدىن



www.uyghurkitap.com

يېرىپ سورىغىن، چۈنكى مېنىڭ زاھىرىمۇ باتىنىمۇ ئەمىرۇل مۆئمىنىننىڭ ئېيتقىنىنى قىلماسلىقىقا ھەققىم يوق» دېگەن ئىكەن.

دۆلەتنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى سىياسىتىدە مەسئۇل بولغان شەخسىمۇ لەشكەرگە يېتەكچىلىك قىلغۇچى خەلىفەنىڭ ئۆزىدۇر. ئۇرۇش ئېلان قىلىش، سۇلھى ۋە باشقا توختاملار تۈزۈش ھوقۇقىمۇ پەقەت ئۇنىڭدا بار خالاس. مۇئاۋىنلار ۋە ھاكىملارنى ئىشقا تەيىن قىلغۇچى ۋە ئىشتىن بوشاتقۇچىمۇ ئۇنىڭ ئۆزىدۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈممەت مەجلىسى ئالدىدا قانچىلىك مەسئۇل بولسا، ئۇنىڭ ئالدىدىمۇ شۇنچىلىك مەسئۇلدۇر. قازىيۇل-قۇززات (باش قازى) نى، باشقارمىلارنىڭ مۇدىرلىرىنى، لەشكەر قوماندانلىرىنى، ھەربىي قىسىم باشلىقلىرىنى تەيىن قىلغۇچىمۇ ۋە بوشاتقۇچىمۇ ئۇنىڭ ئۆزىدۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇرا مەجلىسى ئالدىدا ئەمەس، خەلىفىنىڭ ئالدىدا مەسئۇلدۇر. دۆلەت خەزىنىسى ھەققىدە شەرئى ھۆكۈملەر چىقارغۇچىمۇ؛ بۇ خەزىنىنىڭ سېپلىرى ۋە ھەربىر بابىدا لازىم بولغان مەبلەغلەر ئۈستىدە قارار قىلغۇچىمۇ خەلىفەدۇر. بۇ قارارلار كىرىملار ھەققىدە ياكى چىقىملار ھەققىدە بولسىمۇ پەرق يوق. خەلىفە ئۆز پىكرى ۋە ئىجتىھادى بويىچە پۇقرالارنىڭ ئىشىنى باشقۇرۇشدا مۇتلەق ھوقۇققا ئىگە. ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئىشلارنى باشقۇرۇشقا تەئەللۇق بولغان ھۆكۈملەر بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان بولۇشى كېرەك.

خەلق مەنپەئەتلىرىگە رىئايە قىلىشىدا كۆزىتىش، ھېساپ تەلەپ قىلىش ۋە ئىشلارنى تەدبىر قىلىشىدا خەلىفىگە مۇئاۋىنلار ياردەم بېرىدۇ.

2. مۇئاۋىنلار. ۋەكالەتلىك مۇئاۋىن ھۆكۈمدارلىق

مەسئۇلىيىتىنى كۆتىرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭغا ئىشلارنى ئۆز رەئيىگە قاراپ تەدبىر قىلىش، ئۆز ئىجتىھادىغا بىلەن يۈرگۈزۈش ۋەكالەت ھوقۇقى بېرىلىدۇ. بۇنىڭدا خەلىفە بولۇش ئۈچۈن نېمە شەرت بولسا، مۇئاۋىن بولۇش ئۈچۈنمۇ ئاشۇ نەرسە شەرت بولىدۇ. يەنى ئەركەك كىشى بولۇشى، ھۆر، بالىغ، ئاقىل، مۇسۇلمان ۋە ئادالەتلىك بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدىن تاشقىرى مۇئاۋىن ئۇنىڭغا تاپشۇرغان ئىش بويىچە مۇتەخەسسىسمۇ بولۇشى كېرەك. ئۇنى مەسئۇل ئىشقا تەيىنلەشتە ئىككى ئىشنىڭ بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ. بىرىنچىسى نەزەرنىڭ ئومۇملۇقى، ئىككىنچىسى ئورۇنباسارلىق. دېمەك، مۇئاۋىن دۆلەتنىڭ بارچە باشقارمىلىرى ۋە مۇئەسسەسەلەرنىڭ، ئۇممەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتلىرىنى ۋە باشقۇرۇش ئاپپاراتىنى تەكشۈرۈش ھوقۇقىغا ئىگە. شۇنىڭدەك، ئۇ مەلۇم بىر ۋىلايەتكە ھاكىم ياكى ئامىر تەيىنلەش ياكى ئىشتىن بوشىتىش ھوقۇقلىرىغىمۇ ئىگە. لېكىن ئۇ ئۆزى يۈرگۈزۋاتقان ھەممە ئىشلىرىنى خەلىفە بىلەن كېڭىشىپ قىلىشى شەرت. قاچانكى ئۇنىڭ ھوقۇقلىرى خەلىفەنىڭ ھوقۇقلىرى بىلەن تەڭلىشىپ قالمىسۇن. دېمەك، مۇئاۋىن ئۆزىنىڭ تەدبىرىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن خەلىفەدىن رۇخسەت سورىشى، خەلىفە قارشىلىق قىلمىغان چاغدىلا ئۇنى قوللىنىشى كېرەك. خەلىفەمۇ ئۆز ئورنىدا مۇئاۋىنىنىڭ ئىشلىرىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ، توغرىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، خاتاسىنى بولسا تۈزىتىدۇ.

3. ۋالىلار (ھاكىملار). ۋالى دۆلەتكە تابى بولغان ۋىلايەتلەرنىڭ بىرىگە خەلىفە تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ھاكىمدۇر. مۇئاۋىن بولۇشى ئۈچۈن قويۇلىدىغان شەرتلەر ۋالى



بولۇشى ئۈچۈنمۇ قويۇلىدۇ. يەنى ئۇمۇ ئەر كىشى بولۇشى، ھۆر، ئاقىل، بالىغ، مۇسۇلمان، ئادالەتلىك بولۇشى كېرەك. ۋالىلار تەقۋالىق ۋە سالىھ ئادەملەر ئارىسىدىن تاللاپ ئېلىنىدۇ. ئۇ خەلىفىنىڭ نائىبى سۈپىتىدە ئۆز ۋىلايىتىدىكى باشقارمىلارنىڭ ئىشلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە ھۆكۈم يۈرگۈزۈش ھوقۇقلىرىغا ئىگە. دۆلەتتە مۇئاۋىن قانداق ھوقۇققا ئىگە بولسا، ۋالى ئۆز ۋىلايىتىدە شۇنداق ھوقۇققا ئىگە. چۈنكى ئۇ ئۆز ۋىلايىتىنىڭ ئاھالىسىغا ئەمىرلىك قىلىشى، مالىيە قانۇن چىقىرىش ۋە ھەربىي جەھەتتىن باشقا ھەممە ساھەلەرنى نازارەت قىلىپ تۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە. ئۇنىڭ ئۆز ئەمىرلىكى دائىرىسىدە يۈرگۈزۋاتقان ئىشلىرىدا خەلىفە بىلەن كېڭىشىشى شەرت ئەمەس. ئەگەر ئۆزى خالىسا خەلىفە بىلەن كېڭىشىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ۋالىلىقى ۋىلايەتتە مۇستەھكەم ئورنىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن دائىمىي بولمايدۇ. قاچانكى مۇستەھكەم ئورۇنلاشقانلىقى كۆرۈلسە ئۇنى ئىشتىن ئازات قىلىنىدۇ. باشقا ۋىلايەتكە ئۆتكۈزۈلمەيدۇ.

4. ئامىل. خەلىفە ياكى ۋالى تەرىپىدىن ۋىلايەتنىڭ مەلۇم بىر قىسمىغا تەيىنلەنگەن ھاكىمدۇر. ئۇ ۋالىنىڭ ئالدىدا مەسئۇلدۇر. ۋالى ئۆز ۋىلايىتىدە قانداق ھوقۇققا ئىگە بولسا، ئامىلمۇ ئۆز ھۆدۇدىدا شۇنداق ھوقۇققا ئىگە.

5. شۇرا مەجلىسى. شۇرا مەجلىسىنىڭ ئەزالىرى مۇسۇلمانلارنىڭ پىكىر بىلدۈرۈشتىكى نائىبلىرىدۇر. خەلىفە ئۇلارغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. ئۇلار ئۇممەت تەرىپىدىن سايلىنىدۇ. ئۇلار خەلىفىدىن ھېساب تەلەپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئۇممەت بولسا ھاكىمىيەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ھەمدە ھاكىملاردىن ھېساب تەلەپ قىلىش ئۈچۈن سىياسىي ھىزبلەرنى تەشكىل قىلىش

ھوقۇقلارغا ئىگە. پەقەت مۇسۇلمانلارلا شۇرا - مەسلەھەت بېرىش ھوقۇقىغا ئىگىدۇر. ھەربىر رەئىيەت پىكىر بىلدۈرۈش مۇمكىن. دۆلەت رەئىسى ھۆكۈمەت، تەئلىم، ئىقتىسادقا ئوخشاش ئىچكى ئىشلاردىكى مەشۇەرەت سۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ھەربىر ئىشتا شۇرا مەجلىسىنىڭ پىكرىنى ئېلىشى كېرەك. شۇرا مەجلىسى بىرەر ۋالىدىن ياكى مۇئاۋىنىدىن ياكى ھاكىمدىن نارازىلىق بىلدۈرسە، بۇ ئىشتا ئۇنىڭ پىكرى بىجىرىلىشى كېرەك بولۇپ، خەلىپە دەرھال ئۇلارنى ئىشتىن بوشىتىشى لازىم.

5. قوشۇن. قوراللىق كۈچلەرنىڭ ئالىي قوماندانى خەلىپەنىڭ ئۆزىدۇر. خەلىپە ئۆزىدىن نائىب قىلىپ قوشۇنغا ئۇمۇمىي تەرەپتىن تەيىنلەيدۇ. لەشكەر باشلىرىنىمۇ، ھەربىي قىسىم ئەمىرلىرىنىمۇ ئۇنىڭ ئۆزى تەيىنلەيدۇ. ئارمىيەدىكى قالغان مەرتىبەلەردىكى قوشۇن قوماندانى باش شتاپ قوماندانى بىلەن بىرلىكتە ئادەملەرنى تەيىنلەيدۇ. قوشۇندا ئالىي ھەربىي تەئلىم ۋە ئىسلامىي مەرتىۋەت مۇكەممەل بولۇشى شەرت. قاچانكى ئومۇمىي تەلىمات ئەرزىندە بولسىمۇ ئىسلامنى ئاڭلىغان مۇسۇلمانلار بولسۇن. ھەربىر ھەربىي قارارگاھدا ئالىي ھەربىي تەئلىمدىن خەبەردار، سىزمالار سىزىش جەڭلەرگە يۈزلەندۈرۈشكە ماھىر كىشىلەر يېتەرلىك بولسۇن. مەيلى ساناھات مەيلى ئەسكەرىي بولسۇن ھەربىي كارخانىلار باشقا مىللەتنىڭكى كارخانىلاردىن ئۈستۈن تۇرسۇن. ساناھەت ۋە ئەسكەرى قۇدرەت دائىمىي رەۋىشتە راۋاجلانسۇن. مالىيە جەھەتتىنمۇ يۈكسەلسۇن. چۈنكى مۇسۇلمان ئۈممەتى جىھاد ئۈممىتىدۇر. بۇ بىلەن باشقا مىللەتلەر ئارىسىدا ھەردەمدە ئۇرۇش بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى



يوق ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەسكەرلىككە تەييارلىنىش، چېنىقىش ئۈنبەش ياشقا كىرگەن ھەربىر مۇ[illegible]گە مەجبۇرى. قوشۇنغا سەپەۋەر قىلىش پەرزى كىپايەدۇر. ئۇرال كۆتۈرۈشكە قادىر ھەربىر مۇسۇلمان بولسا ئېھتىياجدىكى [illegible] دەپ ئېتىبار قىلىنىدۇ.

6. قازىلار. قازىلار ئۈچ تۈرلۈكتۇر. ئۇلاردىن بىرى مۇئامىلىلەردە ئادەملەر ئارىسىدا بولىدىغان خۇسۇمەتلەرنى ئۇقۇبەتلەرنى ئاجرىم قىلىدۇ. مۇئامىلىلارنىڭ تۈرلىرىگە قاراپ مەھكىمەلەرنىڭ دەرىجىلىرى تۈرلۈك خىل بولۇشى مۇمكىن. لېكىن كەسساسىيە سوتى (شىكايەت ئەرىزىسىگە مۇۋاپىق يۇقىرى سوت ئورگىنى تەرەپىدىن تۆۋەن سوت ھۆكمىنى قايتا كۆرۈپ چىقىش ياكى بىكار قىلىش تەرتىبى) بولمايدۇ. مادامىكى، ئىسلام شەرىئىتىگە زىت كەلمىسەكەن، قازىلىق قارارى قەتئىيلىكى جەھەتتىن پەقەت بىر خىل دەرىجىدە بولىدۇ. ئىسلام شەرىئىتىگە زىت كەلگەندە بولسا ھۆكۈم بىكار قىلىنىدۇ.

ئىككىنچىسى بولسا مۇھتەسىپدۇر. بۇ جامائە ھەققىگە زەرەر قىلىدىغان قانۇنسىز ئىشلارنى ئاجرىم قىلىدۇ. بۇ ئىشتا داۋاگەر بولمايدۇ. بۇ ئىش ھەدلەر ۋە جىنايەتكە كىرمەيدۇ. مۇھتەسىپ قايەردە بولمىسۇن خەۋەردار بولغان چاغدا قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا قازىلىق مەجلىسىنىڭ ئارلىشىشى شەرت ئەمەس. ئۇ ئۆز بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن سىپاھ ئادەملەردىن بىرنەچچەنى قول ئاستىغا ئالىدۇ. ئۇنىڭ ھۆكمى دەرھال ئىجرا قىلىنىدۇ.

ئۈچۈنچىسى شىكايەتلەر بويىچە ھۆكۈم يۈرگۈزىدىغان قازى

(يەنى قازى - ل- مەزالىم). ئۇنىڭغا دۆلەت سەلتەنىتىدە ياشاۋاتقان ھەربىر شەخس ئۆز ئۈستىگە چۈشكەن زۇلۇمدىن شىكايەت قىلىپ بېرىشى مۇمكىن. شىكايەت قىلغۇچى شەخس بولسا ئاشۇ دۆلەتنىڭ رەئىيىتى بولۇشى ھەم، بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. شىكايەت دۆلەت رەئىسى ئۈستىدىن بولامدۇ، ھاكىملار ياكى مەنسەپدارلار ئۈستىدىن بولامدۇ باپ باراۋەردۇر. شىكايەت مەھكىمىسى (قازى -ل - مەزالىم) دۆلەتتىكى ھەرقانداق ھاكىم ياكى ئەمەلدارنى، ھەتتا دۆلەت رەئىسىنىڭ ئۆزىنىمۇ ئىشتىن بوشىتىش ھوقۇقىغا ئىگە. دۆلەت رەئىسى بولسا ئۇنى تارقىتىۋېتىش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس. چۈنكى ئۇ زالىم ۋە پاسىق خەلىفىگە قارشى ئۈممەتنىڭ قورالىدۇر. ئۇنى تارقىتىۋېتىشقا قازى -ل-قۇززاتنىڭمۇ ھەققى يوق.

بۇ ئۈچ تۈردىكى قازىلارنى دۆلەت رەئىسى ياكى قازى-ل-قۇززات تەيىنلەيدۇ. دۆلەت رەئىسى تەيىنلىگەن قازى-ل-قۇززات قازىلارنى تەيىنلەش، ئۇلارغا ئاداپ بېرىش ۋە ئىدارى قانۇنلار دائىرىسىدە ئۇلارنى ئىشتىن بوشىتىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئەمما ئۇ شىكايەتلەر بويىچە ئىش يۈرگۈزىدىغان قازىنى (قازى-ل-مەزالىم)نى بوشىتىشقا ھەقلىق ئەمەس. ئۇنى پەقەت شىكايەتلەر مەھكىمىسىلا ئىشتىن بوشىتىشقا ھەقلىق. بۇ مەھكىمىنىڭ قازىلىرى مۇجتەھىد بولۇشى شەرت.

7. دۆلەت باشقارمىلىرى. دۆلەت باشقارمىلىرى دۆلەت ئاپپاراتىدا گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. باشقارما ئاپپاراتى مۇئەسسەلەر، ئىدارىلەر ۋە باشقارمىلار مەجمۇئىدۇر. ئۇلار دۆلەت ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىش، مۇسۇلمانلارنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ھەربىر باشقارما، ھەربىر مۇئەسسەسە ۋە ھەر



بىر ئىدارىغا بىر مۇدىر تەيىنلىنىدۇ. مۇدىر ئۆز باشقارمىسىدىكى ئىشلارغا بىۋاستە مەسئۇل بولىدۇ. ھەممە مۇدىرلەر ئۆزلىرى باشقۇرىۋاتقان باشقارمىلار، مۇئەسسەلەر ياكى ئىدارىلىرى ئۈچۈن ئىدارە باشقۇرغۇچىسى ئالدىدا جاۋاپكاردۇر. ھۆكۈملەر ۋە ئومۇمى قانۇنلارغا رىئايە قىلىش جەھەتتىن بولسا ۋالىيلار ئامىلىنىڭ ئالدىدا جاۋاپكاردۇر.

بۇ مۇئەسسەسەلەرگە ئىشچىلار تەيىنلەش، ئۇلارنى باشقا ئىشقا ئۆتكۈزۈش، ئۇلارغا تەربىيە بېرىش، ئىشتىن بوشىتىش ئالى ئىدارە باشقۇرغۇچىسى تەرەپىدىن بولىدۇ. شۇنىمۇ ئېتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىشچىلارنى تەيىنلەشتە مالىيە مۇدىرىنىڭ رۇخسىتى بولۇشى شەرت. بۇ مۇئەسسەسەلەر ۋە باشقارمىلار، مائارىپ مۇئەسسەسى، دېھقانچىلىق باشقارمىسى، سانائەت باشقارمىسى، ۋالىيلار ۋە قازىلار مۇئەسسەسىسى ۋە باشقىلار بۈگۈنكى كۈندە ۋەزىرلىق دەپ ئاتىلىۋاتقان ئىدارىلەردۇر.

ئىسلامدا دېموكراتىك چۈشەنچىسىدىكى ھۆررىيەتلەر يوق. چۈنكى، ئىسلامدىكى ئەركىنلىك چۈشەنچىسى قۇللۇقتىن ئازات بولۇشتۇر. زەيد ئەركىندۇر دېگىنى زەيد قۇل ئەمەستۇر، دېگىنىدۇر. زەيد ئەركىن ئەمەستۇر، دېگىنى بولسا كىشىنىڭ دور قۇلى دېگىنىدۇر. لېكىن روزا تۇتۇش، كەمبەغەللەرگە سەدىقە قىلىشتا، پايدا ئالماستىن قەرز بېرىشتا، بامداتتىن كېيىن نەفلى نامازنى ئوقۇشتا تاماقنى قول ياكى قوشۇق بىلەن يېيىشتە سەن ئەركىنسەن ياكى ئەركىن ئەمەسسەن دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئىسلامدا ئىنساننىڭ قىلمىشلىرى ۋە تەسەررۇپلىرى ئۈچۈن نەچچە ھۆكۈمبار: 1. پەرز. قىلىنىشى قەتئىي تەلەپ قىلىنغان ئىش. رامىزان روزىسىنى تۇتۇشقا ئوخشاش. 2. مەندۇپ. قىلىنىشى

تەلەپ قىلىنغان، ئەمما قەتئىي تەلەپ قىلىنمىغان ئىش. كەمبەغەللەرگە سەدىقە بېرىشكە ئوخشاش. 3. ھارام. قىلىنىشتىن قەتئىي قايتۇرۇلغان ئىش. مالنى جازانىخورلۇق بىلەن قەرز بېرىشكە ئوخشاش. 4. مەكرۇھ. قىلىنىشتىن قايتۇرۇلغان لېكىن قەتئىي قايتۇرۇلمىغان ئىش. بامداتتىن كېيىن نەفل نامازنى ئوقۇشقا ئوخشاش. 5. مۇباھ. قىلىش ياكى قىلماسلىق ئىختىيارى بولغان ئىش. تاماقنى قول ياكى قوشۇق بىلەن ئېغىزغا ئاپىرىشقا ئوخشاش. دېمەك، مانا بۇ ئىشنى قىلىشتا سەن ئەركىنسەن ياكى ئەركىن ئەمەسسەن دېگىلى بولمايدۇ. بەلكى، بۇ ئىش ساڭا پەرز ياكى مەندۇپ، ياكى ھارام، مەكرۇھ ياكى مۇباھ دېيىلىدۇ. دېمەك ھەرقانداق ئىش پەرز، مەندۇپ، ھارام، مەكرۇھ ۋە مۇباھلارنىڭ بىرى بولۇشتىن نېرىگە ئۆتمەيدۇ.

غەرب دېموكراتلىرى نەزىرىدىكى ئەركىنلىك چۈشەنچىسى ئىنسانىنىڭ ئىشلىرى ۋە تەسەررۇپلىرىدىكى ئەركىنلىكتۇر. ئۇلاردىكى شەخسى ئەركىنلىكلەر دېگىنى خالىغان نەرسىنى يېيىشى، ئىچىشى، كىيىشى، زىنەتلىنىشى، كۆڭلىگە كەلگىنىنى قىلىشى دېگىنىدۇر. مۇشۇك گۆشىنى يېيىش، ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەر ئىچىش، چاكىنا كىيىملەرنى كىيىش، ئالتۇن ۋە گوھەرلەر بىلەن زىنەتلىنىش، ئۇسۇلغا چۈشۈش، قوشاق ئېيتىش، زىنا، پاھىش ئىشلارنى قىلىشلارنىڭ ھەممىسى غەربدىكى شەخسى ئەركىنلىكلەر چۈشەنچىسىنىڭ مۇندەرىجىسىدۇر، ئۇلاردا بۇ ئىشلار ھارام يا مەندۇپ يا مۇباھ دېيىلمەيدۇ. ئۇلاردا ھارام ياكى ھالال دېگەن چۈشەنچىنىڭ ئۆزى يوق. شەخسى ئەركىنلىكى، مۈلكى ئەركىنلىكى، ئېتىقاد ئەركىنلىكى، پىكىر ئەركىنلىكىگە ئوخشاش چۈشەنچىلەر بار



خالاس. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ دېموكراتىك تۈزۈم شۈبھىسىز كۇفرى تۈزۈمدۇر. بۇ كاپىتالىزمنىڭ ۋە سوتسىيالىزمنىڭ كۇفرى تۈزۈملىرىنىڭ تەركىبى قىسمىدۇر. ئۇنى ئېلىش جائىز ئەمەس. ئۇنى قوبۇل قىلىش مۇسۇلمانلارغا ھارامدۇر.

## 3. دۆلەتنى (ساقلاپ) قېلىش ۋە ئۇنىڭ داۋاملىق بولۇشىنىڭ كاپالەتلىرى

دۆلەتنى بەرپا قىلىش ئۇسۇلىنى بايان قىلىش ماۋزۇسىغا ئۆتۈشتىن ئاۋۋال ئايرىم مۇخلىسلەر قوزغاۋاتقان بەزى سوئاللارغا جاۋاپ بېرىپ ئۆتىمىز. ئۇلار ۋاقتىنكى كېلىپ بۇ دۆلەت بەرپا بولسا، ئۇنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ۋە داۋامەتلىك بولۇشىنىڭ ھەقىقى بىگانە كاپالىتى نېمە دەپ سوئال قويىدۇ.

ئايرىم مۇخلىسلار ئويلايدۇكى، خەلىپىلىك دۆلىتىنى بەرپاقىلىش ئاسان ئىش. لېكىن بۇ دۆلەتنىڭ تۈزىمى ئالەمدىكى باشقا تۈزۈملەردىن پەرق قىلىدۇ. خۇسۇسەن، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي تۈزىمى ھازىرقى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىدىن پۈتۈنلەي ئايرىمدۇر. ئۇۋەندىكى سەۋەبلەردىن قارىغاندا بۇ دۆلەت ئۇزاق ياشىيالمىسا كېرەك.

1. ئۇنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى دۈشمەنلىرى كۆپ بولىدۇ.

2. باشقا دۆلەتلەر ئۇنىڭغا قارشى تىل بىرىكتۈرۈپ، پىتنە ئويۇشتۇرۇدۇ.

3. ئۇ بىلەن باشقا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ئىسلامىي دەۋەتنى يېيىش يولى بولامىش جىھاد سەۋەبلىك ئۇرۇش ئالاقىسى بولىدۇ.

4. چوڭ دۆلەتلەرنىڭ خەلقلىرىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغاندا، ئۇلار ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش باشلايدۇ. بۇ دۆلەتتە بولسا ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئىمكانىنى بېرىدىغان ئىقتىسادى ئامىللار يېتەرلىك ئەمەس.



مۇلاھىزە قىلايلى، بۈگۈنكى كۈندە بەشەرى جەمئىيەتلەر روھى، ئىنسانى ۋە ئەخلاقى مانا ۋىيەتلەرنىڭ يوقلىقى تۈپەيلى دائىمى قالايمىقانچىلىق ۋە ھەسرەتتە ياشىماقتا. ئۇلار كۆپىراق رەھىمدىللىك نېمەلىكىنى بىلمەيدىغان، ماددى قىسمەتتىن ئۆزگە نەرسىنى بىر پۇلغا ئالمايدىغان بۆرەنىڭ ھوۋلىشىغا ئوخشايدۇ. ھاياتتا بىر-بىرلىرى بىلەن ئىششەكدەك جەڭ قىلىدۇ. ماددىلىكتىن باشقا نەرسە ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزمەيدۇ. پەقەت ھۆكۈمران بولۇش، ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈنلا ئۆزلىرىنى قۇربان قىلىدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ ھاياتى تاقەت قىلغىلى بولمايدىغان جەھەننەمگە ئايلاندى. ھەيرەتتە قالغان بەشەرىيەت قەلبىگە ئېھتىياج رىغبەتلەرنى قاندۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمىغان تۈپەيلىدىن قالايمىقانچىلىق ھۆكۈمران بولىۋالدى. جەمئىيەتلەردە كەلگەندىلەر سانى كۈن سايىن ئېشىپ بارماقتا. نائۈمىدلەر ئارزۇلىرىنى مەيدانغا چىقىرىشتىن قوغلانماقتا. نەتىجىدە ھايات جەھەننەمدىن بىراقلا قۇتۇلۇپ قېلىش ئۈچۈن ئۆز جانىغا قەست قىلىش ھادىسىلىرى كۆپەيمەكتە.

بۇ كىشىلەر يېتەرلىك مال-دۆلەتلىرى بولسىمۇ ھازىرمۇ خاتىرجەم بولالمايتتۇ. ئادەتتىكى ياشلاردىكى قالايمىقانچىلىق، قېچىش، چۈچۈلۈش كاپىتالىستىك ۋە سوتسىيالىستىك ئېتىقادلارنىڭ دىلىنى تىنچلاندۇرالمىسلىقىنى كۆرسەتمەكتە. چۈنكى بۇ ئىككىسى ئېتىقاد ئەقىلنى قانائەتلەندۈرەلمەيدىغان، ئىنساندىكى غەرىزە ۋە ئۆزۈي ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشنى تەرتىپكە سالالمايدىغان ئىنسان تەبىئىتىگە زىت ئېتىقادلاردۇر.

ھەممە جەمئىيەتلەردىكى ئادەملەرنىڭ دىللىرىنى

خاتىرجەملىك بىلەن تولدۇرىدىغان، جەمئىيەتلەرگە روھىي، ئەخلاقىي ۋە ئىنسانىي قىممەتلەرنى ئېلىپ كىرىدىغان ئېتىقادقا ئىنتىلىدۇ. يەنە ئۇلار ھوقۇقدا ۋە مۇئامىلىدە ئادەملەرنىڭ ۋەتۆرلىرىنى تەڭلەشتۈرىدىغان، كاپىتالىستنى خوجايىن، سۇلتاننى زوراۋان قىلىپ قويمايدىغان ئادىل تۈزۈمگە ئىنتىلىدۇ.

مۇلاھىزە قىلىشنى داۋاملاشتۇرايلى. ئىسلام ئالەمى ئىسلام تۈزۈمىنى چەتكە سۈرۈپ، ئۇزاق زامان كاپىتالىستىك ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈملەرگە بويسۇنغاچقا، ئۇمۇ باشقا جەمئىيەتلەرگە ئوخشاش ۋە بىقارارلىققا دۇچار بولدى. ئۇنىڭدىكى ھاكىمىيەت تۈزۈملىرى داۋاملىق ئۆزگىرىۋەردى. مۇسۇلمانلار بىر ھاكىمنىڭ كېتىشىدىن خۇرسەن بولدى، كېلىۋاتقان ھاكىمغا بولسا شۈبھە بىلەن قارىدى. ھەتتا ئېتىقاد ۋە ھايات تۈزىمى سۈپىتىدىكى ئىسلامغا قايتىش رىغبىتى ئىسلام ئالەمىدىكى پۈتۈن ئاممىنىڭ پىكرى ۋە زىكرى بولۇپ قالدى. ھەممە جايدا ئىسلامىي تۇيغۇلار مىللى ۋە سوتسىيالىستىك تۇيغۇلارغا توقۇنۇشقا باشلىدى. ئىسلامغا دەۋەت قىلىدىغان ھەرىكەتلەر كۆپەيدى. كاپىتالىستىك دۆلەتلەر بۇ يۈزلىنىشتىن قورقۇشقا باشلىدى، ئۇلارنىڭ يازغۇچى ۋە مۇخبىرلىرى بۇ ئىشتىن ئېھتىياتلاندۇرۇشقا كىرىشتى. ئوتتۇرىدىكى گەپلەر ئامېرىكا زۇڭتۇڭى كارتېرنىڭ سىياسىي مەسلىھەتچىسى بىژە ژىنسكى تىلىدىن ئېيتىلغان: «ھىند ئوكيان ئەتراپىدىكى خەلقلەر سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تىكلىنىشتا ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇ يەردىكى ھاكىمىيەت تۈزۈملىرى بوشدۇر. بىز قىممەتلىرىمىز ۋە نۇقتىئىنەزەرلىرىمىزغا قارشى چىققۇچى كىشىلەرنى مانا شۇ سىياسىي بوشلۇقنى تولدۇرۇپ قويۇشىدىن



قورقىمىز. . . .». كېيىن يەنە شۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىز بۇ ئېقىمغا قارشى تۇرساق، تېز كۈندە پۈتۈن ئالەمدىن قوغلىنىپ تاشلىنىمىز. لېكىن بىز ئۆز مەنپەئەتلىرىمىزنى ساقلاپ قېلىشىمىز ئۈچۈن ئۇ بىلەن بىرگە يۈرۈشىمىز ۋە ئۇنى يۈزلەندۈرۈپ تۇرۇشىمىز لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىسلامىي مەملىكەتلەردىن بىرى ياكى بىرنەچچىسىدە ئىسلامىي خەلىپىلىك دۆلىتى بەرپا بولغان ھامان مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا كېلىپ قوشۇلۇشقا، ئۇنى ساقلاپ قېلىش ۋە داۋاملاشتۇرۇش يولىدا ئۆزلىرىنى پىدا قىلىشقا ئالدىرايدۇ. شۇچاغدا بىرەرسىمۇ ئېچكىرىدىن ئۇنىڭغا قارشى ھەرىكەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان رىغبىتى ۋە ئىنتىلىشى كۈندىن كۈنگە كۈچىيىۋېرىدۇ. بىرەر بىر خوشنا مەملىكەت ئۇنىڭغا قارشى ھەرىكەت قىلسا، مانا شۇ ھەرىكەتنىڭ ئۆزى ئۇنى ھالاكەتكە ئېلىپ بېرىشى ئېھتىمالدىن ئۇزاق ئەمەس.»

ئەمدى دۆلەتلەرنىڭ تىل بىرىكتۈرۈپ پىتنە ئويۇشتۇرۇشلىرىغا كەلسەك، بۇ نەرسە بىر نەچچە ئىشلاردىن كۆرۈنىدۇ: گاھىدا ئىسلامىي دۆلەتنىڭ ئاساسىغا تايانغان ھالدىكى توغرا يۆنىلىشتىن بۇرۇۋېتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يېقىنلىشىدۇ. گاھىدا بولسا بىر ياكى بىر نەچچە خوشنا دۆلەتلەرنى ئۇ بىلەن ئۇرۇشۇشقا ئۈندەيدۇ. ھېچكىم ئىسلام دۆلىتىنى توغرا يولدىن (يۆنىلىشىدىن) بۇرىۋالالمايدۇ. ئۇنىڭغا ھەرىكەت قىلىش ئۇنىڭ تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئىسلام دۆلىتىگە قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن ئىسرائىل دۆلىتىنى ئۈندەش ئېھتىمالى يوق ئەمەس. ئىسرائىل ئۇرۇش باشلايدىغان بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز دۆلەتلىرىنى ھىمايە قىلىشىدىكى پىداكارلىقى

كۈچراق بولىدۇ. ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشى ئەمەلىي ۋە ھەقىقىي بولىدۇ. ئىسلام دۆلىتى ئالەمدىكى ھەممە مۇسۇلمانلارنى ئىسرائىلغا قارشى ئۇرۇشۇش، ئۇنى مەغلۇپ قىلىشقا چاقىرىدۇ. ئىسلام خەلقلىرىنى، ئۆز ھۆكۈمەتلىرىنى ئىسرائىلغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا مەجبۇر قىلىشلارغا دەۋەت قىلىدۇ، خەلقنىڭ ھەممە قۇۋۋىتى دۈشمەنگە قارشى جىھاد قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىنىدۇ، ئىسرائىل مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان ئىتتىقاد ئۇرۇشىدا ناچار ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇنداق ئۇرۇشلاردا مۇسۇلمانلار تارىختا ھېچچەم مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ئەمەس.

ئەمدى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئالاقىلەرنىڭ ئۇرۇش ياكى تىنچلىق ئالاقىسى بولىشىغا كەلسەك ئىسلام بىر مەركەزدۇركى تاشقى سىياسەت ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ. ئىسلام دۆلىتىنىڭ باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولىدىغان ئالاقىسىمۇ ئۇنىڭغا ئاساسلىنىدۇ. چۈنكى خەلقنىڭ سىياسىي مۇئامىلىسى ئىسلامدۇر. ئىسلامىي پىكىرلەرنىڭ ئۇلۇغلىقىنى كۆرسىتىش ئەڭ كاتتا سىياسىي يوللاردىن ھېسابلىنىدۇ. بۇ سىياسىي مەسىلە دۆلەت ۋە خەلق دۇچ كېلىدىغان بىر ئىشتۇر. بۇ ئىش ئۇلاردىن ئىشلارنى باشقۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلار بۇنىڭ تەلىۋىنى بىجىرىشلىرى شەرت. ئەنە شۇ ئىش سىياسىي مۇئامىلە دۇر. بۇ ئىش ئومۇمىي بولسا، سىياسىي مۇئامىلە خۇسۇسىي بولغاندىمۇ سىياسىي مۇئامىلە دېيىلىدۇ. ئىشنىڭ بىر قىسمى بولغاندا بولسا مۇئامىلىنىڭ بىر مەسىلىسى بولىدۇ.

ئىسلام ئۈممىتى بىر ئىشقا دۇچ كېلىۋېتىپتۇ. بۇ ئىش ئۇنىڭدىن ئىشلارنى باشقۇرۇشنى تەلەپ قىلىۋېتىپتۇ. ئۈممەت ئۇنىڭ تەلىۋىنى بىجىرىشى شەرت. بۇ ئىش خەلىپىلىكنى قايتا



تىكلەشتۇر. مانا شۇ سىياسىي مۇئامىلە بولىدۇ. دۆلەت بارپا بولغاندىن كېيىن بولسا، ئۇنىڭ سىياسىي مۇئامىلىسى ئىچكىرىدە ئىسلامنى تەتبىق قىلىش ۋە ئىسلامىي پىكىرلەرنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۆرسىتىش بولىدۇ. ئىسلامنىڭ ئەھلى زىممى، ئامانلىق سورىغان، ئەھدىلەشكەنلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىسى، ھاكىمنىڭ ئادەملەر ئۈستىدە ئىگىدارچىلىق ھۆكۈمدارلىقى ئەمەس، بەلكى شەرىئەتنىڭ ئىجراچىسى ئىكەنلىكى، ئۈممەتنىڭ مۇكەممەل تەرتىپتە ھاكىمدىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇشى ئىسلامىي پىكىرلەرنىڭ ئۇلۇغلىقىدىن دۇر. ئۈممەتنىڭ ھاكىمدىن ھېساب ئېلىش ۋاجىپ بولىغىنىدەك، زۇلۇم قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشى ۋاجىپدۇر. گۇناھ ئىشلاردا بولسا ھاكىمغا ئىتائەت قىلىش ھارام. ھاكىمدە ئوچۇق كۇفۇرنى كۆرگەن ئۈممەتنىڭ ئۇنىڭغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ھوقۇقىدىن پايدىلىنىشىمۇ ئىسلامى پىكىرلەرنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىندۇر. ئىسلامدا ھاكىم بىلەن مەھكۇم ھەممە ئىشتا باراۋەر. ھاكىممۇ باشقا شەخسلەرگە ئوخشاش قازىغا شىكايەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزى بىرەر ئىشتا شەرىئەتكە خىلاپ ئىش قىلسا، شىكايەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قازىغا ئۇنىڭ ئۈستىدىنمۇ شىكايەت قىلىنىدۇ. مانا شۇلار ئىسلامىي پىكىرلاردۇر. ئۇلارنى كۆرسىتىش ۋاجىپ. شۇچاغدا دەۋەت ئادەملەرنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىدۇ. دۆلەت ھۆدۇدىدىن تاشقىرىدىكى ئادەملەر بۇنى ھېس قىلىپ ئۇنىڭغا رىغبەت قىلىدۇ. دۆلەت ئىچكىرىدە ئىسلامنى چىرايلىق تەتبىق قىلىپ، دۆلەت سۈپىتىدە كۈچكە كىرىپ، كاتتا دۆلەتلەر بىلەن يۈزمۇ-يۈز ئورۇشقا قادىر پەيتتە ئىسلامىي دەۋەتنى تاشقىرىغا يېيىشنى باشلايدۇ. بۇ ئىسلام ئالىمىنى بىرلا دۆلەتتە

بىرلەشكەندىن كېيىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەنە شۇ پەيتتە دۆلەت بىرلىشىشكە قادىر بولىشى دەرىجىسىدە قۇۋۋەتكە ئىگە بولىدۇ.

ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادى مەنبەلىرى يېرىنىڭ كەڭلىكى جەھەتىدىنمۇ بار ئاھالىسىنىڭ كۆپلىكى جەھەتىدىنمۇ، باشقا ھەممە دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى مەنبەلىرىدىن كۆپراق. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مۇسۇلمانلار مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ھەربىر مەنپەئىتىنى مەيدانغا چىقىرىش ئۈچۈن ساخاۋەتلىك بولۇشقا بۇيرۇلغان.

بۇ ئىش چوقۇم پەيتىدە ئەۋج ئالىدۇ. مۇسۇلمانلار ئېتىقاد ئورۇشىدىكى مەغلۇبىيەتلەرنىڭ مەناسى ئەڭ ئەزىز نەرسىلەر بولغان ئېتىقادلىرىنىڭ بەربات بولىشى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار غەلىبە قازىنىش ئۈچۈن ھېچنەرسىلەرنى، ھەتتا قەرىنداشلىرىنى ئايىمايدۇ. بۇنىڭغا مىساللار گۇۋاھلار تولۇق ئورنۇۋېتىپتۇ. ئەبۇبەكرى سىددىق (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئۇسرە غازىتىدا ھەممە مال دۇنياسىنى بەرگەن. ئۆمەرنىڭمۇ خەتتاپ (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) بولسا يېرىم دۇنياسىنى بەرگەن. بۇلاردىن باشقا ئوسمان، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋپ كە ئوخشاشلار ناھايىتى كۆپ بولغان.

ئىسلام باشقا ئاساس ۋە دىنلاردىن پەرقلىنىدىغانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ الله يولىدا جىھاد قىلىشلىرى ئۈچۈن ساخاۋەتلىك بولۇشقا ئۈندەيدۇ. ھەربىر ياخشىلىق بارابىرىغا يەتتە يۈز ياخشىلىق ۋەدە قىلىدۇ. الله تائالا ئېيتىدۇ:

مثل الذين ينفقون اموالهم في سبيل الله كمثل حبة انبتت سبع سنابل في كل سنبلة مئة حبة والله يضاعف لمن يشاء*

-«اللەنىڭ يولىدا پۇل - مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان ئ-ن، ھەر



باشاقدا 100 دان ئۈنگەن بىر دانغا ئوخشايدۇ (يەنى قىلىنغان ياخشىلىق يەتتە يۈز باراۋەر بولۇپ قايتىشىغا ئىشارە قىلىنماقتا) الله خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاپ بېرىدۇ». 261.

ئۇلارنى اللەنى ياخشى كۆرۈش بىلەن يېتىدىغان مۇۋەپپەقىيەت ۋە يۈكسەك مەرتىۋىگە تەرغىپ قىلىدۇ: اللەتەئالا ئېيتىدۇ:

الذين امنوا وهاجروا وجاهدوا في سبيل الله باموالهم وانفسهم اعظم درجة عندالله واولئك هم الفائزون *

-«ئىمان كەلتۈرگەن، ھىجرەت قىلغان ۋە الله يولىدا مال ۋە جانلىرى بىلەن كۈرەشكەن - جىھاد قىلغان زاتلارنىڭ الله ھۇزۇرىدىكى دەرىجىلىرى ناھايىتى ئۇلۇغدۇر ۋە ئاشۇلار بەخىت سائادەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر». 20 : 9

الله بولىدىكى پىدائىيلىكنى ئۇنىڭ ئىگىسىگە ئۇلۇغ ئەجىر بولۇپ قايتىدىغان قەرز دەپ ئېتىبار قىلىدى. الله تەئالا ئېيتىدۇ:

واقرضوالله قرضا حسنا وما تقدموا لانفسكم من خير تجدوه عند الله هو خيرا واعظم اجراه

-«ۋە (بارچە مىسكىنلەرگە خەيرى ساخاۋەت قىلىش بىلەن) اللەغا قەرز ھەسەنە بېرىڭلار، ئۆزلىرىڭىز ئۈچۈن تەقدىم قىلىدىغان ھەربىر ياخشىلىقنى قىيامەت كۈنى اللەنىڭ ھۇزۇرىدا يېنىمۇ ياخشىراق ۋە ئۇلۇغراق ئەجرى مۇكاپات ھالىدا تاپارسىز» 20 : 73

اللەتەئالا يەنە شۇنداق دەيدۇ:

يايهاالذين امنوا هل ادلكم علي تجارة تنجيكم من عذاب اليم * تؤمنون بالله ورسوله وتجاهدون في سبيل الله باموالكم وانفسكم ذلكم خير لكم ان كنتم تعلمون *

-«ئى مۇئمىنلەر، سىزلەرگە ئەلەملىك ئازاپتىن نىجات

بېرىدىغان بىر «تىجارەتنى» كۆرسىتەيمۇ؟ (ئاشۇ «تىجارەت» ) مانا بۇدۇر. اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرۈسىزلەر ۋە اللە يولىدا مال-جانلىرىڭىز بىلەن جىهاد قىلىسىز. مانا شۇ، ئەگەر بىلسىڭىز، ئۆزلىرىڭىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئىشتۇر» . 11، 61:10

ئۇلارنى اللە يولىدا ساخاۋەتلىك بولۇشقا ئۈندەپلا قالماي، ئۇلارنى بۇ ئىشقا ئالدىراتتى. ئالدىرماسلىق ئاقىۋىتى نەدامەت بولىشىدىن ئاگاھلاندۇردى. اللە تەئالا ئېيتىدۇ:

**وانفقوا من مارزقناكم من قبل ان يا'تي احدكم الموت فيقول رب لولا اخرتني الي اجل قريب فاصدق واكن من الصالحين ***

-«سىزلەرنىڭ ھەربىرىڭىزگە ئۆلۈم كېلىپ: «پەرۋەردىگارىم، مېنى ئازلا مۇددەتكە ھاياتتا قالدۇرساڭ، مەن خەير-سەدىقە قىلىپ، سالىھ بەندىلەردىن بولسام» . - دەپ قالىشىدىن ئىلگىرى بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىدىن ئىنپاق - ئېھسان قىلىڭلار!» . 63؛10

بېخىللىقتىن ئېھتىياتلاندۇردى. بېخىللەرنى ھالاك قىلىپ ئورنىغا باشقا قەۋم كەلتۈرۈشتىن ئاگاھلاندۇردى. اللە تەئالا ئېيتىدۇ:

**هاانتم هو'لا' تدعون لتنفقوا في سبيل الله فمنكم من يبخل ومن يبخل فانما يبخل عن نفسه والله الغني وانتم الفقرا' وان تتولوا يستبدل قوما غيركم ثم لايكونوا امثالكم ***

-«مانا سىزلەر شۇنداق كىشىلەردۇرسىزكى، اللە يولىدا ئىنپاق - ئېھسان قىلىش ئۈچۈن دەۋەت قىلىنۇرسىزلەر ئىچىڭىزدىكى كىم بېخىللىق قىلسا، بەس، ئەلۋەتتە ئۇ پەقەت ئۆز زىيىنىغا بېخىللىق قىلۇر، چۈنكى ئەجرى ساۋابتىن مەھرۇم بولۇر. اللە سىزلەرنىڭ خەيىر ئېھسانىڭىزدىن بىھاجەت، سىزلەر بولسا،



ئۇزاتقىنىڭ ئەجرى ساۋابلىرىغا مۇھتاجدۇرسىزلەر. ئەگەر سىزلەر اللەغا ئىتائەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈپ كەتسىڭىزلەر، ئۇ زات ئورنىڭىزغا سىزلەردىن باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرۇپ قويىدۇ، كېيىن ئۇلار سىزلەرگە ئوخشىغان بولمىسا، بەلكى سىدقى دىلىدىن اللەغا تائائەت ئىبادەت قىلۇر!» 47:38

كېيىن ئۇلارنى ساخاۋەتسىزلىك دۈشمەننىڭ غالىب بولىشى، ئۆزلىرىنىڭ بولسا، ھالاكەتكە ئۇچراشقا ئېلىپ بېرىشتىن ئاگاھلاندۇردى. اللە تەئالا ئېيتىدۇ:

**وانفقوا في سبيل الله ولا تلقوا بايديكم الى التهلكة***

-«اللە يولىدىكى كۈرەش ئۈچۈن ماللىرىڭىزلارنى سەرپ قىلىڭلار. ۋە بېخىللىق قىلىش بىلەن ئۆزىڭىزنى ھالاكەتكە تاشلىماڭ!» 2:195

ۋە نىھايەت ھېچكىمگە ئېھتىياجىدىن ئارتۇقىنى اللە يولىدا سەرپ قىلماستىن خەزىنە قىلىۋېلىش ئۈچۈن ھېچقانداق ئورۇن قالدۇرمايدىغان قىلىپ خىتاپ قىلدى، مەلۇمكى «اللە نىڭ يولىدا» ئىبارىسى قۇرئاننىڭ قايسى بىر يېرىدە سەرپ قىلىش سۆزى بىلەن بىرگە كەلسە، جىهاد مەناسىنى ئاڭلىتىدۇ. اللە تەئالا ئېيتىدۇ:

**ياايها الذين امنوا ان كثيرا من الاحبار والرهبان لياكلون اموال الناس بالباطل ويصدون عن سبيل الله والذين يكنزون الذهب والفضة ولا ينفقونها في سبيل الله فبشرهم بعذاب اليم * يوم يحمي عليها في نار جهنم فتكوي بها جباههم وجنوبهم وظهورهم هذا ما كنزتم لانفسكم فذوقوا ما كنتم تكنزون ***

-«ئالتۇن - كۈمۈشنى يېغىپ، ئۇنى اللەنىڭ يولىدا ئىنپاق - ئېھسان قىلمايدىغان ئادەملەرگە ئەلەملىك ئازاب «خوش خەۋەرنى» يەتكۈزگىن! ئۇ كۈندە (قىيامەتتە) ئاشۇ ئالتۇن

كۈمۈشنى جەھەننەم ئوتىدا قىزىتىلىپ، ئاشۇ بىلەن ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى، يانلىرى ۋە ئارقىلىرىغا تامغا بېسىلىپ: « مانا بۇ ئۆزلىرىڭلار ئۈچۈن توپلىغان نەرسىلىرىڭلاردۇر. ئەمدى توپلاپ ـ ياتقان نەرسىلىرىڭلارنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرۈڭلار»، ـ دېيىلۇر». 9:34، 35

مانا شۇلاردىن كېلىپ چىقىپ ئېيتىش مۇمكىنكى، ئىسلام دۆلىتىنىڭ بايلىقى ناھايىتى كاتتا. ئۇ ھەممە مۇسۇلمانلارنىڭ قوللىرىدىكى دۆلەتتۇر. ئۇلار مال ـ مۈلۈكلىرىنى رازى بولۇپ، مەمنۇنىيەت بىلەن ئەنە شۇ دۆلەت خەزىنىسىغا بېرىدۇ. ئۇرۇش ياكى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىنىۋاتقان ھالەتتە بولسا، (قورال ئىشلەپ چىقىدىغان زاۋۇتلارنى قۇرۇش ياكى قورالنىڭ ئەڭ ئەن ئۆزىنى سېتىۋېلىشقا ئوخشاش ئىشلار ئۇرۇشقا تەييارلىقدۇر)، مۇسۇلمانلار مال ـ جانلىرىنى تەقدىم قىلىشقا چاقىرىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار جىھاد ئەھلىدۇر. باشقا مىللەت ۋە خەلقلەر شەھۋەت ۋە رىغبەتلىرىنى قاندۇرۇش بىلەن قانداق خۇرسەن بولسا، مۇسۇلمانلار الله يولىدا جىھاد قىلىش بىلەن شۇنداق خۇرسەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىسلام دۆلىتىگە ئۇرۇش جەريانىدا مال دۆلەت ياكى ئادەم سانى يەتمەي قېلىشىنىڭ خەۋپى يوق. بار خەۋپ مۇسۇلمانلارنىڭ دىللىرىدا ئىسلامنىڭ ئاجىزلىشىشى، دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىدا ئۇنىڭ چىرايلىق تەتبىق قىلىنماسلىقىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىسلامنىڭ دىللىرىدا مۇستەھكەم ئورنىشىشى ۋە ئىچكىرىدە چىرايلىق تەتبىق قىلىنىشى دۆلەتنىڭ ساقلىنىپ قېلىنىشى ۋە داۋاملىق بولۇشىغا كاپالەتتۇر.

تاشقىرىدىن كېلىش كۈتۈلگەن خەۋپ خەتەردىن ساقلاپ قېلىش ۋە داۋاملىق كاپالەتلىرى مانا شۇلاردۇر. خوش، ئەمدى



www.uyghurkitap.com

ئىسلام تەتبىق قىلىنىشىنىڭ داۋاملىق بولۇشىنى قوغۇپ قېلىش ۋە ئىچكىرىدە ئىنقىلاب بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كاپالىتى ئېمە؟ ئىسلامنى ئەمەلدە ئادا قىلىش، ئۇنى ئالەمگە يېيىش ۋە بۇ ئىشنى داۋاملىق قىلىشنىڭ ھەقىقىي كاپالىتى اللەغە تەقۋالىق قىلىشتۇر، يەنى الله دىن قورقۇشتۇر. ئەگەر بۇ تەقۋالىق خەلىپىنىڭ دىلىدا ئورۇنلاشسا، ئۇنى ئۆز ھاياتىدىن كۆپرەك ئىسلامنى ئويلاپ قويىدۇ. تەقۋالىق يوقالسا ئىسلامنى تەتبىق قىلىشنىڭ ۋە ئالەمگە يېيىشنىڭ تەبىئىي كاپالىتىمۇ يوقولىدۇ. ئەگەر خەلىپە ياكى قايسى بىر ھاكىم تەقۋالىقىنى يوقاتسا، ئۇنى ئىسلامنى تەتبىق قىلىشقا مەجبۇر قىلىدىغان ياكى ئۇنى ئىشتىن چەكلەپ ئورنىغا تەقۋالىق كىشىنى ئېلىپ كېلىدىغان بىر ماددىي ۋاستە زۆرۈردۇر. بۇ ئەمەلىي ۋاستە ئۈممەتتۇر. ئۈممەت اللەنىڭ ھاراملىرىنى ھالال قىلىۋاتقان، اللەقا بەرگەن ئەھدىنى بۇزۇۋاتقان، پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىگە مۇخالىپ بولۇۋاتقان، الله نىڭ بەندىلىرى ئۈستىدە گۇناھ ۋە تاجاۋۇزكارلىق بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىۋاتقان زالىم ھاكىمنى كۆرگەن پەيتتە ئۇنى ئۆز سۆزى ياكى ئەمەلى بىلەن ئۆزگەرتىشى ۋاجىپ. بۇنداق ئۈممەت مەۋجۇت بولۇشىنىڭ كاپالىتى بولسا يەنە باشقا ئىككى ۋاستىگە مۇھتاجدۇركى، بۇ ئىككى ۋاستە ئەنە شۇ ۋەزىپىنى بېجىرىشتا ياردەم بېرىدۇ ياكى ئەنە شۇ يولدىن باشقۇرۇپ بارىدۇ.

بىرىنچى ۋاستە مەھكەمەتۇل ـ مەزالىم ـ شىكايەتلەر مەھكىمىسىدۇر. بۇ مەھكىمە ھاكىم بىلەن پۇقرا ئوتتۇرىسىدا مەيدانغا كەلگەن خۇسۇمەتلەرنى ئاجرىم قىلىدۇ ۋە ئىككىلى تەرەپنى ئۆزىنىڭ ھۆكمىنى بويسۇنۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. الله

تەئالا ئېيتىدۇ:

ياايها الذين امنوا اطيعوا الله واطيعوا الرسول واولي الامر منكم فان تنازعتم في شي ء فردوه الي الله والرسول ان كنتم تو'منون بالله واليوم الاخر ذلك خير واحسن تاويلا»

–«ئى مۆئمىنلەر، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار ۋە پەيغەمبەرگە ھەمدە ئۆزلىرىڭلاردىن بولغان ھاكىملارغا بويسۇنۇڭلار! ئەگەر بىرەر نەرسە ھەققىدە تالىشىپ قالساڭلار – ئەگەر ھەقىقەتەن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بولساڭلار – ئۇنى (يەنى ئۇ نەرسىنى) ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە قايتۇرۇڭلار! مانا بۇ ياخشىراق ۋە چىرايلىقراق يېشىمدۇر». 4:59

ئايەتتىكى تالاش تارتىش ھاكىم بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى تالاشدۇر. يەنى، ئۆزلىرىڭلاردىن بولغان ھاكىملارغا بويسۇنۇڭلار، ئەگەر ئۇلار بىلەن بىرەر ئىشدا تالىشىپ قالساڭلار، ئۇنى دەرھال ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ ھۆكمىگە ھاۋالە قىلىڭلار. بۇ تالاشنى ھەل قىلىشقا شەرئىي شىكايەتلەر مەھكىمىسى ھەقلىقدۇر. بۇ مەھكىمىنىڭ قازىلىرى مۇجتەھىد بولىشلىرى شەرت. ئۇ چىقارغان ھۆكۈم شەرئى ھۆكۈم بولسۇن. مانا شۇ ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ ھۆكمىگە قايتۇرۇشدۇر. ئەگەر ھاكىم ئۇ ھۆكۈمنى قوبۇل قىلمىسا، شەرىئەتنى تەرك قىلغان بولىدۇ. بۇنداق ھالدا خەلق ئۇنىڭغا قىلغان بەيئەتتىن ئازات بولۇپ ئۇنى ئۆزگەرتىش (باشقىغا ئالماشتۇرۇش) ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ.

ئىككىنچى ۋاستە چوڭقۇر چۈشىنىش ۋە ئاللاھدىن قاتتىق قورقۇشقا ئىگە بولغان، ئىسلامي ئېتىقادقا ئىگە بولغان ھەقىقى سىياسي گورۇھدۇر. بۇ گورۇھ ئادەملەرگە ئىسلامي مەرىپەتنى سىڭدۈرىدۇ. مەرىپەت ئەقىلنى كېڭەيتىدۇ، ئىدراكنى



كۈچەيتىدۇ ۋە دىلنى ئازىلايدۇ. تۇيغۇلار بىلەن پىكىرلەرنى باغلايدۇ. پىكىرلەر بىلەن دىل مايىللىقى ئارىسىدا ھەقىقى مۇۋاپىقلىقنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ. بۇ نەرسە مۇسۇلمانلارنى كۆزلىگەن ئىسلامي شەخس قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ. مانا شۇنداق شەخسلەرگە ئىگە بولغان گورۇھ بەرپا بولغاچقا مەزكۇر ئۈممەتنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ۋاستىسى ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. چۈنكى بۇ گورۇھ ئۇنىڭ پىكىرلىرىنى ئازىلاپ بىرلا پىكىرگە ئايرىپ تۇرىدۇ-دە، ئۇنى بىرلا مەقسەت – ئىسلام تەرىپىگە يېتەكلەيدۇ. كېيىن ئۇ پەقەت ئىسلام ئۈچۈن، ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ياشايدىغان بولىدۇ. ئەنە شۇ ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ئېتىقادىدىن ھەقىقى ئاگاھ بولۇپ، ئۇنى توغرا ئاڭلايدۇ. ئۇنى ئاگاھ قىلغان، مانا شۇ ئېتىقادقا دەۋەت قىلىش، ئۇنى تەتبىق قىلىش ۋە تەتبىقنى داۋاملىق قىلىش ئۈچۈن ياشايدىغان مانا شۇ گورۇھدۇر. بۇ گورۇھ ئۈممەت ئىچىدە بەرپا بولۇپ، ئۇنى دۆلەتتىن ھېساپ تەلەپ قىلىشقا يېتەكلەيدىغان مەبدە ئاساسىغا قۇرۇلغان ھىزب دۇر. ئۇ دۆلەت ئۈستىدىن نازارەت قىلغۇچىدۇر، چۈنكى ئۇ ئۈممەتنىڭ ۋەكىلىدۇر. ئەمرى مەئرۇپ نەھى مۇنكەر ھەققىدە سۆز ئاچقىنىمىزدا بۇنداق گورۇھقا ئىشارە قىلىپ، ئۇنى ئۈممەتنىڭ ئىچىدە ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشكە سۆزلەشكەن ئىدۇق. ئاللاھ تەئالا ئېيتىدۇ:

ولتكن منكم امة يدعون الي الخير ويامرون بالمعروف وينهون عن المنكر واولئك هم المفلحون *

–«ئارىڭلاردا ياخشىلىق (ئىسلام) غە دەۋەت قىلىدىغان، مەرۇپ ياخشىلىققا بۇيرۇيدىغان ۋە مۇنكەر-ناشەرئى ئىشلاردىن قايتۇرىدىغان بىر گورۇھ بولسۇن. ئەنە ئاشۇلار نىجات تاپقۇچىلاردۇر». 3:104

بۇنداق ھىزبنى بەرپا قىلىش شەرت، چۈنكى ئۇ ئۇممەتنى يېتەكلەيدىغان ئەمەلى ۋاسىتەدۇر. بۇ يېتەكلەش دۆلەتنىڭ ئىسلامغا دەۋەت قىلىشى، ئۇنى تەتبىق قىلىشى ۋە تەتبىق قىلىشتا داۋاملىق بولۇشىغا ئوخشاش ۋەزىپىلەرنى مۇكەممەل تەرىقىدا ئادا قىلىنىشىنىڭ كاپالىتىدۇر.

بۇ ئىككى ۋاسىتە ئىسلامنى تەتبىق قىلىش ۋە بۇ ئىشنى داۋاملىق قىلىشنىڭ كاپالىتى بولۇشى بىلەن بىرگە ئىچكىرىدىكى ھەرقانداق ئىنقىلابنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋاسىتىسى ھەمدۇر. بۇ جامائەنىڭ ھاكىمىيەت تۆپىسىگە كېلىپ ئېلىش، مەۋجۇت ھاكىمنى ئېلىپ تاشلىشى ئىنقىلاب دېيىلمەيدۇ. بەلكى ۋەزىيەتلەرنى ئۆزگەرتىشكە قارىتىلغان تەھرىرىي ھەركەتلەرلا ئىنقىلابدۇر.

ئەسلدە ئىنقىلابدىن مەقسەت بىر تۈزۈمنىڭ ئورنىغا باشقا بىر تۈزۈمنى ئالماشتۇرۇشتۇر. يەنى بىر تۈزۈمگە ئاساسلانغان دۆلەتنى ئۆزگەرتىش بىلەن ئاشۇ تۈزۈمنى ئۇنىڭدىن باشقا تۈزۈمگە ئالماشتۇرۇشتۇر. مەبدەئ ئاساسىغا قۇرۇلغان ھىزب ئۇممەت ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپ، ئۇنى ئىسلامغا ئاساسلانغان، ئۆز ھاياتىنى ئۇنىڭغا بېغىشلىغان ھالدا يېتەكلەپ يۈرسە ۋە ئۇممەتمۇ پەقەت ئىسلام تۈپەيلىدىن ئۇنىڭغا ئەگەشسە، ھەرقانداق قۇۋۋەت قانچە كۈچلۈك بولسىمۇ ئۇممەتنىڭ ئۆز مەبدىئىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوق قىلالمايدۇ.

شۇنداق قىلىپ، مەبدەئگە ئاساسلانغان ھىزبنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئىنقىلابنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ، شۇ بىلەن بىرگە ئىسلامنى تەتبىق قىلىش ۋە ئۇنى ئالەمگە يېيىشنىڭ كاپالىتىدۇر. لېكىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن ھىزبلەرگە



بىرلەشمەيۋېتىپتۇ. مېڭىلىرىدە قېتىپ قالغان - ئىسلام ھىزبلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا رۇخسەت بەرمەيدۇ - دېگەن چۈشەنچە ھەمدە ئۆتكەن ئەللىك يىل مابەينىدە ھىزبلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا بىرەر پايدا كەلتۈرمىگەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پىكرىي توقۇنۇشلار، ئىختىلاپلار مەيدانغا كەلگەنلىكى سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ نامىنى يامان كۆرۈۋاتىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىسلام ئىسلامىي ئېتىقادقا ئاساسلانغان ھىزبلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى مەنئى قىلمىغىنى، ئۇ پەقەت مىللەتچىلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھىزبلىرى ھەمدە اللەنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلغۇچى غەيرى ئىسلامىي ئاساستىكى كوممۇنىستىك ھىزبلەردىن قايتۇرغىنىنى بايان قىلىشى لازىم. ئىسلام ئېتىقادىغا ئاساسلانغان ھىزبلارغا ئىسلام رۇخسەت بەرگەن. رۇخسەت بەرگەنلا ئەمەس ھېچ بولمىغاندا ئۇلاردىن بىرەرسى ئۇممەتنىڭ ئارىسىدا بولۇشىنى پەرز قىلغان. اللە تەئالا ئېيتىدۇ:

ولتكن منكم امة يدعون الي الخير ويامرون بالمعروف وينهون عن المنكر واولئك هم المفلحون*

- «ئاراڭلاردا ياخشىلىق (ئىسلام) غە دەۋەت قىلىدىغان، مەرۇپ - ئەرگى ئىشلارغا بۇيرۇيدىغان ۋە مۇنكەر - ناشەرئى ئىشلاردىن قايتۇرىدىغان بىر گورۇھ بولسۇن. ئەنە ئاشۇلار نىجات تاپقۇچىلاردۇر». 3:104

لېكىن كاپىر ئىسلام مەملىكەتلىرىگە كىرگەچكە، ئۇ يەردە سىياسى ھىزبلەر ۋۇجۇتقا كېلىپ قېلىشىدىن قورقتى. چۈنكى بۇ ھىزبلەر ئۇممەتنى ئۇنىڭغا قارشى ئاتلاندۇرىدۇ. كاپىر تەيىن قىلغان ھاكىملاردىن ھېساپ تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئىش بولسا ھاكىملارنىڭ بوزۇلغىنىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ



www.uyghurkitap.com

مەنپەئەتلىرىغا ئېتىبار بەرمىگەنلىكىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. نەتىجىدە خەلق ئۇنىڭغا قارشى قوزغىلىپ، ئۇلارنى ئالدىرىتىدۇ-دە، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ھەممە مەنپەئەتلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ. ۋە ھالەنكى، كاپىر مەملىكەتلەردە مەملىكەتلەرنى ھىزبلەر باشقۇرىدۇ. كېيىن ئۇ ئۆزىگە گۇماشتىلارنى تېپىپ (مۇسۇلمانلار ئىچىدە) بىر نەچچە ھىزبلەرنى تەشكىل قىلدى. ئۇلارنىڭ ئارىلىرىغا شەخسىي مەنپەئەت ئۈستىدە نىزائلارنى سالدى. ئادەملەر ئۇلارنى يامان كۆرسۇن، ئۇلارغا قوشۇلۇشنى خىياللىرىغىمۇ كەلتۈرمىسۇن، كاپىر ۋە ئۇنىڭ مۇسۇلمانلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرغان گۇماشتىلىرى ئۆز مەيلىچە ئىش قىلسۇن. كاپىر خۇپيانە يول كۆرسىتىش بىلەن كۆپ ئىسلامىي گورۇھلارنى سىياسەت بىلەن شۇغۇللىنىشتىن، ھەتتا ھاكىمىيەت ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشنىڭ ئۆزىدىنمۇ بۇرىۋەتتى. شۇچاغدا ئۇنىڭ ۋە گۇماشتىلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىقى ئۇزاققا سوزۇلسا. كاپىرنىڭ گۇماشتىلىرى ئايرىم ئاڭسىز، ئىخلاسى يوق ئىسلامىي گورۇھلارنى پەقەت يۈزەكى پىكىرنى ئۆزى بىلەنلام ئورنى بىلىنىشى مۇمكىن بولغان ئەرزىمەس ئىشلارغا مەشغۇل قىلىپ قويىدى. خۇددى پىقھى قاراشلاردىكى ئىختىلاپلارغا ئوخشاش. چۈنكى بۇ يول بىلەن ئايرىم پىقھى مەسىلىلەردە ئىمام ئەبۇ ھەنىپىگە خىلاپ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئىمام شافىئىنى قاتتىق تەنقىد قىلىشى ياكى باشقا ئالىملارنىڭ قاراشلىرىغا خىلاپ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئىمام ئەبۇھەنىپەنى ئۆزىنى ساۋداش ئىمكانى بولىدۇ. ئەسلىدە ئەنە شۇ گورۇھلارنىڭ.يۆنىلىشى تەنقىد قىلىنىپ، ئۇنى ئۇلۇغ پەيغەمبەر صلي الله عليه وسلم



سىرەتلىرىگە سېلىشتۇرۇلغاندا توغرىراق بولاتتى. چۈنكى ئۇ كىشىنىڭ سىرەت ئەمەللىرى، گەپلىرى ۋە قارارلىرى مەجمۇئى، يەنى ، شەرئى ھۆكۈملەر بولۇپ، ۋە بارچە ئىسلامىي گورۇھلار قوبۇل قىلىشى شەرت بولغان نەمۇنەۋى يولدۇر.

ئەمما پىقھى قاراشلاردىكى ئىختىلاپلار بىلەن بۇ قەدەر چالغىپ قېلىش توغرا ئەمەس. بۇ ئىشقا ئۇندەۋاتقان مەقسەتلىك ئەجنەبىلاردۇر.

ئايرىم مۇسۇلمانلار سىياسى ئاڭسىزلىقى تۈپەيلىدىن ھىزبلەرگە بىرلەشمەيۋېتىپتۇ دېگەن ئىدۇق شۇنىڭدەك، ئۇلار پىكرى ئاڭسىزلىقى تۈپەيلىدىن ئىسلامىي ھىزبلارنىڭ بىرنەچچە بولىشى بىلەن ئىسلامىي پىرقەلەرنىڭ بىرنەچچە بولىشىنىڭ ئارىسىنى ئاجرىتىپ ئالمايۋېتىپتۇ، ئىسلامىي ھىزبلارنىڭ بىر نەچچە بولىشى - پىقھى قاراشلار ۋە يۆنىلىشلەردە خىلمۇ-خىل بولىشىنى ئېتىقاددا خىلمۇ-خىل بولىشى دەپ گۇمان قىلىۋاتىدۇ. ۋەھالەنكى، ئىسلامىي ھىزبلەرنىڭ بىرنەچچە بولىشىدا ھېچقانداق زىيان يوق. چۈنكى ئۇلار ئارىسىدىكى ئىختىلاپ ئىسلام ئېتىقادى بارىسىدا ئەمەس. بۇنىڭغا ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىبىنى ئاس (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس توغرا كەلمەيدۇ، ئۇ ھەدىستا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقان ئىدى: «مېنىڭ ئۇممىتىمنىڭ بېشىغا بەنۇ ئىسرائىلغا كەلگەن نەرسىنىڭ ئەينەن ئۆزى ئەلۋەتتە كېلىدۇ، خۇددى ئىككى پاي كېپىشنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشىشىدەك بولىدۇ. ھەتتا ئۇلاردىن كىمدۇر ئانىسىنى ئاشكارا زىنا قىلغان بولسا، مېنىڭ ئۇممىتىم ئارىسىدىمۇ شۇنداق ئىشنى قىلىدىغانلار پەيدا بولىدۇ. بەنۇ ئىسرائىل يەتمىش ئىككى پىرقىغا ئاجرىلىپ كەتكەن مېنىڭ

ئۈممىتىم بولسا يەتمىش ئۈچ پىرقىغا ئاجرىلىپ كېتىدۇ. بىرلا مىللەت (پىرقە) دىن باشقا ھەممىسى دوزاخىدىدۇر. ئۇ ئۈممەت قايسى يارەسۇلۇللاھ. -دەپ سورىدى. مېنىڭ ۋە ساھابىلىرىمنىڭ ئىزىدىن ماڭغانلار، - دېدى».

بۇ ھەدىس ئىتتىقاتىدا خىلمۇ-خىل بولغان، ھەقىقەت بارىسىدا پىرقىلارغا ئاجرالغان، قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ كۆپلىرىنى تەۋىل قىلغان، ئۇنى زاھىر ۋە باتىنغا ئاجراتقان پىرقىلارغا توغرا كېلىدۇ، بۇ پىرقىلارنىڭ ئايرىملىرى پەيغەمبەر صلي الله عليه وسلم نىڭ ساھابىلىرىنى ھاقارەت قىلىپ، ئۇلارنى كاپىرغا چىقارغان ن. ئايرىملىرى ئەلىنى ۋە بەزىلىرى ئەھلى بەيتنى ئۇزلىرىغا خۇدا قىلىۋېلىشقان. ئۇلاردىن بىرى بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىنى كاپىرغا چىقىرىشقان. ئىسمائىلىيە، ناسىرىيە، ئەلەۋىيە، خادىيانىيە، باھائىيە، خاۋارىجلار، سوپىيە، ئىبازىيە. شىئەلەردىن : سەبائىيە، كەيسانىيە، مۇختارىيە، ھەربىيە، كەربىيە، زەيدىيە، راپىزىيەلەر. ئون ئىككىچىلار ئەنە شۇلاردىندۇر. ئەھلى سۈننە ۋە لجەمائەمۇ مانا شۇ پىرقىلارنىڭ بىرى بولۇپ، پەيغەمبەر ۋە ساھابىلارنىڭ ئىزىدىن ماڭغۇچى پىرقەدۇر. مۇسۇلمان ئاممىسى ھىزبلەرنى ئويلىغان ھامان مانا شۇ پىرقىلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ.

بىز ئىسلام دۆلىتى ھەققىدە ناھايىتى كىچىك. قىسقا بىر تەسۋىرنى بەردۇق. خۇسۇسەن، ھاكىمىيەت تۈزۈمى ماۋزۇسى بىلەن چەكلەندۇق. ئىجتىمائى تۈزۈم، ئىقتىسادى تۈزۈم ياكى تاشقى سىياسەتكە ئوخشاش مەسىلىلەردە توختالمىدۇق. ئەمدى ھەربىر مۇسۇلماننىڭ تەلىۋى ۋە ھەربىر دەۋەتچىنىڭ غايىسى بولغان ئىسلام دۆلىتىنى بەرپا قىلىش خۇسۇسىدا سۆز قىلىمىز.



جەمئىيەتنىڭ بۇزۇقلىقىنى ئاڭلاپ، ئۈممەتنىڭ ۋاقتىدىن ئەلەملىنىپ، تۆۋەن پاتقاقلىقدىن يۈكسىلىش ئەرمىكە ئىنتىلىۋاتقانلار ئۈچۈن يول ئوچۇق ۋە روشەن - مۇنەۋۋەر بولسۇن!

www.uyghurkitap.com

# 4. دۆلەتنىڭ بەرپا بولۇش كەيپىيتى

دۆلەت يېڭى پىكىرلەر مەيدانغا كېلىشى بىلەن پەيدا بولىدۇ ۋە ئۇلارغا ئاساسلىنىدۇ. پىكىرلەر ئۆزگىرىشى بىلەن سەلتەنەتمۇ ئۆزگىرىدۇ. بۇ پىكىرلەر چۈشەنچىگە ئايلانسا، ئىنساننىڭ ئۇلىغا تەسىر قىلىدۇ-دە، ئىنسان ئەنە شۇ چۈشەنچىلەر يېتەكلىشىدە ماڭىدۇ. ئۇنىڭ ھاياتقا قارىشى ئۆزگىرىدۇ. سەلتەنەت ئەنە شۇ مەنپەئەتلەرگە رىئايە قىلىش ۋە ئۇلارنى باشقۇرۇپ تۇرۇشتۇر. سەلتەنەت جەمئىيەتتىكى ئەڭ كۈچلۈك گورۇھنىڭكى بولىدۇ.

ئەگەر ئادەملەر مەنپەئەتلەرگە قاراشتا مۇتتەپىق بولسا، ئۆزلىرىگە ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرىدىغان بىر باشلىقنى سايلاپ ئالىدۇ. يەنى مەنپەئەتلەرنى باشقۇرۇپ تۇرىدىغان سەلتەنەت بەرپا قىلىدۇ؛ ياكى ئادەملەرنىڭ مەنپەئەتلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرۇش ئۈچۈن سۇلتان بولۇۋالغانلارغا ئېتىراز بىلدۈرمەيدۇ. مانا شۇنىڭدىن بىلىۋېلىش مۇمكىنكى، ھاكىمىيەت ئۇممەت تەرىپىدىن كېلىدۇ، يا ئەمەلى تاللىشى بىلەن ياكى ئېتىراز بىلدۈرمەسلىكى بىلەن.

ئەگەر ئۇلارنىڭ مەنپەئەتلەرگە قاراشلىرى خىلمۇ-خىل بولسا، بىر نەچچە گورۇھلارغا ئاجراپ كېتىدۇ. بۇ گورۇھلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈكى سەلتەنەتنى ئىگەللىشى ئېنىق. ئۇنداق ھەممە گورۇھنىڭ مەنپەئەتى ئەنە شۇ كۈچلۈك گورۇھ مەنپەئەتلىرىگە مۇۋاپىق ھالدا باشقۇرۇلىدۇ. قالغانلار ئۇنىڭغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئادەملەرنىڭ مەنپەئەتلىرىنى باشقۇرۇشقا ئاساسلانغان ھەربىر سەلتەنەتتە شۇنداق بولۇشى تەبىئىي ۋە زۆرۈرىي دۇر. شۇ سەلتەنەتلەر مەيلى قەبىلە سەلتەنىتى، مەيلى



دېموكراتىك سەلتەنەت بولسۇن، مەيلى ئىسلامىي، ھەتتا دىكتاتورلۇق سەلتەنەتمۇ بىر شەخسنىڭ ئەمەس، بىر گورۇھنىڭ سەلتەنىتىدۇر؛ چۈنكى بۇ سەلتەنەتتە ھۆكۈمران شەخس ئادەملەرنىڭ مەنپەئەتلىرىنى مەلۇم بىر گورۇھنىڭ مەدەت بېرىشى ياكى ئېتىراز بىلدۈرمەسلىكى بىلەن باشقۇرىدۇ.

ھازىرقى كۈندە ئىسلامىي ئالەمدە مەۋجۇت بولغان دۆلەتلەر كاپىتالىستىك پىكىرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن پەيدا بولغان ۋە ئۇلارغا ئاساسلانغان پىكىرلەر ئۆزگىرىشى بىلەن سەلتەنەتمۇ ئۆزگىرىدۇ. ئىسلام ئالەمىگە غەرب دۆلەتلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئۆزىنىڭ ھاياتقا بولغان يېتەكچى بولسىدا ئۇلارنى باشقۇرماقتا. مۇسۇلمان باللارغا غەرب مەرىپىتىنى سىڭدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئارىلىرىدا مەنپەئەتلەر كاپىتالىستىك غەربىي دۇنيا قاراش ئاساسىدا باشقۇرۇشنى ساقلاپ قېلىشدا تايىنىشى مۇمكىن بولغان كادىرلار تەييارلىماقتا. چۈنكى بۇ باللار كاپىتالىستىك ئۇقتىسادىزىنى يەنى دىنىي ھاياتتىن ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە دۆلەتتىن ئاجرىتىش ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلىشقاچ، ئۇلارنىڭ ھاياتقا بولغان، ، مەنپەئەتلەرگە بولغان قاراشلىرى ئۆزگەردى. كېيىن ئۇلار ياڭىلاردىن پايدا يارالىۋېرىگە بولىدىغان مۇئامىلىنىڭ قايسىدۇر بىر شىركەتكە نېفتىنى قېزىپ ئېلىش ئىمتىيازىنى بېرىشتى، ب د ت نىڭ قانۇنلىرىغا بويسۇنۇشنى، ئىسرائىلغا پەلەستىننى بېرىش بىلەن سۈلھى تۈزۈشنى مەنپەئەت دەپ قارايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلاردا ھەربىر دۆلەتتىكى سەلتەنەت ئادەملەرنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ھاياتقا بولغان قاراشلىرى يېتەكچىلىكىدە باشقۇرماقتا. ئەسلىدە بولسا ئۇممەت ھاياتقا ئىسلام ئېتىقادى ئاربىسىدىن قارىمىقى لازىم ئىدى. بۇ

ئېتىقاد ھاياتىنىڭ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا مۇۋاپىق ھالدا مېڭىشىنى ۋاجىپ قىلىدۇ. شۇنىڭغا بىنائەن شەرىئەت قارار قىلغان نەرسە مەنپەئەتتۇر. بۇ ئېتىقاددا بانكىلار بىلەن پايدا باراۋىرىغا مۇئامىلە قىلىش پايدا ئەمەس زەرەردۇر. چۈنكى شەرىئەت بۇنداق پايدىنى جازانىخورلۇق دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. جازانىخورلۇق بولسا ئىسلام نۇقتىسىنەزىرىدە ھارامدۇر. قايسىدۇر بىر شىركەتكە كانلارنى قېزىپ ئېلىش ئىمتىيازىنى بېرىش جائىز ئەمەسدۇر. چۈنكى نېفىت ۋە كانلار ھەممە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇمۇمى مۈلكىدۇر. ئىسلام ئۇمۇمى مۈلۈكنى كىمنىڭدۇر ئىمتىيازىغا تاپشۇرۇشنى مەنئى قىلىدۇ. ب د ت نىڭ قانۇنلىرى كۇفرى قانۇنلىرىدۇر. بۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇلار ئاجىز دۆلەتلەرنى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئىتىگە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مۇسۇلمان ئۇممەتى پەلەستىننى بېسىۋالغان ئىسرائىل بىلەن سۈلھى تۈزۈشنى ئاللاھنىڭ ئالدىدىكى جىنايەت دەپ ئېتىبار قىلىدۇ. مادامىكى مۇسۇلمانلاردا ھايات ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر، مىقياسلار ۋە قانائەتلەر مەجمۇئى ئۆز ئىچىگە ئالغان پىكىرلەر مەۋجۇت ئىكەن، ئەمدى كۈچلۈك گورۇھقا ئەنە شۇ چۈشەنچىلەر، مىقياسلار ۋە قانائەتلەرنى قوبۇل قىلدۇرۇش زۆرۈرىتى قالدى خالاس. شۇ چاغدا دۆلەت تەبىئى ۋە زۆرۈرىي تەرىقىدا ۋۇجۇتقا كېلىدۇ.

كۈچلۈك گورۇھنى مەيدانغا كەلتۈرىدىغان ياكى ھەممە ئادەملەرنى ئۇنى قوبۇل قىلىشقا، جەمئىيەتتە ئۇنىڭغا ئاساسلىنىپ ياشاش زۆرۈر دەپ بىلىشكە ئېلىپ بارىدىغان نەرسە ھېزبدۇر. بۇ ئىش دۆلەتنىڭمۇ، ئۇممەتنىڭمۇ ۋە ھەتتا ئۇممەت ئارىسىدىكى بىرلەشمىگەن يەككى ھالدىكى مۇتەپەككۇر شەخسلەرنىڭمۇ



قولىدىن كەلمەيدۇ. چۈنكى دۆلەت يالغۇز ۋۇجۇت ئەمەس، بەلكى ئۇممەت قوبۇل قىلغان چۈشەنچىلەر، مىقياسلار ۋە قانائەتلەرنى ئەمەلدە بېجىرىش ۋۇجۇدىدۇر. ئۇ ئۇممەتنىڭ ھاياتى ۋە ئىدراكى ۋاقتىنى ئاتلاپ ئۆتەلمەيدۇ. ئۇ پەقەت ئەمەلى ئىپادىلەشكىلا قادىر خالاس. بۇ ئىشنى ئۇممەتنىڭ ھاياتى ۋە ئىدراكى قۇۋۋەتلىك دائىرىسىدە بۇ قۇۋۋەتنى چىقىرىش، تەرتىپكە سېلىش ۋە ئۆز ئورنىغا قويۇش يولىدىن بېرىپ، بىۋاسىتە ئىش باشقۇرۇش بىلەن بېجىرىدۇ. لېكىن دۆلەتتىن ئىسلاھات ياكى ئىنقىلاب تەلەپ قىلمايدۇ. بۇنىڭ ئىمكانى يوق. چۈنكى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بۇنداق نەرسە يوق. چۈنكى دۆلەت پىكرى ۋۇجۇت ئەمەس، بەلكى پەقەتلا ئىجرا قىلغۇچى ۋۇجۇتتۇر.

ئۇممەت بولسا خىلمۇ-خىل باغلانغان ئىجتىمائى ۋۇجۇتتۇر. ئۇ بىر ئەر ۋە ئايالدىن تۇغۇلغان. ئۇنىڭدا پىكرىي، ئۆزۈۋى ۋە جىسمىي قۇۋۋەتلەر خىلمۇ-خىل. ئۆزى قوبۇل قىلغان مىقياسلار، چۈشەنچىلەر ۋە قانائەتلەرنى ئىجرا قىلىش ئۇسلۇبىمۇ خىلمۇ-خىل. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭغا مانا شۇ مىقياسلار، چۈشەنچىلەر ۋە قانائەتلەرنىڭ ئاساسى بولغان ئەسلى پىكىرلەر شۇ دەرىجىدە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇكى، باشقىسىنى ئىشلەپ چىقىش ئۇنىڭغا ماھال بولۇپ، ئەنەشۇلار ھەققىدىلا پىكىر قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ پىكرى ۋۇجۇت بولالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھېچبىر ئۇممەت ۋە ھېچ بىر خەلق ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىلىق سۈپىتى بىلەن ئۇمۇمى ھاياتقا بولغان قارىشىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئەقلىدى چۈشەنچىلەرمۇ، مىقياسلىرى ۋە قانائەتلىرى قانچىلىك قالاق ۋە تۆۋەن بولسىمۇ، ئۇلارنى ئۆزگەرتىش ئىمكانىغا ئىگە ئەمەس.

دۆلەت ئۆزىنىڭ بىر ۋۇجۇد دېگەن سۈپىتى بىلەن، ئۇممەت بولسا ئۇنىڭ ئىجتىمائىلىك سۈپىتى بىلەن چۈشەنچىلەر، مىقياسلار ۋە قانائەتلەر مەنبەئى بولالمايدۇ. ئۇلار پەقەت ئەنە شۇ مىقياسلار، چۈشەنچىلەر ۋە قانائەتلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئورنىدۇر خالاس. ئۇممەت ئۇلارنى ئۆز ئۈستىدە ئەمەلدە بېجىرىدۇ. دۆلەت بولسا خەلقنىڭ ئۈستىدە ئىجرا قىلىدۇ. دېمەك، دۆلەتمۇ، ئۇممەتمۇ چۈشەنچىلەر، مىقياسلار ۋە قانائەتلەر بىلەن تەرىپلىنىپ ئالىدۇ، لېكىن ئۇلارغا تەسىر ئۆتكۈزۈپ ئالالمايدۇ. ھاياتتا مىقياسلار چۈشەنچىلەر ۋە قانائەتلەر تەلەۋى بىلەن ھەرىكەت ۋە تەسەررۇپ قىلىدۇ. بۇ مەجمۇئە بىر قائىدەدۇركى، ئۇنىڭدىن دۆلەتنىڭ ھوقۇقى ۋاقتىنچە مىللەتنىڭ بولسا ئىجتىمائى ۋاقىلىككە كىرىپ بارىدۇ. دېمەك بۇچۈشەنچىلەر، مىقياسلار ۋە قانائەتلەرنىڭ بىر مەنبەئى بولۇشى شەرت. دۆلەتتىكى ۋە ئۇممەتتىكى تەسىر قۇۋۋەتكە ئىگە بولغان نەرسە ئاشۇ ئۇممەت ۋە دۆلەتتىن باشقا بىر نەرسىدۇر. ئۇ تەسىرلەنگۈچى ئەمەس، تەسىر قىلغۇچىدۇر. ئۇ مەزكۇر نەرسىلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشكە، مەركەزلەشتۈرۈشكە، ئۆزگەرتىش ئالماشتۇرۇش، ۋە ساقلاشقا قادىر.

بۇ يەردە خەلق ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان مۇتەپەككۇر شەخسلەر ۋۇجۇتقا كەلتۈرگۈچىلاردۇر، دېگەن پىكىر تېز خىيالغا كېلىدۇ. نەتىجىدە خاتاغا يول قويۇلىدۇ، قەدەملەر تېيىلىدۇ. چۈنكى شەخسلەر شەخس دېگەن سۈپەتلىرى بىلەن ۋۇجۇت ئەمەسدۇر. ئۇممەت بولسا ئۆز مەجمۇئىدا ۋۇجۇتتۇر. دۆلەت ۋۇجۇتتۇر ئۇلارغا پەقەت باغلاپ تۇرغۇچى ئامىللاردىن تەركىپ تاپقان، ۋۇجۇتلۇق سۈپىتىگە ئىگە بولغان، ئۇلاردىنمۇ



كۈچلۈكراق ۋۇجۇتلا تەسىر قىلالايدۇ. شەخس قانچە قۇدرەتلىك بولسىمۇ، ۋۇجۇت بولسا قانچە ئاجىز بولسىمۇ، شەخس ۋۇجۇتقا تەسىر قىلالمايدۇ. ۋۇجۇتقا پەقەت ۋۇجۇتلا تەسىر قىلالايدۇ. بىر شەخستە پەيدا بولغان پىكىر خالىس شەخسى پىكىر بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. بۇ مۇتەپەككۇر شەخستە قانائەتكە ئايلانغاندىلا پىكىرلىق سۈپىتىدىن مىقياس ۋە چۈشەنچە سۈپىتىگە ھەمدە پىكىر قىلىش تەرىپىدىن پىكىر قىلىش ۋە تەتبىق قىلىش تەرىپىگە ئۆتىدۇ. ئەنە شۇ ۋاقىتتا پىكىر پىكىرقىلىش مەيدانىدىن ئادەملەردىكى ۋۇجۇت كۆلىمىگە، كېيىن بولسا جەمئىيەتتىكى ۋۇجۇت كۆلىمىگە چىقىدۇ.

ئۇلارنى (چۈشەنچىلەر، مىقياسلار ۋە قانائەتلەرنى) ئۆزگىرىشقا ئېلىپ بارىدىغان نەرسە ئۇلارغا قەتئى ئىشىنىش، يەنى مۇتەپەككۇرنىڭ ۋاقتىغا مۇۋاپىق قەتئى تەستىقلىشىدۇر. بۇنىڭغا ئېلىپ بارىدىغان يول بولسا قايتا-قايتا قىلىنىش، قانائەتلەندۈرۈش ۋە تەتبىق قىلىشتۇر. بۇ ئىشلار جامائەدە ۋە جامائە بىلەنلا ھاسىل بولىدۇ. بۇ قانائەتلەندۈرۈش ۋە تەتبىق قىلىش مانا شۇ پىكىر جامائىنىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى ھەربىر كىشىنىڭ مۈلكىگە ئايلانغانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھاياتقا قاراشلىرىغا كىرىپ، ئۇنى ئىگەللەپ ئالىدۇ. تەسەررۇپلەرگە كىرىپ ئۇلارنى ئوڭلايدۇ. ئۇنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتى بولۇپ بىر ئىقلىمغا ئايلىنىدۇكى، ئۇنىڭغا كىرىپ قالغان ئىنسان ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن تەسىرلىنىدۇ. شۇ بىلەن پىكىرنىڭ ئۆزىگە خاس بىر ۋۇجۇدى مەيدانغاكېلىدۇ. بۇ ۋۇجۇت ئۇممەتنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئەمەس. ئۇممەتنىڭ ئۆزىدىن بىر قىسىمدۇر. دېمەك، بۇ ۋۇجۇت ئۇممەت ۋۇجۇدىدىن باشقا بىر ۋۇجۇتتۇر.

ئۇ دۆلەت ۋۇجۇدىنىڭ ئاستىدا ئەمەس، دۆلەت سەلتەنىتىنىڭ ئاستىدا ماڭىدۇ، بۇ پىكرىي ۋۇجۇت ئۇممەت ئارىسىدا تەشكىل بولغان ھىزبىدۇر. دېمەك، ئۇممەت ياكى دۆلەتكە تەسىر قىلغۇچى ئامىل مۇتەپەككۇر شەخسلەر ئەمەس، بەلكى ھىزبىدۇر.

ھىزب ۋۇجۇت سۈپىتىدە دۆلەت ۋۇجۇدى ۋە ئۇممەت ۋۇجۇدى بىلەن كۈرەشكە كىرىدۇ ۋە ئۇنى يېڭىدۇ، بۇ كۈرەش پىكرى كۈرەش، يەنى چۈشەنچىلەر، مىقياسلار ۋە قانائەتلەر كۈرەشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇمۇمى ئالاقىلارنى ۋە ئۇمۇمى مەنپەئەتلەرنى ئوبىكتىپ قىلىپ ئالىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۇممەتنىڭ ئۆزىنى پارچىلاش، ياكى ئۇنىڭدىكى مەلۇم بىر شەخسنى پارچىلاش بىلەن ئەمەس، ۋۇجۇتنىڭ ئاساسى بولغان چۈشەنچىلىرى مىقياسلار ۋە قانائەتلەرنى پارچىلاش بىلەن ئۇممەتنىڭ ۋۇجۇتلۇق سۈپىتىنى پارچىلايدۇ. پەقەت ئۇ ئۇممەتنىڭ ھالىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن ھەركەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ مۇمتاز ۋۇجۇدىنى بۈيۈكلۈق ۋە ئالىيلىق بىلەن ئالماشتۇرۇش (تەرەپكە يۈزلەندۈرۈش) ئۈچۈن دۆلەتنىڭ بۈيۈكلۈق سۈپىتىنى ھەم سەلتەنىتىنى پارچىلاش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئاساسى بولغان چۈشەنچىلەر مىقياسلار ۋە قانائەتلىرىنى پارچىلاش بىلەن پارچىلايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ مەۋجۇد ۋۇجۇدىنى يېڭى چۈشەنچىلەر، مىقياسلار ۋە قانائەتلەرگە ئاساسلانغان يېڭى ۋۇجۇتقا ئالماشتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھىزبنىڭ كۈرەشى ئىككى ۋۇجۇتقا قارىتىلغان بولىدۇ. دېمەك، ئىش ئەينەن شۇ ئىككى ۋۇجۇتقا : ئىجرائى ۋە ئىجتىمائى ۋۇجۇتقا قارىتىلغان بولىدۇ. دېمەك، ئىش ئەينەن شۇ ئىككى ۋۇجۇتقا قارىتىلغاندۇر. بۇقاراش بىر ۋۇجۇتنىڭ يەنە



بىر ۋۇجۇد ئۈستىدىكى ھاكىملىقىدۇر. سەلتەنەت ئىگىسى ھەم ئۇممەت ۋۇجۇدىنى ئىدارى قىلغۇچى ئاساسلىق دۆلەت ۋۇجۇدى ئىكەنلىكى بىلەن كۈرەشنىڭ كۆزۈنىشى روشەنلىشىدۇر. يەنى ئۇ پەقەتلا دۆلەت ۋۇجۇدىنىڭ ئۆزىدۇر. گەرچە ئۇ ماھىيەتتە ئىككىلى ۋۇجۇتقا قارىتىلغان بولىسىمۇ، بۇ ھىزبىي ۋۇجۇتنى «ئەمرى مەئرۇپ، نەھى مۇنكەر» ماۋزۇسىدا ئىشارە قىلغانىمىز سىياسى گورۇھنىڭ ياكى سىياسى ھىزبنىڭ ئەينەن ئۆزىدۇر. ئاشۇ بابدا ئۇنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەرز دېگەن ئىدۇق. اللە تەئالانىڭ ئۇشبۇ ئايىتىنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتكەن ئىدۇق:

**ولتكن منكم امة يدعون الي الخير ويامرون بالمعروف وينهون عن المنكر واولئك هم المفلحون ***

-«ئاراڭلاردا ياخشىلىق (ئىسلام)گە دەۋەت قىلىدىغان، مەئرۇپ - شەرئى ئىشلارغا بۇيرۇيدىغان ۋە مۇنكەر - ناشەرئى ئىشلاردىن قايتۇرىدىغان بىر گورۇھ بولسۇن. ئەنە ئاشۇلار نىجات تاپقۇچىلاردۇر». 3:104

بۇ ھىزبىي ۋۇجۇت مەۋجۇت بولمىسا خەلىپىلىكنى تىكلەش ئۈچۈن ئۇنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ۋاجىپ.

دېمەك، خەلىپىلىكنى تىكلەش ئۈچۈن ئۇممەت بېكىتىشى كېرەك بولغان يول تۆۋەندىكىلەردۇر:

1. خەلق ۋۇجۇدىدا دۆلەت ۋۇجۇدىدا تەسىرلەنگۈچى ئەمەس، تەسىرقىلغۇچى سىياسي ھىزبنى بەرپا قىلىش. ئۇ دۆلەت ۋە ئۇممەت ۋۇجۇدى بىلەن كۈرەشىدۇ. بۇ كۈرەش دۆلەت ۋە ئۇممەت ۋۇجۇدىنىڭ ئاساسى بولغان چۈشەنچىلەر، مىقياسلار ۋە قانائەتلەر مەجمۇئىنىڭ كۈرەشىدۇر.

2. مەدىنىدە ئىسلام دۆلىتى بەرپا بولغىنىغا قەدەر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇ كىشىنىڭ ھىزبى بېسىپ ئۆتكەن باسقۇچلىرىغا ئېگىشىش بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىن مېڭىش.

بۇ سىياسىي ھىزب مەۋجۇت جەمئىيەتتە خىلافەتنىڭ دۆلىتىنى تىكلەشكە ئېلىپ بارىدىغان يولنى بەلگىلەپ ئېلىشى شەرت. شۇچاغدا يوللاردىن ئادىشىپ پارچىلىنىپ كەتمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يوللىرىنى نەمۇنە قىلىۋالىدۇ. شۇچاغدا ھەرخىل يوللار، پىكىرلەر ئۇنى گورۇھلارغا ئاجرىتىۋالمايدۇ. ھاۋايى نەرسىلەرگە قۇل بولۇپ قالمايدۇ. دۆلەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىشلاردا اللەنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنى ئەسلى مەقسەت قىلىۋالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يوللىرىنى، دۆلەت بەرپا قىلغىنىغا قەدەر دەۋەت ئىشىدا بېسىپ ئۆتكەن باسقۇچلىرىنى بايان قىلىشنى لازىم دەپ قارىدۇق. قاچانكى ھەرىكەت قىلىۋاتقانلارنىڭ ئالدىدا يولنىڭ بەلگىلىرى، مەلۇم ئارماقلىرى روشەن بولىدۇ.



## 5. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۆلەت بەرپا قىلىشتا تۇتقان يوللىرى

اللە تەئالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ھەممە ئادەملەرگە ئەلچى قىلىپ تاللاپ، ئۇ كىشىگە ۋەھىيلەر ئەۋەتتى. اللە تەئالا ئېيتىدۇ:

**يا ايها المدثر * قم فانذر * وربك فكبر * وثيابك فطهر ***

— «ئى لىباسلارغا يۆگىنىۋالغان زات. تۇرغىن - دە، ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرغىن! يالغۇز پەرۋەردىگارىڭىزنى ئۇلۇغلاڭ! لىباسلىرىڭىزنى پاك تۇتۇڭ» 74: 1-4 ئوخشاش قۇرئان ئايەتلىرىنى ئۇكىشىگە خىتاپ قىلىشقا باشلىغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادەملەرنى اللەنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇ كىشى ھەقىقەتكە، اللەنىڭ ئۆزىگە خالىس ئىبادەت قىلىشقا، ياخشى ئەمەللەر قىلىش بىلەن اللەقا يېقىنلىشىشقا، قېرىنداش ۋە مۇساپىرلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشقا ئۆزلىرى ئۈچۈن سەنەم-بۇتلار قىلىۋالغان تاشلارغا ئىبادەت قىلىشنى تەرك قىلىشقا دەۋەت قىلىشقا باشلىدى. مۇشرىكلار بۇ تاشلارنى قىلىۋاتقان پىسىق پۇچۇرلىرىمىزنى كېچۈرىدۇ دەپ ئويلىشاتتى. كېيىن ئۇ كىشى ئادەملەرگە ئۆزىگە نازىل بولغان ئايەتلەر ۋە ھۆججەتلەر بىلەن خىتاپ قىلدى:

**قل يايها الناس انى رسول الله اليكم**

— «ئى ئادەملەر، مەن اللەنىڭ سىزلەرگە ئەۋەتكەن ئەلچىسىدۇرمەن». 7: 158

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادەملەرنىڭ كۈچلۈكمۇ

كۆچىسىزنى، باي ۋە كەمبەغەللىنى ئايرىۋېلىق ۋە ئايرىۋېتىشنى، ئەر ۋە ئايالنى، چوڭ كىچىكنى بىردەك دەۋەت قىلاتتى، ھېچكىمنى ئىستىسنا قىلمايتتى دەۋەت يوشۇرۇنچىمۇ ئاشكارىمۇ بولاتتى. مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادلىرىنى مەھكەم تۇتۇپ، سەنەملىرىگە يېپىشىۋالغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مانا بۇ ئايەتلەر نازىل بولدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى مۇشرىكلارغا تىلاۋەت قىلىپ بەردى:

**قال افتعبدون من دون الله مالاينفعكم شيئا ولايضركم * اف لكم ولما تعبدون من دون الله افلا تعقلون ***

-« (ئىبراھىم) ئېيتتى: « نېمىگە اللەنى قويۇپ، سىزلەرگە بىرەر پايدىسىمۇ، زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە سېغىنامسىزلارمۇ؟! سىزلەرگىمۇ، اللەنى قويۇپ سېغىنىۋاتقان بۇتلىرىڭىزغىمۇ نېمىگە ئەقىل يۈرگۈزمەمسىزلەر؟!» . 67، 21:66

ئۇلار بۇ ئىشلىرىمىز بىلەن ئاتا بوۋىلىرىمىز يولىدىن مېڭىۋاتىمىز دەپ دەۋا قىلىۋاتقىنىدا، ئۇلارغا تۆۋەندىكى ئايەتنى ئوقۇپ بەردى:

**ولقد كنتم انتم واباءكم في ضلال مبين ***

-«دەر ھەقىقەت سىلەرمۇ، ئاتا بوۋىلىرىڭلارمۇ ئوچۇق زالالەتتە ئىكەنسىلەر» . 21:54

قۇرەيش قەبىلىسى ئۇ كىشىنىڭ دەۋەتلىرىنى كۆزىتىپ تەكشۈرۈشكە باشلىدى. ئىشنىڭ بېشىدا ئۇ كىشىنىڭ دەۋىتىنى ۋەرەقە ئىبنى نەۋپەل ۋە قەيسىبىنى سائىدە لەرنىڭ سۆزلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇنىڭ سۆزلىرى داشمەنلەر ۋە روھانىلارنىڭ گەپلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس دەپ ئويلىغان ئىدى. لېكىن دەۋەت ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ ئېتىقادلىرىغا ھۇجۇم



قىلىپ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى نادانلىق [illegible] باشلىدى، نەتىجىدە دەۋەتكە قارشى كۈرەش كېرەك بولۇپ، [illegible] كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇ كىشىگە ئىشەنگەنلەرگە ئازاب بېرىش بىلەن توسقۇنلۇق قىلىشقا باشلىدى. ئۇ كىشى [illegible] ئەگەشكەنلەرنىڭ تولىسى قۇرەيشكە بەھس قىلالمايدىغان ئاجىز ياشلار بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئەرقەم ئىبنى ئەرقەم نىڭ ھويلىسىدا، ئادەملەرنىڭ كۆزلىرىدىن يىراق مەككە داللىرىدا مەخپىي ھالدا ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ تۇراتتى ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەيتتى. شۇچاغدا ئۇ كىشى تۈزگەن يېڭى گورۇھ مۇشرىكلارنىڭ قولى يېتىشىدىن ئۇزاقتا بولىدۇ. ئۇلار بىلەن كېچىلىرى پاكى چاشگاھلاردا ئۇچرىشىپ، ئۇلارغا نازىل بولغان قۇرئان ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ بېرەتتى، ۋاجىب بولغان نەرسىنى ئۆگىتەتتى. ئۇلارنى تەربىيىلەشتە ئىككى ئىشنى كۆزلىدى.

1. ئۇلارنىڭ دىللىرىدا ئېتىقادنى كۈچەيتىشنى خالىدى. قاچانكى ئېتىقادى پىكىرلەر چوڭقۇرلاشسا، چۈشەنچىلەر مۇستەھكەملەنسە، ئىچ-ئىچىدىن تومۇرىغا ئۆتسە ھېچقاچان دۈشمەنلەر ئۇنى سوغۇرۇپ ئالالمايدۇ.

2. ئۇلار باشقىلارغا چۈشەندۈرۈپ ۋە قانائەتلەندۈرۈشكە قادىر بولۇشى كېرەك ئىدى. چۈنكى ئۇلار دەۋەتچى بولىدىغان ۋە ئۈممەتكە يېتەكچى بولىدىغان كىشىلەر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار ئاڭلاش، چۈشىنىش ۋە ئادەملەرنى اللەنىڭ دىنىغا جەلىپ قىلىشقا مۇھتاج ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى باشلانغۇچ نۇقتا قىلىۋالدى. دەۋەتنىڭ بىرىنچى دەۋرىدە ئۇنىڭدىن ئاشقىرىغا چىقمىدى. بۇ دەۋرى تەربىيەلەش دەۋرى ئىدى.



www.uyghurkitap.com

ساھابىلارنىڭ سانى قىرىق ئەتراپىغا يەتكەنگە قەدەر شۇنداق قىلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ ۋە ھەمزە ئىبنى ئابدۇل مۇتتەللىپلارمۇ بار ئىدى. الله تەئالا پەيغەمبەرلىكنىڭ ئۇچۇنچى يىلى مەخپىي گورۇھنى ئاشكارا قىلىشقا ۋە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن بۇيرۇقلارنى ئوچۇق يېيىشقا بۇيرۇپ، ئايەت نازىل قىلدى:

**وانذر عشيرتك الاقربين * واخفض جناحك لمن اتبعك من المؤمنين * فان عصوك فقل اني بريء مما تعملون ***

— «ۋەيىقىن قېرىنداش - ئۇرۇقلىرىڭىزنى اللەنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇڭ! ئۆزىڭىزگە ئەگەشكەن مۆئمىن بولغان كىشىلەر ئۈچۈن قانىتىڭىزنى پەس تۇتۇڭ (يەنى ئۇلارغا خۇش خۇي بىلەن كەمتەرلىك مۇئامىلىدە بولۇڭ)! بەس، ئەگەر ئۇلار ئىتائەتسىزلىك قىلسا، ئۇ ھالدا ئېيتىڭ: «ئەلۋەتتە مەن سىزلەرنىڭ ئەمەللىرىڭىزدىن پاكدۇرمەن». 26:214-216

الله تەئالا ئېيتىدۇ:

**فاصدع بما تؤمر واعرض عن المشركين * انا كفيناك المستهزئين * الذين يجعلون مع الله الها اخر فسوف يعلمون ***

— «بەس، سىز ئۆزىڭىزگە بۇيرۇلغان ئىشنى يەنى ھەق دىنغا دەۋەت قىلىشنى ئوچۇق-ئايدىڭ قىلىڭ ۋە مۇشرىكلاردىن يۈز ئۆرۈڭ! ئەلۋەتتە بىز ئۆزىمىز سىزنى مەسخىرە قىلغۇچىلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن كۇپايە قىلىمىز. ئۇلار اللەقا باشقا ئىلاھلارنى شېرىك قىلىدۇ. بەس، يېقىندا - قىيامەت كۈنىدە بۇ قىلمىشلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلىپ ئالىدۇ». 15:94-96

كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن ئىككى سەپ بولۇپ چىقتى. بىرىنچى سەپكە ئۆمەرنى، ئىككىنچى سەپكە ھەمزىنى باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى. قۇرەيش بىلەن



رىقابەتلىشىش ۋە ئۇلارغا ئۆزىنىڭ يېڭى ھىزبىي - گورۇھىنى نامايىش قىلىش ئۈچۈن ئەرقەم ئىبنى ئەبىل ئەرقەمنىڭ ئۆيىدىن كەئبىي تەرەپكە ماڭدى. بۇ بىلەن دەۋەتنىڭ ئىككىنچى دەۋرىنى باشلىدى. بۇ دەۋرى جەمئىيەت بىلەن مۇناسىۋەتكە كىرىشىپ، مۇشرىكلەرنىڭ ئېتىقادى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرى بىلەن پىكرى كۆرەش، قەبىلىلەر ۋە قەبىلە باشلىقلىرى بىلەن بولسا سىياسىي كۆرەش دەۋرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى دەۋەتنى يېيىش نۇقتىسى قىلىۋالدى. قاچانكى ساھابىلار ئېتىقاد ئۇلارنىڭ دىللىرىدا جانلانغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە دەسلەپكى ۋەزىيىتىنى بېجىرىشكە كىرىشىدۇ. شۇچاغدا ئادەملەر دەۋەت ئىگىلىرىنى - يېڭى ئېتىقاد ئىگىلىرىنى تېپىۋالىدۇ. قاچانكى ئادەملەرگە ئۇلار بىلەن قوشۇلۇش ۋە پىكىر ئالمىشىش ئاسان بولسا، شۇچاغدا ئىككى ئېتىقاد ئارىسىدىكى پىكرىي كۆرەش باشلىنىدۇ-دە، ساختا ئېتىقادلار، خاتا پىكىرلەر، ناتوغرا چۈشەنچىلەر توزۇپ كېتىپ، توغرا ۋە راست چۈشەنچىلەر بولسا گۈللەپ ياشنايدۇ. كېيىن بولسا ھەربىر ئەقىللىق ئادەم ھەقىقەتنىڭ قايەردە ئىكەنلىكىنى، ساداقەتنىڭ بەلگىلىرىنى ئاڭلىۋالىدۇ. شۇندىلا زەئىپ ھۆججەتلەر يارىمايدىغان بولۇپ - قالىدۇ-دە، مۇشرىكلارنىڭ ئېتىقادلىرى يېڭى ئېتىقاد قارشىسىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ.

بىرىنچى تۇقۇنۇش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە تاغىلىرى ئەبۇلەھەپ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سافادا تۇرۇپ قۇرەيشنى ناملىرى بىلەن چاقىردى: «ئى ئابدۇل مۇتتەللىپ ئەۋلادى، ئى ئابدۇ مەناپ ئەۋلادى، ئى تىمىم ئەۋلادى، ئى مەخدۇم ئەۋلادى، ئى ئەسەد ئەۋلادى، الله تەئالا ماڭا يېقىن قېرىنداشلىرىمنى ئاگاھلاندۇرۇشۇمنى بۇيرىدى.

اللەدىن ئۆزگە ئىلاھ يوق دېمىگۈنلەرچە سىزلەر ئۈچۈن بۇ دۇنيادا پايدا ئۇدۇنيادا نەسىبە ئېلىپ بېرەلمەيمەن».

شۇ چاغدا تاغىلىرى ئەبۇ لەھەب «ئى قۇرۇپ كەتكۈر، شۇنىڭغا بىزنى توپلىدىڭمۇ؟»-دېدى. بەس، اللە تەئالانىڭ ئۇنىڭ ھەققىدە:

تبت يدا ابي لهب وتب *

-«ئەبۇ لەھەبنىڭ قوللىرى قۇرۇغاي - ھالاك بولغاي! ئېنىقكى، ئۇ قۇرۇدى - ھالاك بولدى!» 111:1 ئايىتىنى نازىل قىلدى.

مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دەۋەتتىن كۆپ قېتىم قايتۇردى. لېكىن ئۇ كىشى ئۇلار بىلەن رىقابەتلەشتى، ئۇلارنىڭ ئەقىللىرىنى ئەخماققا چىقاردى. كېيىن مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىلىرى ئالدىغا بېرىپ شىكايەت قىلدى. شۇچاغدا پەيغەمبەرىمىز ئۆزىنىڭ ئاشۇ مەشغۇل گەپلىرىنى ئېيتتى: «ئى تاغا، اللەقا قەسەمكى، قۇياشنى ئوڭ قولۇمغا ئاينى سول قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويغاندىمۇ بۇ ئىشنى تەرك قىلمايمەن. اللە مېنى غالىپ قىلىدۇ، ياكى ئۇنىڭ يولىدا ھالاك بولارمەن».

ئائۇمىد بولغان مۇشرىكلار ئېلاس، تۈۋەن ئۇسلۇبلارنى قوللىنىشقا ئۆتتى. بۇ ئۇسلۇبلەرنى ئېنىق ھۆججەت - دەلىللەر قارشىسىدا ئۇرالماي بىكار بولغان ھەممە زاماندىكى مۇشرىكلار قوللىنىدۇ. ئۇلار تەشۋىقات يۈرگۈزۈپ ئادەملەر بىلەن ئىسلام ئارىسىنى توسۇپ قويماقچى بولىدۇ. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەلى سېھرىگەر ھەلى پالچى دەپ تۆھمەت قىلىشاتتى. بەس، بۇنىڭغا جاۋابەن ئايەتلەر نازىل بولدى. اللە تەئالا ئېيتىدۇ:



انه لقول رسول كريم * وما هو بقول شاعر قليلا ما تؤمنون * ولا بقول كاهن قليلا ماتذكرون * تنزيل من رب العالمين *

-«ئۇ (قۇرئان) شەك - شۈبھەسىز ئۇلۇغ پەيغەمبەرنىڭ (اللە دەرگاھىدىن كەلتۈرگەن) سۆزىدۇر! ئۇ بىرەر شائىرنىڭ سۆزى ئەمەسدۇر. سىلەر (ئۇشبۇ قۇرئان اللەنىڭ كالامى ئىكەنلىكىگە ) كەمدىن -كەم ئىمان كەلتۈرۈرسىزلەر! ۋە بىرەر كاھىن . پالچىنىڭ سۆزىمۇ ئەمەستۇر! سىزلەر كەمدىن-كەم نەسىھەت ئالۇرسىزلەر. ئۇ بارچە ئالەملەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان (كىتابدۇر) ». 69:40-43

كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئەجەمىي ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭدىن ئاۋۋالقىلارنىڭ خەۋەرلىرىنى ئۇگۈنىۋاتىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ گەپلىرى ئاۋۋالقى ئەپسانىلاردىندۇر، دېيىشىدى اللە تەئالا ئۇلارنى رەت قىلىپ، ئايەت - ھۆججەتلەر نازىل قىلىدى.

ولقد نعلم انهم يقولون انما يعلمه بشر لسان الذي يلحدون اليه اعجمي وهذا لسان عربي مبين *

-«ئېنىقكى، بىز ئۇلارنىڭ قۇرئاننى مۇھەممەدكە بىرەر ئادەم ئۆگەتمەكتە، -دېگىنىنى بىلىمىز. لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ دەۋالىرى بوشدۇر، چۈنكى ئۇلار ئىشارە قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ تىلى (يەنى ئەرەبىي ئەمەس) . بۇ قۇرئان بولسا ئوچۇق روشەن ئەرەبىي دۇر» . 16:103

كېيىن ئۇلار قۇرئاننى مۇھەممەدنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان دېيىشەتتى. شۇندا قۇرئان ئۆزىنىڭ پاساھەتلىكى، بالاغەتلىكى بىلەن پەخىرلىنىدىغان مۇشرىكلارنى: «قۇرئانغا ئوخشاش نەرسە يارىتىڭلار!» - دەپ رىقابەتلىشىشكە چاقىردى. اللە تەئالا ئېيتىدۇ:

وان كنتم في ريب مما نزلنا علي عبدنا فأتوا بسورة من مثله وادعوا شهداءكم من دون الله ان كنتم صادقين * فان لم تفعلوا ولن تفعلوا فاتقوا النار التي وقودها الناس والحجارة اعدت للكافرين *

-«ئەگەر بىز بەندىمىزگە چۈشۈرگەن نەرسىگە (كىتابقا) شۈبھىڭىز بولسا، بۇ ھالدا شۇنىڭغا ئوخشاش بىر سۈرە كەلتۈرۈڭ ۋە اللەدىن ئۆزگە گۇۋاھلىرىڭىزنى چاقىرىڭ، ھەرگىزمۇ قىلالمايسىز، ئۇ ھالدا ئادەملەر ۋە تاشلار ئوتۇن بولىدىغان كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان دوزاخدىن قورقۇڭلار». 2:23،24

تەشۋىقاتلاردىنمۇ ھېچ ئىش چىقمىغاچقا، بۈگۈنكى كۈندىكى قاماشقا ئوخشاپ كېتىدىغان، ئالاقىنى ئۈزۈش ئۇسلۇبىغا ئۆتتى. قەبىلىلەر مۇسۇلمانلار ۋە ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرىنى ھىمايە قىلغۇچىلار بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈش ۋەسىقەسىنى يېزىپ كەئبىگە ئېسىپ قويىدى. ئادەملەر ئۇلار بىلەن ئالدى-ساتتى قىلىش، قۇدا بولۇشقا ئوخشاش ئىشلارنى توسۇپ قويىدى. ئادەملەرگە بۇ ئىش دۆلەتلەر ئارا ئەھدىنامە قايسى بىر دۆلەت ياكى قايسى بىر سىياسىي تەشكىلات ياكى قايسى بىر ھىزب بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈش ئۈچۈن كېلىشىۋېلىشقا ئوخشاتتى. مۇسۇلمانلار ۋە بەنۇ ھاشىم قەبىلىسى ئەبۇ تالىپنىڭ ھويلىسىدا ئىككى ياكى ئۈچ يىلغىچە قامال قىلىندى. ھەتتا ئاچلىقتىن دارىخلارنىڭ يوپۇرماقلىرىنى يېيىشكىچە باردى. اللەنىڭ ئىرادىسى بىلەن قامال مۇددىتى تۈگەپ، ئۇنىڭدىن مۇسۇلمانلار تېخىمۇ ئىمانلىقراق، تەخىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سادىقراق بولۇپ چىقتى. كېيىن قۇرەيش يەنە بىر ئۇسلۇبقا - ئازابلاش، قىيناش يولىغا ئۆتتى. ئۇلاردىكى ئەڭ ئاخىرقى ئىمكانىيەت مانا شۇ ئىدى. ھەربىر قەبىلە ئۆزىدىكى



ئىمانغا كىرگەن كىشىنى ئازابلاشقا كىرىشتى، بۇ دەۋرى - مۇسىبەتكە كىرىشىش دەۋرى-كۈچسىز مۇئمىنلەر بىلەن قۇتۇرغان مۇشرىكلار ئارىسىدا ئۈزلۈكسىز ئۇزۇن يىلغا سوزۇلدى. ئۇنىڭدا مۇئمىنلار تۈرلۈك خىل قىيناقلارنى باشتىن كەچۈردى. ياسىر ۋە ئۇنىڭ ئايالى ئازابقا بەرداشلىق بېرەلمەي جان تەسلىم قىلدى. ئۇلارنىڭ ئوغلى ئەممارنىڭ ئىمانى سىنالدى. ئۇلار ۋە باشقىلار تاقەت قىلغىلى بولمايدىغان قىيناقلارغا دۇچ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن ئالاقىدا بولۇپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ روھىنى تەييارلايتتى، شەكىللەندۈرەتتى ۋە سەبىرگە ئۈندەر ئىدى ساھابى ئىكراملار ساباتلىقى، چۈشەنچىلەرنى ۋە ئېتىقادلىرىنى مەھكەم تۇتۇشتا ئاجايىپ بىر نەمۇنە بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىكى روھىيەتنى بېيىتتى، ئەقىللىرى ئۆستى، يېتىلگەن ئىسلامىي شەخسىگە ئايلاندى. ئەقىللىرى ئۆگەنگەن نەرسىلەرنىڭ ئاخىرىغىچە چۈشەندى، دىللىرى اللە ۋە رەسۇلىنىڭ مۇھەببىتىدىن باشقا نەرسىدىن بالى ئارتتى. خاھىشلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلتۈرگەن نەرسىگە تابى بولدى. ئېتىقادلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ دىيارلىرىدىن ھىجرەت قىلدى. پەرۋەردىگارىغا سادىق بولۇشى ئۈچۈن مال-دۇنيالىرىنى تاشلاپ كەتتى. ئائىلىلىرىنىمۇ اللەقا ئامانەت قىلىپ قويىدى. ھەبەشىستانغا يۈزلەنسىلا، سەھرانىڭ ئىسسىقى ئۇلارنى كۆيدۈرەتتى، ساچلارنى ئاقارتىدىغان، تاغلارمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان مەشەققەتلەرنى چەكتى. مۇشرىكلار ئۇلاردىن ئۆزلىرىنى كاتتا بىلىپ، ئۇلارغا زەھەرنى سانچىپ، مەكىر قىلمىچلىرىنى يالغاچلايتتى. مۇسۇلمانلار بىرەرمۇ ئىشتى ھاياتتىن ئىمىد ئۈزۈپ تۇرماي

ئەمەلگە ئاشۇرالماس ئىدى.

بۇ مۆئمىنلار ھاياتتىن ئاجراپ قېلىشتىن قورقماس ئىدى. چۈنكى، ھاياتنى ئاتا قىلغۇچى ئاللاھنىڭ ئۆزىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقىدىن تەلەپمۇ تەمەمۇ قىلىنمايدۇ:

الذي خلق الموت ولحياة ليبلوكم ايكم احسن عملا وهو العزيز الغفور *

—«ئى ئىنسانلار، ئۇ سىزلەرنىڭ قايسىڭىز چىرايلىقراق ياخشىراق ئەمەل قىلغۇچى ئىكەنلىكىڭىزنى ئىمتىھان قىلىش ئۈچۈن ئۆلۈم ۋە ھاياتنى ياراتقان زاتتۇر. ئۇ قۇدرەتلىك ۋە مەغپىرەتلىكدۇر». 67:2

مۇسىبەتلەر خاتاغا ئېلىپ بارماسلىقىغا، مەجبۇر قىلماسلىقىغا، خاتالار بولسا مۇسىبەتكە ئېلىپ بارماسلىقىغا، بەلكى يالغۇز ئاللاھنىڭ قەدەرىگە باغلىق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش شەرت، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مۆشرىكلارنىڭ قورقۇتۇشلىرىنى نەزەرلەرگە ئىلمەس ئىدى. ئۇلار چېكىنمىدى. قاچمىدى، تىز پۈكمىدى. ئىسلامنى قوبۇل قىلغان كۈنلىرىدىن باشلاپ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئېتىقادى بولغان شىركنى تەرك قىلدى، ھاكىمىيەت بۇ ئېتىقادنى ھىمايە قىلار ۋە ئۇنىڭغا قارشى چىقىشنى ھەل قىلغۇچى ھۆكۈم دەپ ئېتىبار قىلاتتى. ئېتىقادتىن قايتقان بىرەرسىنى يەنە ئېتىقادقا قايتۇرۇش ۋاجىپ، قايتمىسا ئۆلتۈرۈلىدۇ. مۇسۇلمان ئىسلامنى قوبۇل قىلىشنىڭ باھاسىنى ئۆلۈم دەپ ھېساپلايدۇ. ئۇ ئىسلامنى قوبۇل قىلغان ئەڭ بىرىنچى كۈندىن باشلاپ ئۆزىنى كەلگۈسىدە يېڭى ئېتىقاد يولىدا كېلىدىغان مەشەققەتلەرنى كۆتۈرۈشكە تەييارلايدۇ. پەيغەمبەر ئۇلارنىڭ تەربىيەلىرىگە كۆز قۇلاق بولۇپ تۇراتتى، ئۇلارنى ئۇلۇغ ساۋاپتىن ئۈمىد قىلدۇراتتى، ئاللاھنىڭ ياردەم بېرىشى ۋە دىنىنى



www.uyghurkitap.com

غالىپ قىلىشى ھەققىدە خەۋەر بېرەتتى. شۇندىلا ئۇلارنىڭ دىللىرى ئارزۇ ئۈمىدلەر بىلەن تولۇپ تاشىدۇ. قۇرئان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھادىسىلەرگە مۇۋاپىق تەرتىپتە مەنبە بولۇپ نازىل قىلىنغان ئىدى. قايسى بىر ھادىسە ھەققىدە بىر سۈرە چۈشسە ئۇنى مۆئمىنلەر تولۇق چۈشىنىپ، يادلاپ، زەۋق-شەۋق بىلەن قوبۇل قىلاتتى. سۈرىدە كەلگەن ھەممە ھۆكۈملەرگە ئەمەل قىلاتتى. ئۇلارنى قىينىۋاتقان بىرەر ئىش ھەققىدە ئايەت نازىل بولۇپ ئۇنى ھەل قىلىپ بەرسە، ئىمانلار يېڭىلىناتتى. ئۇلار ئۈزلۈكسىز دۈشمەن بىلەن كۈرەش قىلاتتى. بۇ تەلىملەردىن باشقىرى ساھابىلار نازىل بولغان قۇرئان ئايەتلىرىنى كېچە كۈندۈز ئۆگىنەتتى، ئۇلارنى ھايات ئەمەلىيىتىدە ئىجرا قىلاتتى. ئەمەلى جەھەت ئۇلارنىڭ ئېتىقادلىرىغا قۇۋۋەت، كۈرەشلىرىگە سالاپەت بېرەتتى. نەتىجىدە ئۇلارنى نە بىر ھەسەتخورنىڭ قورقۇتۇشى ۋە نە بىر بۇزۇقنىڭ مىكرى ھىلىسى يولىدىن ئازدۇرالمايتتى. ئاللا تەئالا ئېيتىدۇ:

كانوا قليلا من الليل مايهجعون * وبالاسحار هم يستغفرون *

—«ئۇلار كېچىلىرى ئازلا پۇرسەتلا كۆز يۇمار ئىدى. ۋە سەھەرلەردە ئۇلار قىلغان خاتالىرى ئۈچۈن پەرۋەردىگاردىن مەغپىرەت سورار ئىدى». 51:17، 18

دەۋرىدىمۇ مۇسۇلمانلار بىلەن مۆشرىكلار ئوتتۇرىسىدىكى پىكرىي ۋە سىياسىي كۈرەش داۋام قىلدى. مۇسۇلمانلار مۆشرىكلارنىڭ ئېتىقادىغا ھۇجۇم قىلىش، ئۇلارنىڭ خۇدالىرىنى مەسخىرە قىلىش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ قالماي، ئۆزلىرىنىڭ يېقىن كۈنلىرىدە غالىپ بولىشلىرىنى ئېيتىپ، ئۇلارغا تەھدىت قىلىشقا باشلىدى. ئەبۇبەكرى بىلەن مۆشرىكلار ئارىسىدا ئەھلى

كىتاپ بولغان رۇم بىلەن ئاتەش پەرەس پارس ئىمشى ھەققىدە خۇسۇمەت كېلىپ چىقتى. شۇچاغدا روم پارس ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان كۈندە، مۇسۇلمانلارغا مۇشرىكلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ۋەدىسىنى بەرگۈچى ئايەت نازىل بولدى. الله تەئەلا ئېيتىدۇ:

الم * غلبت الروم * في ادني الارض وهم من بعد غلبهم سيغلبون * في بضع سنين لله الامر من قبل ومن بعد ويومئذ يفرح المؤمنون * بنصر الله ينصر من يشاء وهو العزيز الرحيم *

- «ئەلىف، لام، مىم، ناھايىتى يېقىن جايدا رۇم مەغلۇپ بولدى. لېكىن ئۇلار - يەنى رۇملىقلار بۇ مەغلۇبىيەتلەردىن كېيىن بىر نەچچە يىل ئىچىدە ئەلۋەتتە غەلىبە قىلىدۇ. ئاۋۋال ۋە ئاخىر بارچە ئىشلار اللەنىڭ ئىزنىدا دۇر. ئاشۇ كۈندە مۇئمىنلەر الله رۇملىقلارنى غالىب قىلغانلىقى سەۋەبىدىن خوشال بولىدۇ. الله ئۆزى خالىغان كىشىنى غالىپ قىلىدۇ. ئۇ قۇدرەتلىك ۋە رەھىم شەپقەتلىك زاتتۇر». 30:1_5.

ئۇلار قەبىلە باشلىقلىرى بىلەن رىقابەتلىشىشكە كىرىشتى. ئۇمەييەتىبنى خەلەپ چىرىپ كەتكەن بىر ئۇستىخاننى ئېلىپ، پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا كەلدىدە: «ئى مۇھەممەد، پەرۋەردىگارىڭ مانا بۇ چىرىپ كەتكەن ئۇستىخاننى تىرىلدۈرىدۇ دەپ ئويلامسەنمۇ؟» ، دېدى. شۇچاغدا ئۇ كىشى: «ھەئە پەرۋەردىگارىم چىرىپ كەتكىنىڭدىن كېيىن سېنىمۇ تىرىلدۈرۈ، كېيىن دەۋزەخكە ئاتىدۇ» ، دېدى. الله تەئالا پەيغەمبەرنىڭ قۇرەيش كاتتىلىرى بىلەن مۇراسە سازلىق قىلىشقا رۇخسەت بەرمىدى. الله تەئالا ئۇ كىشىنى ۋەلىدە ئىبن مۇغىرىگە ئىتائەت قىلىشتىن ساقلىنىشى ئۈچۈن ئۇشبۇ ئايەتنى نازىل قىلدى.

فلاتطع المكذبين * ودوا لو تدهن فيدهنون *

- «بەس، ئى مۇھەممەد، سىزنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىڭىزنى ۋە



قۇرئاننى يالغان دېگۈچى كىشىلەرگە ئىتائەت قىلمالىڭ! ئۇلار ئۆزلىرىگە سىزنىڭ كۆڭۈل چەكلىك ۋە مۇراسەسازلىق قىلىشىڭىزنى ئىزدەيدۇ، شۇچاغدا ئۇلارمۇ سىزگە كۆڭۈل چەكلىك قىلىدۇ. (لېكىن سىز ئۇلارنىڭ بۇ ئىستەكلىرىگە بويسۇنماڭ)» . 68:8،9.

بۇنىڭ ئۈستىگە ۋەلىدنى ھاقارەتمۇ قىلدى:

ولاتطع كل حلاف مهين * هماز مشاء بنميم * مناع للخير معتد اثيم *

- «ئى مۇھەممەد، يەنەسىز ھەربىر تۈۋەن قەسەمخور، غەيبەتچى، گەپ تۇشغۇچى، ياخشىلىقنى مەنئى قىلغۇچى - بەخىل، تاجاۋۇزكار، گۇناھقا پاتقان، قوپال ۋە بۇلاردىن تاشقىرى نەسەپسىز كىشىگە ئىتائەت قىلماڭ!» . 68:10_12.

پەيغەمبەرنى ئۇلارغا ئىشىنىشتىن ياكى ئۇلار بىلەن بىرگە بولۇشتىن قايتۇرۇپ دېدى:

وان كادوا ليفتنونك عن الذي اوحينا اليك لتفتري علينا غيره واذا لاتخذوك خليلا* ولولا ان ثبتناك لقد كدت تركن اليهم شيئا قليلا * اذا لاذقناك ضعف الحياة وضعف الممات ثم لاتجد لك علينا نصيرا*

- «ئى مۇھەممەد، مۇشرىكلار سىزنى بىزگە قارشى ۋەھيىدىن باشقا نەرسىلەرنى توقۇپ چىقىشىڭىز ئۈچۈن - بىز سىزگە ۋەھيي قىلغان ئايەتلەردىن ئالداپ-بۇرىۋېتىشقا ئاز قالدى. ئۇ ھالدا يەنى ئۇلارنىڭ يول يورۇقلىرىغا يۇرسىڭىز سىزنى دوس قىلىۋالغان بولاتتى. ئەگەر بىز سىزنى ھەق يولدا سابىت قەدەم قىلمىغان بولساق، سىز ئۇلارغا مايىل بولىشىڭىزغا ئاز قالدى. ئۇ ھالدا ئەلۋەتتە دۇنيا ئازابىنىمۇ، ئاخىرەت ئازابىنىمۇ ئىككى ھەسسە قىلىپ تارتتۇرغان بولاتتۇق، كېيىن ئۆزىڭىز ئۈچۈن

بىزگە قارشى بىرەر مەدەتكار تاپالمىغان بولاتتىڭىز». 75ـ73:
17

بۇ دەۋرىدىمۇ مۇئمىنلارغا ئازار بېرىش كۈچەيدى. مۇشرىكلارنىڭ غەزەپلىرى ئەۋج ئالدى. كىملەردۇر ئۆلدى، ئايرىم مۇسۇلمانلار دىنىدىن قايتتى، مەككى جەمئىيىتى تاشقا ئايلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خانۇنلىرى خەدىچە ئانىمىز، تاغىلىرى ئەبۇ تالىپ ۋاپات بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدە قۇرەيش ئالدىن كۆرمىگەن نەرسىلەر سادىر بولدى. بۇ كىچە مىراج كېچىسى دەپ ئاتالدى. قۇرەيشنىڭ تەشۋىقاتى تېخىمۇ كۈچەيدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەبىلىلەردىن ياردەم سوراشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىلىرىغا بېرىپ، اللەنىڭ دىنىغا ـ اللەقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىشىنىشكە ھەمدە پەيغەمبەر پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىنى ئادەملەرگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇنى قەۋمىدىن ھىمايە قىلىشقا دەۋەت قىلاتتى. ھەج مەۋسىمىغا كەلگەنلار ئۇكاز بازارىدا ۋە باشقا جايلاردا دىنىغا دەۋەت قىلىپ ياردەم سوراتتي. بۇ ئىشنى داۋاملىق قىلاتتى. تائىپەگە باردى. بەنۇ ئامىر قەبىلىسىگە باردى، ئەرەپ ۋەكىللىرىنىڭ كۆپى بىلەن ئۇچراشتى، مەدىنىدىن كەلگەن ئالتە نەپەر ۋەكىل بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇلارنىڭ رەئىسى ئىمان كەلتۈردى. كېيىن ئۇلار بىلەن كېلەر يىلىدىمۇ ئۇچراشتى. بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ سانى 12 كىشى ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىمان كەلتۈردى، تەستىق قىلدى، ياخشى ۋەدە بەردى ۋە ئىسلامغا بەيئەت قىلدى. مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرىنى ئۇلارغا مەدىنىدە ئىسلامنى ئۆگۈتىشى ۋە دەۋەتنى يېيىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ھەتتا سەئدىبنى مۇئاز ئۇسەيدىبنى ھۇزەير، ئەسئەدىبنى زۇرارە ۋە باشقا مەدىنىنىڭ كاتتىلىرى



مۇسۇلمان بولغاچقا، كېلەر يىلدىكى ھەج مەۋسىمىغا كېلىپ، مەدىنىنىڭ ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىسىدىن يەتمىش ئۈچ كىشى ۋە ئىككى ئايالدىن ئىبارەت ۋەكىل ئەۋەتتى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنت ۋە ئاياللىرىنى قوغداق ھىمايە قىلما، ئۇ كىشىنىمۇ شۇنداق ھىمايە قىلىشقا ئىككىنچى ئەقەبە بەيئەتىنى قىلدى. بۇ بەيئەت ئۇرۇشۇشقا بولغان بەيئەت ئىدى.

بۇ دەۋرىدە ھىجرەت قىلىندى، مۇسۇلمانلار نى-نى ئازاپلار ۋە ئۇقۇبەتلەر بىلەن ئۆز ۋەتىنىدىن چىقتى. ئۇلارنى بۇنداق قىلىشقا اللەقا بولغان مۇھەببەتلىرى ئۈندىدى. يول مەشەققەتلىرى تۈپەيلىدىن قەدەملىرىدىن، ئەھلۇ-ئايال، مال-دۆلەتلىرىدىن ئاجرىغانلىقلىرى سەۋەبىدىن بولسا دىللىرىدىن قان تامار ئىدى. دىيارلىرىدىن پەقەت ئۆلۈپ قالمىغىدەك ئۆزۈقنى ئېلىپ چىققاندى. گاھىدا ئۇمۇمەن تائام تاپالمايتتى. كىيىملىرى تىتىلغان، يىرتىلغان، يۈزلىرى سارغايغان، ئۇلارغا يەر تۆشەك، ئاسمان بولسا يېپىنچا ئىدى. پۈتۈن يەر يۈزىدە ئۇلار ئۈچۈن پەقەت بىر شەھەر باش پاناھ بېرەتتى. ئۇلار ئەنەشۇ شەھەر تەرىپىگە باراتتى. دىللىرى ئىماندىش بۇرادەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىشقا تەلپۈنەتتى ئۇ بۇرادەرلەر ئۆز تەقدىرلىرىنى مۇھاجىرلار تەقدىرى بىلەن باغلاش ئۈچۈن دۇنيادىن ئالاقىسىنى ئۈزگەن ئىنسانلار ئىدى:

يحبون من هاجر اليهم ولايجدون في صدورهم حاجة مما اوتوا ويوءثرون علي انفسهم ولو كان بهم خصاصة»

ـ«مەدىنىلىك ئەنسارلار ئۆزلىرىنىڭ يانلىرىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەن كىشىلەرنى ياخشى كۆرەر ۋە دىللىرىدا ئۇلارغا يەنى مۇھاجىرلارغا نەرسىلەر سەۋەبىدىن بىرەر ھەسەت قويماس

ھەمدە ئۆزلىرىدا قاتتىق مۇھتاجلىق بولسىمۇ ئۆزلىرىنى قويۇپ باشقىلارغا ئىنئام-ئېختىيار قىلىدۇ». 59:9

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇبەكرى سىددىق بىلەن ھىجرەت قىلدى. بۇ ھەققىدە ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ: «ئەبۇبەكرنىڭ بىرسائىتى ئۆمەردىن ۋە ئۆمەر ئائىلىسىدىن ياخشىراقدۇر» - دېگەن ئىدى. قۇرەيش ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ئىزلاپ چىقتى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشكە ئەھدى قىلغان ئىدى، مەقسەتلىرى ئەمەلگە ئاشمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېنىمسىز يول يۈرۈپ ھىجرەت ھويلىسىغا يېتىپ كەلدى. ئەنسارىلار ئۇلارنى كۈتۈۋېلىپ بۇ كىشىگە رىدالارنى بېرىشتىن ئالدىدا قەلبلىرىنى بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھەببەتنى زىيادەلاشتۇرۇش ۋە ئىمانىنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلارنى بىر-بىرىگە ئاكا ئۇكا قىلىپ ئۇتاشتۇردى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار اللەنىڭ ھىزبىگە ئايلاندى. الله ئۇلار ھەققىدە شۇنداق دەيدۇ:

**لاتجد قوما يؤمنون بالله واليوم الاخر يوادون من حادالله ورسوله ولو كان اباءهم اوابناءهم او اخوانهم او عشيرتهم اولئك كتب فى قلوبهم الايمان وايدهم بروح منه ويدخلهم جنات تجري من تحتهاالانهار خالدين فيها رضي الله عنهم ورضوا عنه اولئك حزب الله الا ان حزب الله هم المفلحون ***

-«اللەقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن قەۋمنىڭ اللەقا ۋە پەيغەمبەرگە قارشى چىقىۋاتقان كىشىلەر بىلەن گەرچە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاتىلىرى، ياكى ئوغۇللىرى، ئاغا ئىنىلىرى ياكى قېرىنداش ئۇرۇغلىرى بولسىمۇ - دوستلىشىۋاتقانلىقىنى تاپمايسىز. ئەنە ئاشۇلارنىڭ دىلىغا ئىماننى يېزىپ قويغاندۇر ۋە ئۇلارنى ئۆز تەرەپىدىن بولغان روھ - قۇرئان بىلەن قۇۋۋەتلەندۇرگەندۇر. ئۇزات ئۇلارنى ئاستىدا دەريالار ئېقىپ



تۇرغان ئۇلار مەڭگۈ قالىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدۇ. الله ئۇلاردىن رازى بولدى ۋە ئۇلارمۇ اللەدىن - بەرگەن ئەجرى ۋە مۇكاپاتلاردىن رازى بولدى. ئەنەئاشۇلار اللەنىڭ ھىزبىدۇر. ئاگاھ بولۇڭلاركى ئەلۋەتتە اللەنىڭ ھىزبى بولغان كىشىلەرلا نىجات تاپقۇچىلاردۇر». 58:22

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزلىرىگە بىر مەسجىد قۇردى، بۇ مەسجىد يېڭى بەرپا بولغان دۆلەتنىڭ قارارگاھى بولدى. بۇنىڭدىن جىھادقا سەپەرۋەر قىلىندى. پەيغەمبەرنىڭ ئەلچىلىرى پادىشاھلار، ھۆكۈمدارلارغا ئىسلامنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلەتتى. ئۇنىڭدا يىغىلىش ئۆتكۈزۈلەتتى، ناماز ئوقۇلاتتى ۋەكىللەر قوبۇل قىلىناتتى. ئەسىرلەرمۇ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنەتتى. شۇنداق قىلىپ مۇناسىۋەتكە كىرىشىش دەۋرى تۈگەپ مۇسۇلمانلار ھاكىمىيەتنى ئىگەللىدى ۋە ئۆز ھاكىمىيەتلىرىگە مەدىنىنى مەركەز قىلىشۋالدى. مۇسۇلمانلار بىلەن باشقىلار ئارىسىدىكى ئالاقىلارنى قانداق تەرتىپكە سېلىشنى بايان قىلغۇچى ھۆكۈم ئايەتلىرى نازىل بولۇشقا باشلىدى. بۈگۈن بۇ ئىش دۆلەتلەر ئارا ئالاقىلار دېيىلىدۇ. دۆلەتنىڭ شەكلى، جەمئىيەتنىڭ شەكلى بەلگىلەندى. پۈتۈن ئۈممەتنىڭ ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەتلەر بايان قىلىندى. ئۇلار ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئىسلام ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىش ئىسلام دەۋىتىنى بارچە خەلق ۋە مىللەتلەرگە يېيىش، الله يولىدا جىھاد قىلىش، اللەنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتى بىلەن ھۆكۈمەتنى باشقۇرىدىغان بىر ھۆكۈمەتنى سايلاش، ئەمرى مەئرۇپ ۋە نەھى مۇنكەر ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتلەردۇر. بۇ مەسئۇلىيەتلەر ئايەتلەر نازىل بولغاندىن كېيىن ئېنىق كۆرۈندۇ. مۇسۇلمانلار اللەنىڭ ۋەدىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن

ئۇلارنى ھارماي-تالماي بېجىرىشكە باشلىدى.

**وعدالله الذين امنوا منكم وعملوا الصالحات ليستخلفنهم في الارض كما استخلف الذين من قبلهم ***

— «اللە سىزلەردىن ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان زاتلارغا خۇددى ئىلگىرى ئۆتكەن ئىمان ئېتىقادلىق زاتلارنى يەر يۈزىگە خەلىپە ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ يەر يۈزىدە خەلىپە قىلىشنى ۋەدە قىلدى» . 24 : 55

كىسرانىڭ قەسرىگە يۈزلىنىپ ئۇنى مەغلۇپ قىلدى. قەيسەرنىڭ زىبۇ زىننەتلىرىلىرى بىر پۇل بولدى. ئۇلارنىڭ ئىشارەلىرى بىلەن سەنەم بوتلار يېقىتىلدى. سەنەملەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئەبەدىي يوق بولدى. قۇللۇق ئورنىغا ھۆرلۈكنى، ئادالەتسىزلىك ئورنىغا ئادالەتنى تىكلىدى. شۇنداق قىلىپ خەلقئارادا يۈكسەك ماقامنى ئىگەللىدى. ئۇلار ئادەملەر ئۈچۈن چىقىرىلغان - ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن قايتۇرىدىغان ۋە اللەقا ئىشىنىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەت بولدى. اللە ئۇلارنى ئېزىز - كۈچلۈك قىلدى. ئالەمدىكى ئەڭ بىرىنچى دۆلەتكە ئايلاندى. 13 ئەسىر مابەينىدە يۈكسەك ماقامدا بولۇپ كەلدى. ئۇلۇغلۇق ۋە ئېزىزلىق قەسىرلىرىنى قۇردى. بۇنداق بولغىنىغا ھېچكىم ئېتىراز بىلدۈرمەيدۇ. يوقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن مۇھىم مەسئۇلىيەتلەرنى بېجىرگەن ۋە بېجىرىش يولىدا جانلىرىنى تىككەن ۋاقتىدا شۇنداق بولدى. بۇ مەسئۇلىيەتلەرنى چەتكە قېقىپ، ئۆزلىرىگە لايىق ماقامدىن چۈشۈپ، ئاساسى مۇئامىلارغا ئېتىبار بەرمەي قويغاچقا ئاستا-ئاستا قالاقلىشىپ، ھەسەت قىلىشقا ئەرزىمەيدىغان دەرىجىگە كېلىپ قالدى. بىرلىكلىرى يوقۇلۇپ، يۇرتلىرى بۆلەك بۆلەك بولۇپ كەتتى. دۆلىتى پارچىلاندى، بايلىقلىرى تارتىپ ئېلىندى، ھاكىمىيەتنى



ئۇيغۇر كىتابلىرى بىكىتى www.uyghurkitap.com

دۈشمەنلەر ئىگەللىۋالدى. پەرزەنتلىرى بىر-بىرلىرى بىلەن ئۇرۇشتى، ئارىلىرىدىكى بەركەتلىرى يوقالدى. كۈتلىرى ئۆچۈپ قالدى، ئاۋازلىرى ئىشتىپ كەتتى.

دۆلەت بەرپاقىلىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇتقان يول مانا شۇ.

1. مەككىدىكى تەربىيەلەش دەۋرى. باشلىنىش نۇقتا.
2. مۇسبەتكە كىرىشىش دەۋرى . ئىش باشلاش ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى نۇقتە . بۇ دەۋرىدە مۇسۇلمانلار مۇشرىكلارنىڭ ئېتىقادلىرى ۋە ئادەتلىرى بىلەن پىكرىي، قەبىلە باشلىقلىرى بىلەن بولسا، سىياسىي كۈرەشكە كىرىشىپ، تۈرلۈك ھەرخىل ئازابلارغا دۇچار بولدى.
3. ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش دەۋرى. مەدىنىدە مەركەزلىشىش نۇقتىسى. ئىسلامنى يېيىش ئۈچۈن قىلىنغان فەتھىلارمۇ شۇ دەۋرىگە كىرىدۇ.

جەمئىيەتلەرنىڭ بۇزىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كىشىلەرگە ئۇلارنى ئۆزگەرتىش ۋاجىپدۇر. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى تۇتسۇنلار، سۈننىتىگە ئەگەشسۇن ۋە بىلسۇنكى، بۇ دەۋرلەرنىڭمۇ بىرىنى بېسىپ ئۆتۈش شەرئىي ھۆكۈمدۇر. تەربىيەلەش دەۋرىمۇ پىكرىي سىياسىي كۈرەشكە كىرىشىش دەۋرىمۇ ھەممىسى شەرئى ھۆكۈمدۇر. ئۇلارنىڭ دەلىللىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان ئىشلىرىدۇ. ئۇلار تەرىقەت ئەمەلىيەت ھۆكۈملىرىدىندۇر. چۈنكى بۇ دەۋرلەرنىڭ ھەربىرى دەۋرى ئۆزگىرىشى ۋە ئالمىشىشقا قاراپ ئۆزگىرىۋېرىدىغان ئۇسلۇپ ۋاسىتىلەردىن ئەمەس، بەلكى ئۆزگەرمەس تەرىقەتتۇر.

# مۇسۇلمانلارنىڭ ۋاقتى ۋە بۇ ۋاقتى تەقەززا قىلىۋاتقان ئىشلار

بىز ياشاۋاتقان بۈگۈنكى ۋاقىتتى ئۇزاق تارىخ مابەينىدا ئۈممىتىمىزنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئەڭ ئېغىر ۋاقىتتى بولدى. بۇ ۋاقىتتى مۆئمىنلارنى ئىنقىلاب قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا، مۇخلىسلارنى ئويغىنىشقا، ياشلارنى پىدائىي بولۇشقا ئۈندەيدۇ. قانداقمۇ ئۈندىمىسۇن ؟! ھۆكۈمدارلارنىڭ قىستىشى قاتتىق. ھەممىسى بىرلەشكەنگە ئوخشىغان بىلەن دىللىرى خىلمۇ-خىل، پەقەت خىيانەت ئۈستىدە بىرلىشەلەيدۇ. ئايرىلغاندا زاۋالەت يولىدا ماڭماقتا. قايەردە بولمىسۇن ئاللەدىن تەقۋالىق قىلماياۋاتىدۇ. بىرەر كۈنىمۇ ئۇنىڭ ھۆكمىگە ئىتائەت قىلماياۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىنقىلاب قىلىش ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر. ھەربىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ ۋاقتىدىن تەسىرلەنگۈچى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا تەسىر قىلغۇچى بولۇشقا تەييارلىنىپ، ئۇنى ساغلام ۋاقىتقا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش لازىم. ئۇ بۇ ۋاقىتنى تۈزگەن ۋە ئۇنى ياقتۇرىۋاتقانلار تەرىپىدىن قاتتىق قارشىلىققا ۋە قىيىنچىلىقلارغا يولۇقىشنى ھېسابقا ئېلىپ قويسۇن. چۈنكى ئۇلار بۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشىنى خالىمايدۇ. ئۆزلىرىدىكى ھەممە ۋاستەلەرنى ئىشقا سېلىپ، ئاۋۋالقى ئەرەبلەر، خۇسۇسەن، قۇرەيش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇ كىشىنىڭ ساھابىلىرىغا قارشى تۇرغىنىدەك، بۇ ۋاقىتنى ئۆزگەرتمەكچى بولىۋاتقانلارغا قارشى تۇرىدۇ.

بۇ بۇزۇق ۋاقىتنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنىۋاتقانلار بۇ



ۋاقىتقا تەسىر كۆرسەتكۈچىلەرگە ئەمەس، ئۇنىڭدىن تەسىرلەنگۈچىلەرگە ئېتىبار بەرمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇ ۋاقىتنى قانداق ئىشلار ئۆزگەرتىۋېتىشىنى ياخشى بىلىدۇ.

بۈگۈنكى ۋاقتىمىز ھەققىدە پەيغەمبىرىمىز خەۋەر بېرىپ، شۇنداق دېگەن ئىدى: « دىنىڭلارنىڭ ئاۋۋالى پەيغەمبەرلىك ۋە رەھمەتتۇر. بەس، پەيغەمبەرلىك ئاراڭلاردا ئاللە تەئالا خالىغانچە بولىدۇ، كېيىن، ئاللە تەئالا ئۇنى كۆتىرىدۇ كېيىن ياۋۇز پادىشاھلىق بولىدۇ. بەس، ئۇ ئاراڭلاردا ئاللە تەئالا خالىغىنىچە بولىدۇ، كېيىن ئاللە تەئالا ئۇنى كۆتىرىدۇ. كېيىن زوراۋان پادىشاھلىق بولىدۇ. بەس، ئارىلىرىڭلاردا ئاللە خالىغىنىچە بولىدۇ. كېيىن ئاللە تائالا ئۇنى كۆتىرىدۇ. كېيىن پەيغەمبەرلىك يولىغا ئاساسلانغان خەلىپىلىك بولىدۇ، ئادەملەر ئارىسىدا ئۇ پەيغەمبەرلىك سۈننىتى بىلەن ئىش ئېلىپ بارىدۇ. يەردە ئىسلامنى مەھكەم تۇتىدۇ. ئۇنىڭدىن ئاسمان ئاھالىسىمۇ يەر ئاھالىسىمۇ مەمنۇن بولىدۇ. ئاسمان بىر تامچىمۇ ئېلىپ قالماي ئۆزىدىكى بارچە نەرسىنى ئۇنىڭغا تۆكىدۇ، يەرمۇ ئۆزىدىكى بار ئۆسۈملۈكلەرنى ئۇنىڭغا چىقىرىپ بېرىدۇ». بۇ ھەدىس مۇسۇلمانلارنىڭ كېلەچەكتە ھۆكۈمدارلىرى خىلمۇ-خىل بولغان بىر نەچچە دەۋرلەرنى بېسىپ ئۆتۈشى ھەققىدە خەۋەر بېرىۋېتىپتۇ. شۇنىڭدەك، ئۇ ئادەملەر ئارىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بىلەن ئىش يۈرگۈزىدىغان خەلىپىلىك دەۋرى يەنە قايتىشى ھەققىدە خوش خەۋەر بېرىۋېتىپتۇ. بۇ نەرسە خەلىپىلىكنى تىكلەش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان مۇسۇلمانلارغا ئىشەنچ بېرىدۇ. بۇ ھەدىس بىلەن ئۇلار قاچان بولىشىدىن قەتئىينەزەر خەلىپىلىك قايتا تىكلىنىشكە ئىشىنىدۇ.

1. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ خەۋەر بېرىشلىرىچە زامانىمىز يەنى ئىسلام زامانى، پەيغەمبەرلىكتىن باشلانغان. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئادەملەرنى ئۆز ھىدايەتلىرى ۋە كۆرسەتمىلىرى بىلەن باشقۇرىدۇ، بۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلاتتى. ئۇ كىشى بۇ ئىشلارنى ئۆزىلىرىغا نازىل بولغان ۋەھيى بىلەن قىلاتتى. **انا انزلنا اليك الكتاب بالحق لتحكم بين الناس بما اراك الله ولا تكن للخائنين خصيما**

-«ئەلۋەتتە بىز سىزگە ئۇشبۇ ھەق كىتابنى ئادەملەر ئارىسىدا الله كۆرسەتكەن يول بىلەن ھۆكۈم قىلىشىڭىز ئۈچۈن نازىل قىلدۇق. سىز خائىنلارنى ھىمايە قىلغۇچى بولماڭ». 4:105

پەيغەمبەرر ئەلەيهىسسالام پۈتۈن ھاياتلىرى مابەينىدا ئادەملەرگە پەرۋەردىگارنىڭ رىسالىتىنى يەتكۈزدى. بۇلارنى توغرا يولغا سالدى. ئۇلار دىنى ۋە دۇنياۋى ئىشلارنى باشقۇرۇش يوللىرىنى ئۆگەتتى. مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە اللەنىڭ دىنىنى يېيىش ئۈچۈن خوشنا مەملىكەتلەرنى پەتھى قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ۋاپات قىلغانغا قەدەر رىسالەتنى يەتكۈزۈپ، ئامانەتنى ئادا قىلىپ، ئۇممەتنى يولغا سالدى.

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەرر ئەلەيهىسسالام خۇلەفائىرراشىدىنلار زامانىنى رەھمەت زامانى ئىكەنلىكى خەۋەرىنى بەردى. ئۇلار ھەققىدە ئۆزلىرى شۇنداق دېگەن ئىدى: «ساھابىلىرىم يۇلتۇزغا ئوخشاشدۇر، قايسى بىرىگە ئەگەشسىڭىز ھىدايەت تاپىسىز». ئۇلار ئۆزلىرىدىن كېيىنكىلەر ئۈچۈن يېتەكچى، ئۇلارنىڭ يولىنى تۇتقانلار ئۈچۈن بولسا ھىدايەتدۇر. چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەررنىڭ سۈننىتىنى مەھكەم تۇتقان. الله تەئالا ئۆزىنىڭ ئېزىز كىتاۋىدا



ئۇلارنى ماختىغان:
**ان الذين يبايعونك انما يبايعون الله يدالله فوق ايديهم**
-«ئى مۇھەممەد، دەر ھەقىقەت، سىزگە بەيئەت. قەسەمىيات قىلىدىغان زاتلار ھېچ شەك شۈبھەسىز اللەغا بەيئەت قىلىدۇ، اللەنىڭ قولى ئۇلارنىڭ قوللىرى ئۈستىدە بولىدۇ» 48:10

ھۇدەيبىيە كۈنىدە رىزۋان (رازىلىق) بەيئىتىنى قىلغانمۇ ئەنە شۇ ساھابىلار ئىدى. ئۇلار ھەققىدە الله تائالا شۇنداق دېگەن:

**لقد رضي الله عن المؤمنين اذ يبايعونك تحت الشجرة فعلم ما في قلوبهم فانزل السكينة عليهم واثابهم فتحا قريبا**

-«ئى مۇھەممەد، دەرھەقىقەت الله مۆئمىنلاردىن - ئۇلار دەرەخ ئاستىدا سىزگە بەيئەت قىلىۋاتقان ۋاقىتلىرىدا - رازى بولدى. بەس، ئۇزات ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى نەرسە (ساداقەت ۋە ۋەپانى) بىلىپ، ئۇلارغا سەكىنەت -ئارام چۈشۈردى ۋە ئۇلارنى (خەيبەر جەڭىدە ئېرىشلىدىغان) يېقىن غەلىبە بىلەن مۇكاپاتلىدى». 48:18

ھەقنى ھەق، ناھەقنى ناھەق دېگۈچى، ئادالەتنى يايغۇچى ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى ئەنە شۇنداق زاتلارنىڭ زامانىنى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن رەھمەت زامانى دەپ ئاتىلىشىنىڭ ھېچقانداق ئەجەبلىنەرلىك يېرى يوق. «ئى ئادەملەر، سىزلەرگە ھۆكۈمدار بولدۇم. ھالبۇكى، مەن سىزلەرنىڭ ئەڭ ياخشىڭىز ئەمەسمەن. ئەگەر ياخشىلىق قىلسام ماڭا ياردەم بېرىڭلار. ئەگەر يامانلىق قىلسام مېنى توغرا يولغا سېلىڭلار». ئەبۇبەكرى سىددىقتىن باشقا بىرەر ھاكىم ئۆز پۇقراسىغا شۇنداق دېگەنمۇ؟ «اللەقا قەسەمكى، ئىراق يېرىدىكى بىر ھايۋان تېيىلىپ كەتسىمۇ الله تەئالا قىيامەت كۈنىدە نېمىشقا ئۇنىڭ يولىنى توغرىلاپ قويمىدىڭ



www.uyghurkitap.com

1. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ خەۋەر بېرىشلىرىچە زامانىمىز يەنى ئىسلام زامانى، پەيغەمبەرلىكتىن باشلانغان. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئادەملەرنى ئۆز ھىدايەتلىرى ۋە كۆرسەتمىلىرى بىلەن باشقۇرىدۇ، بۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلاتتى. ئۇ كىشى بۇ ئىشلارنى ئۆزلىرىگە نازىل بولغان ۋەھيى بىلەن قىلاتتى. انا انزلنا اليك الكتاب بالحق لتحكم بين الناس بما اراك الله ولا تكن للخائنين خصيما*

-«ئەلۋەتتە بىز سىزگە ئۇشبۇ ھەق كىتاپنى ئادەملەر ئارىسىدا الله كۆرسەتكەن يول بىلەن ھۆكۈم قىلىشىڭىز ئۈچۈن نازىل قىلدۇق. سىز خائىنلارنى ھىمايە قىلغۇچى بولماڭ».
4:105

پەيغەمبەرر ئەلەيھسسالام پۈتۈن ھاياتلىرى مابەينىدا ئادەملەرگە پەرۋەرىگارنىڭ رىسالىتىنى يەتكۈزدى. بۇلارنى توغرا يولغا سالدى. ئۇلار دىنىي ۋە دۇنياۋىي ئىشلارنى باشقۇرۇش يوللىرىنى ئۆگەتتى. مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە اللەنىڭ دىنىنى يېيىش ئۈچۈن خوشنا مەملىكەتلەرنى پەتھى قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ۋاپات قىلغانغا قەدەر رىسالەتنى يەتكۈزۈپ، ئامانەتنى ئادا قىلىپ، ئۈممەتنى يولغا سالدى.

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەرر ئەلەيھسسالام خۇلەفائىرراشىدىنلار زامانىنى رەھمەت زامانى ئىكەنلىكى خەۋەرىنى بەردى. ئۇلار ھەققىدە ئۆزلىرى شۇنداق دېگەن ئىدى: «ساھابىلىرىم يۇلتۇزغا ئوخشاشدۇر، قايسى بىرىگە ئەگەشسىڭىز ھىدايەت تاپىسىز». ئۇلار ئۆزلىرىدىن كېيىنكىلەر ئۈچۈن يېتەكچى، ئۇلارنىڭ يولىنى تۇتقانلار ئۈچۈن بولسا ھىدايەتدۇر. چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەررنىڭ سۈننىتىنى مەھكەم تۇتقان. الله تەئالا ئۆزىنىڭ ئەزىز كىتاۋىدا



ئۇلارنى ماختىغان :
ان الذين يبايعونك انما يبايعون الله يدالله فوق ايديهم

-«ئى مۇھەممەد، دەر ھەقىقەت، سىزگە بەيئەت - قەسەمىيات قىلىدىغان زاتلار ھېچ شەك شۈبھەسىز اللەقا بەيئەت قىلىدۇ، اللەنىڭ قولى ئۇلارنىڭ قوللىرى ئۈستىدە بولىدۇ» 48:10

ھۇدەيبىيە كۈنىدە رىزۋان (رازىلىق) بەيئىتىنى قىلغانىمۇ ئەنە شۇ ساھابىلار ئىدى. ئۇلار ھەققىدە الله تائالا شۇنداق دېگەن :

لقد رضي الله عن المؤمنين اذ يبايعونك تحت الشجرة فعلم ما في قلوبهم فانزل السكينة عليهم واثابهم فتحا قريبا*

-«ئى مۇھەممەد، دەرھەقىقەت الله مۆئمىنلاردىن - ئۇلار دەرەخ ئاستىدا سىزگە بەيئەت قىلىۋاتقان ۋاقىتلىرىدا - رازى بولدى، بەس، ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى نەرسە (ساداقەت ۋە ۋەپانى) بىلىپ، ئۇلارغا سەكىنەت - ئارام چۈشۈردى ۋە ئۇلارنى (خەيبەر جەڭىدە ئېرىشىلىدىغان) يېقىن غەلىبە بىلەن مۇكاپاتلىدى» 48:18

ھەقنى ھەق ، ناھەقنى ناھەق دېگۈچى، ئادالەتنى يايغۇچى ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى ئەنە شۇنداق زاتلارنىڭ زامانىنى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن رەھمەت زامانى دەپ ئاتىلىشىنىڭ ھېچقانداق ئەجەبلىنەرلىك يېرى يوق. «ئى ئادەملەر، سىزلەرگە ھۆكۈمدار بولدۇم. ھالبۇكى، مەن سىزلەرنىڭ ئەڭ ياخشىڭىز ئەمەسمەن. ئەگەر ياخشىلىق قىلسام ماڭا ياردەم بېرىڭلار. ئەگەر يامانلىق قىلسام مېنى توغرا يولغا سېلىڭلار». ئەبۇبەكرى سىددىقتىن باشقا بىرەر ھاكىم ئۆز پۇقراسىغا شۇنداق دېگەنمۇ؟ «اللەقا قەسەمكى، ئىراق يېرىدىكى بىر ھايۋان تېيىلىپ كەتسىمۇ الله تەئالا قىيامەت كۈنىدە نېمىشقا ئۇنىڭ يولىنى توغرىلاپ قويمىدىڭ

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋەر بېرىشلىرىچە زامانىمىز يەنى ئىسلام زامانى، پەيغەمبەرلىكتىن باشلانغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادەملەرنى ئۆز ھىدايەتلىرى ۋە كۆرسەتمىلىرى بىلەن باشقۇرىدۇ، بۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلاتتى. ئۇ كىشى بۇ ئىشلارنى ئۆزلىرىگە نازىل بولغان ۋەھيى بىلەن قىلاتتى. **انا انزلنا اليك الكتاب بالحق لتحكم بين الناس بما اراك الله ولا تكن للخائنين خصيما»**

-«ئەلۋەتتە بىز سىزگە ئۇشبۇ ھەق كىتابنى ئادەملەر ئارىسىدا الله كۆرسەتكەن يول بىلەن ھۆكۈم قىلىشىڭىز ئۈچۈن نازىل قىلدۇق. سىز خائىنلارنى ھىمايە قىلغۇچى بولماڭ». 4:105

پەيغەمبەرر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ھاياتلىرى مابەينىدە ئادەملەرگە پەرۋەردىگارنىڭ رىسالىتىنى يەتكۈزدى. بۇلارنى توغرا يولغا سالدى. ئۇلار دىنىي ۋە دۇنياۋىي ئىشلارنى باشقۇرۇش يوللىرىنى ئۆگەتتى. مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە اللەنىڭ دىنىنى يېيىش ئۈچۈن خوشنا مەملىكەتلەرنى پەتھى قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ۋاپات قىلغانغا قەدەر رىسالەتنى يەتكۈزۈپ، ئامانەتنى ئادا قىلىپ، ئۈممەتنى يولغا سالدى.

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەرر ئەلەيھىسسالام خۇلەفائىرراشىدىنلار زامانىنى رەھمەت زامانى ئىكەنلىكى خەۋىرىنى بەردى. ئۇلار ھەققىدە ئۆزلىرى شۇنداق دېگەن ئىدى: «ساھابىلىرىم يۇلتۇزغا ئوخشاشدۇر، قايسى بىرىگە ئەگەشسىڭىز ھىدايەت تاپىسىز». ئۇلار ئۆزلىرىدىن كېيىنكىلەر ئۈچۈن يېتەكچى، ئۇلارنىڭ يولىنى تۇتقانلار ئۈچۈن بولسا ھىدايەتدۇر. چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەررنىڭ سۈننىتىنى مەھكەم تۇتقان. الله تەئالا ئۆزىنىڭ ئەزىز كىتاۋىدا



www.uyghurkitap.com

ئۇلارنى ماختىغان :

**ان الذين يبايعونك انما يبايعون الله يدالله فوق ايديهم**

-«ئى مۇھەممەد، دەر ھەقىقەت، سىزگە بەيئەت (قەسەمىيات) قىلىدىغان زاتلار ھېچ شەك شۈبھەسىز اللەغا بەيئەت قىلىدۇ، اللەنىڭ قولى ئۇلارنىڭ قوللىرى ئۈستىدە بولىدۇ» 10: 48

ھۇدەيبىيە كۈنىدە رىزۋان (رازىلىق) بەيئىتىنى قىلغانمۇ ئەنە شۇ ساھابىلار ئىدى. ئۇلار ھەققىدە الله تائالا شۇنداق دېگەن :

**لقد رضي الله عن المؤمنين اذ يبايعونك تحت الشجرة فعلم ما في قلوبهم فانزل السكينة عليهم واثابهم فتحا قريبا»**

-«ئى مۇھەممەد، دەرھەقىقەت الله مۆئمىنلاردىن - ئۇلار دەرەخ ئاستىدا سىزگە بەيئەت قىلىۋاتقان ۋاقىتلىرىدا - رازى بولدى. بەس، ئۆزى ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى نەرسە (ساداقەت ۋە ۋەپانى) بىلىپ، ئۇلارغا سەكىنەت -ئارام چۈشۈردى ۋە ئۇلارنى (خەيبەر جەڭىدە ئېرىشىلىدىغان) يېقىن غەلىبە بىلەن مۇكاپاتلىدى». 48 :18

ھەقنى ھەق، ناھەقنى ناھەق دېگۈچى، ئادالەتنى يايغۇچى ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى ئەنە شۇنداق زاتلارنىڭ زامانىنى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن رەھمەت زامانى دەپ ئاتىلىشىنىڭ ھېچقانداق ئەجەبلىنەرلىك يېرى يوق. «ئى ئادەملەر، سىزلەرگە ھۆكۈمدار بولدۇم. ھالبۇكى، مەن سىزلەرنىڭ ئەڭ ياخشىڭىز ئەمەسمەن. ئەگەر ياخشىلىق قىلسام ماڭا ياردەم بېرىڭلار. ئەگەر يامانلىق قىلسام مېنى توغرا يولغا سېلىڭلار». ئەبۇبەكرى سىددىقدىن باشقا بىرەر ھاكىم ئۆز يۇقراسىغا شۇنداق دېگەنمۇ؟ «اللەغا قەسەمكى، ئىراق يېرىدىكى بىر ھايۋان تېيىلىپ كەتسىمۇ الله تەئالا قىيامەت كۈنىدە نېمىشقا ئۇنىڭ يولىنى توغرىلاپ قويمىدىڭ

دەپ سوراق قىلىدۇ دەپ ئويلىمايمەن». ئۆمەر ۋ-ل-پارۇقتىن باشقا يەنە بىرەر ھاكىم شۇنداق دەپ ئېيتقانمۇ؟ «اللەنىڭ مەقتۇل بەندىسى بولىشىڭ بولغىن، قاتىل بەندىسى بولمىغىن». ئوسمانئىبنىئۇرەيىندىن باشقا بىرەر ھاكىم ئۆزىگە قارشى ناھەق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈۋاتقان كىشىلەرگە شۇنداق دېگەنمۇ؟ «ئۆلۈمىمنى ئېنىق بىلمىگۈنچە قاتىلىمنى ئۆلتۈرمەڭلار». ئەلى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دىن باشقا بىرەر دۆلەت باشلىقى ئۆز ياردەمچىلىرىغا شۇنداق دېگەنمۇ؟ بۇ زاتلار مۇسۇلمانلار ئۈچۈن نەقەدەر رەھمەت ۋە نەقەدەر ساخاۋەت بېرىدىغانكى، يەر يۈزىدە پىتنە قوزغىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئۆلۈمنى قوبۇل قىلىشقا بارغان. ئۇلاردىن كېيىن ھازىرقى كۈنىمىزگە قەدەر ئاشۇلارغا ئوخشاش نەمۇنە بولىدىغان ھۆكۈمدارلار چىقمىدى. غەيبنى اللە بىلىدۇ. سالىھ بەندىلەرنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭ ئۆزىدۇر.

2. پەيغەمبەرر ئەلەيھىسسالام بۇ زاتلاردىن كېيىن ياۋۇز پادىشاھلار بولىدۇ دەپ خەۋەر بەردى. ئۇنىڭدا ئىسلامنى ناتوغرا تەتبىق قىلىش سەۋەبىدىن ئادەملەر زۇلۇمغا، زوراۋانلىققا دۇچار بولىدۇ. ئايرىم يۇقارىلارغا بېرىلىدىغان نەپىقىلار بېرىلمەيدۇ، ئادەملەر سىھرى شەپقەتسىز بولۇپ كېتىدۇ. پەيغەمبەرر ئەلەيھىسسالام خەۋەر بەرگىنىدەك ھەدىيە پارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. بىر كۈنى ئۇ كىشى ئەنسارىلارغا شۇنداق دېگەن ئىدى: «سىزلەر يېقىن كۈندە شەخسىيەتچىلىكنى كۆرىسىز. دېدىلەركى: «يارەسۇلۇللاھ بىزنى نېمىگە بۇيرۇيسىز؟» ئېيتتىكى: «سەبرى قىلىڭلار».

دەر ھەقىقەت، ئەنسارىلار خۇلەفائى راشىدىنلاردىن كېيىن شەخسىيەتچىلىككە دۇچ كەلدى. باشقىلار ئۇلاردىن مۇقەددەم



قىلىندى - ئارتۇق كۆرۈلدى. باشقىلارغا بېرىلدى، ئۇلارغا بېرىلمىدى. پەيغەمبەرر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بىنائەن سەبرى قىلدى. رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مۇئاز ئىبنى جەبەل پەيغەمبەرر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق دېگەنلىرىنى ئېيتقەن ئىكەن: «ھەدىيە بولسا ئۇنى ئېلىڭلار، ئەگەر ئۇ دىن ئۈستىدىكى پارغا ئايلانسا، ئۇنى ئالماڭلار. سىز ئۇنى تەرك قىلغۇچى ئەمەسسىزلەر بۇ ئىشتىن سىزلەرنى كەمبەغەللىك ۋە مۇھتاجلىق قايتۇرىدۇ».

پەيغەمبەرر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا كەلگۈسىدە گورۇھ-گورۇھلەرگە ئايرىلىپ كېتىشىنىڭ خەۋەرنى بېرىپ، جامائەگە قوشۇلۇشنى، جەبرى زۇلۇمغا يولۇقسىمۇ ئىتائەت قىلىشنى ۋەسىيەت قىلغان. ئۇلارنى پىتنىلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قېلىشتىن قايتۇرغان. ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئېھتىياتلاندۇرغان، لېكىن ئادەملەر ئىسلام سايىسىدا پاراۋان ياشىدى. ئالەمدىكى ئەڭ بىرىنچى سانالغان كۈچلۈك دۆلەت سايىسىدا تىنچلىق خاتىرجەملىك ئىچىدىن يەتىلىدى. كېيىن بولسا دۆلەتنىڭ يەرلىرى پىرقە - پىرقە بولۇپ بىرنەچچە دۆلەتلەرگە ئايرىلىپ كەتتى، ياخشىلىقى يوقالدى، ئوتى ئۆچتى. پەيغەمبەرر ئەلەيھىسسالام خەۋەر بەرگىنىدەك، باشقا مىللەتلەر ئۇنىڭغا ئىتتىپاق تاشلاندى. كەلگۈسىدە ھەممە مىللەتلەر بىر بولۇپ ئاچكۆز بۆرىلەر ئۆز تائاملىرىغا تاشلانغاندەك تاشلاندى. ئېيتىشتىكى، ئاشۇ پەيتتە بىزنىڭ ئازلىقىمىزدىن بۇ ئىش بولامدۇ، يا رەسۇلۇللاھ؟ ئېيتتىلەركى: «ياق، كۆپ بولارسىزلەر، لېكىن ئۇ پەيتتە سىزلەر سەلنىڭ كۆپۈكىگە ئوخشاش بولىسىزلەر». شۇنداق قىلىپ ئىسلام دۆلىتى

پارچىلاندى، ئىسلام تۈزۈمى بەرپاد بولدى.

3. كاپىر مىللەتلەر مۇسۇلمانلارغا ھۆكۈمران بولىۋېلىپ، ئۇلارغا زەربە بەرگىلى باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاۋۋالقى زەربىلىرى خەلىفىلىكنى پارچىلاش، كېيىنكىسى بولسا ئىسلامىي ھۆكۈمەت تۈزۈمىنى يوق قىلىش بولدى. كېيىن مۇسۇلمانلارغا جىھادنى ۋەھشىلىك ئۇغرىنىڭ قولىنى كېسىش، زىناخورغا دەررە ئۇرۇشنى بولسا ئىنساننىڭ ئۇلۇغلىغىنى خارلاش دەپ كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن مەقسەتلىرى مۇسۇلمانلارنى ئىسلام ھۆكۈملىرىدىن نەپرەتلەندۇرۇش ئىدى. كېيىن ئۇلارغا ئىسلامىي چۈشەنچىلەر ئورنىغا مىللەتچىلىك ۋە مەھەللىچىلىكنى ئورۇغىنى تىكىشتى. ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن كۇفرى تۈزۈمى بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. قالايمىقانچىلىقلاردا بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىدىن كۇفرى تۈزۈملىرىنى، كۇفرى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن قانۇنلارنى، ئېيتايلى، ئىسلام مەملىكەتلىرىنى بىر-بىرىدىن ئاجرىتىپ تۇرغان چېگرىلارنى، مۇسۇلمانلارغا ئىسلام مەملىكەتلىرىدە بىمالال يۈرۈشنى رۇخسەتسىز ساقلاپ قالىدىغان ئۈممەتنىڭ يەنە قايتا بىرلىشىشكە يول قويمايدىغان، ئۇنى دائىم زەئىپ ھالدا تۇتۇپ تۇرىدىغان ئەرزىمەس ۋۇجۇتلارنى ساقلايدىغان ھاكىملارنى تەيىنلىدى.

پەيغەمبەرر ئەلەيھىسسالام بۇ دەۋرى ھەققىدە خەۋەر بېرىپ، كەئبىبنى ئۇجرىگە شۇنداق دېگەن ئىدى: «ئى كەئبىبنى ئۇجرە، اللە ساڭا پەسكەشلەرنىڭ ئەمىرلىقىدىن پاناھ بەرسۇن. دېدىكى، پەسكەشلەرنىڭ ئەمىرلىكى قانداق بولىدۇ؟ ئېيتتىللەركى، مەندىن كېيىن مېنىڭ يولۇمنى تۇتمىغان ئەمىرلەر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ يالغانىنى تەستىق قىلغان ۋە زۇلۇم قىلىشلىرىغا ياردەم بەرگەن



كىشىلەر مەندىن ئەمەس ۋە مەنمۇ ئۇلاردىن ئەمەسمەن ۋە ئۇلار مېنىڭ ھەۋزىم (كەۋسەر) گە سۇ ئىچكىلى كەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ يالغىنىنى تەستىق قىلمىغان ۋە زۇلۇم قىلىشلىرىغا ياردەم بەرمىگەن كىشىلەر بولسا مەندىندۇر مەنمۇ ئۇلاردىندۇرمەن ۋە ئۇلار مېنىڭ ھەۋزىمگە قايتۇرۇلىدۇ. ئى كەئبىبنى ئۇجرە، روزى قالقاندۇر، سەدىقە خاتانى ئۆچۈرىدۇ، ناماز بولسا اللەقا يېقىن بولۇشتۇر (يەنە بىر رىۋايەتتە «ھۆججەتتۇر» دېدى). ئى كەئبىبنى ئۇجرە، ئادەملەر ئىككى تائىپە يولىچىلاردۇر. ئۆزىنى سېتىۋېلىپ ئازات قىلغۇچىلار ۋە ئۆزىنى سېتىپ ھالاك قىلغۇچىلاردۇر».

بۇزامانىنىڭ ھۆكۈمدارلىرى پەيغەمبەرر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى تەرك قىلدى، ھىدايەتلەردىن ئۇزاقلاشتى. مانا ئەمدى پالاكەتلەر كۆپەيمەكتە. ئابرۇيلار دەپسەندە بولماقتا، جازانىخورلۇققا رۇخسەت بېرىلمەكتە، زۇلۇم ئەۋج ئالماقتا. اللەنىڭ مۇقەددەس بۇيرۇق ۋە توسۇقلىرى ئاياغ ئاستى قىلىنماقتا. پەيغەمبەرر ئەلەيھىسسالام خەۋەر بەرگىنىدەك، ھەقىر كىشىلەر ئادەملەر ئۈستىدىن ھۆكۈم يۈرگۈزمەكتە. ئۇ كىشى شۇنداق دېگەن ئىدى: «يېقىندا ئادەملەرگە ئالدامچى يىللار كېلىدۇ. ئۇنىڭدا يالغانچى راستچىلغا، ھەقىقەتچى بولسا يالغانچىغا، خائىن ھالال ئادەمگە، ساپ دىل - ھالال ئىنسان بولسا ساتقىنغا چىقىرىلىدۇ. ئۇنىڭدا «راۋاپىزە» نۇتۇق ئىرادە قىلىنىدۇ. راۋاپىزە نېمە؟- دەپ سورالغاندا ئېيتتىكى: ھەقىر كىشى ئاممىنىڭ ئىشى ھەققىدە گەپ ساتىدۇ».

بۇ دەۋرىدە ئۈممەت تۆۋەنلەشتى، زەئىپلەشتى، خار بولدى، چۈشكۈنلۈككە چۈشتى، ھەتتا يەھۇدى لەشكەرلىرى قارشىسىدا

ئۆزىگە ۋە ھۆكۈمدارلارغا بولغان ئىشەنچنى يوقىتىپ، گاچا ئاخماق بولۇپ قېلىشتى. بۇنىڭ ھېچ ئەجەبلىنىدىغان جايى يوق. پەيغەمبەرر ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىدىن رىۋايەت قىلىپ دېدى: «كىمكى مېنى تونۇپ تۇرۇپ ماڭا ئىتائەت قىلمىسا، ئۇنىڭغا مېنى تونىمايدىغان كىشىلەرنى ھۆكۈمدار قىلىپ قويىمەن». (ھەدىس «قۇدسى»).

باشىمىزغا يەھۇدىلارنى اللەنىڭ ئۆزى ئېلىپ كەلدى. ئۇلار اللەنىڭ نەزىرىدە مۇكەررەم - ھۆرمەتلىك بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى اللەنى تونىمىغانلىقىدىن شۇنداق قىلدى. ئۇلارنىڭ ھۆكۈمدارلىقى شەپقەتسىز، ناھەق، خارلاش، زورلاش، قىناش بولۇپ، بۇ بىز ئۈچۈن دۇنيادىكى جازا بولسۇن. شۇ چاغدا بىز پەيغەمبەرر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىن ۋە ھىدايىتىدىن يىراق ئىكەنمىز مانا شۇ ھالەتتە قېلىۋېرىمىز. پەيغەمبەرر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېدى: «سىزلەرگە اللەنىڭ كىتابى بىلەن ئۆزۈمنىڭ سۈننىتىنى قويۇپ كېتىۋاتىمەن. ئۇلارنى مەھكەم تۇتسىڭىزلار ھېچقاچان ئاداشمايسىزلەر. ئەگەر سۈننىتىمنى تەرك قىلسىڭىزلەر الله ئۈستىڭىزگە خۇدادىن قورقمايدىغان ۋە سىزلەرگە رەھىم قىلمايدىغان كىشىنى ھۆكۈمران قىلىپ قويىدۇ». سۈننىتىمگە قايتمىغىچە دىللىرىڭلاردىن ئۇ كىشىنىڭ خەۋپى كەتمەيدۇ».

شۇچاغدىلا پەيغەمبەرر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە قايتىشتىن ئۆزگە يول قالمىغان ئىكەن، خوش، بۇ ھالدا نېمە قىلىپ ئولتۇرۇۋاتىمىز؟ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇيقىدىن تۇرۇپ، ھەسرەت تارتىپ يۈزلىرىدىكى خارلىق ئەسەرلىرىنى يۇيۇش، پەرۋەردىگارىنىڭ ۋەدىسىنى ئويلاپ، زالىم كاپىرلارنىڭ



قورقۇتۇشلىرىغا نەزەر پىسەنت قىلماسلىق، قۇرئان سۈننەتنى قايتىدىن مەھكەم تۇتۇپ، ئۇلارنى ئۆگىنىش، ئادەملەرگە ئۆگىتىش ۋە ئۇلارنى ئەمەل قىلىشقا چاقىرىش پۇرسىتى يېتىپ كەلمىدىمىكىن؟ «ئۆز خاھىشى بىلەن سۆزلىمەيدىغان» پەيغەمبىرىمىز بۇيرىغانكى: «كەلگۈسىدە سۇلتان بىلەن قۇرئان بىر-بىرىدىن ئاجراپ كېتىدۇ. سىزلەر قۇرئاندىن ئاجرىماڭلار. گەپ شۇنداقكى، كەلگۈسىدە سىزلەرنى ئاداشتۇرغۇچى ئەمىرلەر ھۆكۈمران بولىدۇ. سىزلەرگە ھۆكۈم قىلمىغان نەرسىلەرنى ئۆزلىرىگە ھۆكۈم قىلىدۇ. ئۇلارغا قارشى چىقسىڭىزلار، سىزلەرنى ئۆلتۈرىدۇ. ئىتائەت قىلسىڭىزلار ئازدۇرىدۇ. ئېيتتىلاركى ئۇچاغدا نېمە قىلارمىز، يارەسۇلۇللاھ؟ دېدىلەركى ئىسانىڭ ئەسھابلىرى قىلغان ئىشنى قىلىسىزلەر. ئۇلەر ھارىلار بىلەن ھارىدالغان، ياغاچقا قېقىلغان. اللەقا ئىتائەت قىلغان ھالدا ئۆلۈش ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغاندىن ياخشىراقدۇر».

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ قانچىلار ئېغىر بولسىمۇ ئىشلەش لازىم. چۈنكى پەيغەمبەرر ئەلەيھىسسالام خەۋەر بەرگەن دەۋرنىڭ كېلىشىگە شەك شۈبھى يوق. بۇ دەۋرى - ئەمەل قىلغۇچىلارغا - ئىسلامنىڭ ئېزىزلىقى پەيغەمبەرر ئەلەيھىسسالام سۈپەتلىگەن، يەنى پەيغەمبەررلىك يولىغا ماسلانغان، ئادەملەر ئارىسىدا پەيغەمبەرر سۈننىتى بىلەن ئىش ئېلىپ بارىدىغان خەلىفىلىكنى تىكلەش بىلەن ئىسلام ھاياتىنى قايتا بەرپا قىلىشقا دەۋەت قىلىۋاتقانلارنى قوللىرىدا بولۇشنىڭ خوش خەۋەرنى بېرىۋاتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە بۇ دەۋرنىڭ ئەينەن ھازىرقى كۈنىمىزدىن - زوراۋان ھۆكۈمدارلىق دەۋرىدىن كېيىن كېلىشىنىڭ خەۋەرنى بەردى. لېكىن ئۇنىڭغىچە ئېغى نى نى

مەشەققەتلەر بار. ۋە يەنە خەۋەر بەرىدىكى، مانا شۇ دەۋرىدە ـ هازىرقى كۈنىمىزدە ـ بىر قىسىم ئادەملەر ئەمرى مەئرۇپ، نەھى مۇنكەر قىلىدۇ. ئۇزلىرى ئازارلارغا دۇچار بولىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى ھەسەت قىلىنمايدىغان دەرىجىگە يېتىدۇ. پەيغەمبەرر ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «بىلمىدىم، مەندىن كېيىن ئەرلىرى كىبىرىدىن ھېچكىمنى نەزەرگە ئىلمەي باغرى تاش بولۇپ، خاتۇنلىرى چىرايىنى سېتىپ، تەمەننا بولۇپ يۈرىدىغان زاماندا ئۇممەتنىڭ ھالى نېمە بولاركىن؟ بىلمىدىم ئۇلار ئىككى سەپكە ـ بىرى الله ئۈچۈن كۈندىكى بېشىنى تۇتقۇچى ۋە يەنە بىرى بولسا اللەدىن باشقىغا خىزمەت قىلغۇچى سەپلەرگە ئايلانغاندا ئۇلارنىڭ ھالى نېمە بولاركىن». دېمەك، ئادەملەر ئىككى گورۇھ . بىرىنچى گورۇھ اللەنىڭ يولىدا بېشىنى ئەگكەنلەر. ئۇلار ھەقىقەتنىڭ تەرىپىدە بولۇش، ناھەققە قارشى كۈرىشىش يولىدا مەشەققەت تارتىشنى كۆزلەيدۇ. ھەم دۇنيا، ھەم ئاخىرەت ئېزىزلىقىغا ئېرىشكەن كىشىلەر ئەنە ئاشۇلاردۇر. ئۇلار ئۆز ۋەزىپىلىرىنى، مەسئۇلىيەتلىرىنى ئاڭلىدى، ئۇممەتكە قايغۇردى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئازاپلارغا بەرداشلىق بېرىشلىرى يا خالىس الله ئۈچۈن، ياكى اللەنىڭ بەندىلىرى ئۈچۈن بولۇشى كېرەك. ئۇلار خالىس الله ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى سېتىۋېلىپ ئازات قىلدى. دۇنياغا ئالدانمىدى، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىدى. جىددى يېڭىنى تۇرۇپ اللەقا يۈزلەندى. ئۇنىڭ كىتابىدىن ياردەم سورىدى. اللەنىڭ ۋەدىسىنى ئويلاپ، زالىملارنىڭ قورقۇتىشىغا نەزەر پىسەنت قىلمىدى. جەننەتنىڭ نېمىتىنى ھايات مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن قويدى. ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن قايتۇردى. رەقىبلەردىن چۈچىمىدى.



اللەنىڭ مەدىتى كەلگەنگە قەدەر مۇسىبەتلەرگە سەبرى قىلدى. مۇنكەر ئىشقا تىلى بىلەنمۇ ، دىلى بىلەنمۇ ئېتىراز بىلدۈرمەيدىغان تىرىك ئۆلۈك بولۇشنى خالىمىدى.

ئىككىنچى گورۇھ بولسا دۇنياغا تاشلاندى. مۇمكىن قەدەر ئۇنىڭدىن كۆپراق پايدىلىنىشقا ئىنتىلدى. پەقەت ئۆزىنى ئويلاپ، يۈزەكى ھەشەمەتلەرگە مايىل بولۇپ، ئاخىرەتتىن غەپلەتتە قالدى، يېققان نەرسىسى بىلەن پەخىرلەندى. بايلىقى بىلەن كېرىلدى. پەيغەمبەرر ئەلەيھىسسالام بۇنداق كىشىلەر ھەققىدە شۇنداق دېگەن: «كىمكى اللەدىن باشقىنى ئويلىغان ھالدا (تەشۋىش قىلغان ھالدا) تاڭ ئاتتۇرسا، ئۇ كىشى اللەدىن ئەمەس. كىمكى پەقەت دۇنياغا بېرىلىپ كەتسە، ئۇنى دۇنياغا تاپشۇرۇپ قويىدۇ».

ئۇ ھاياتنىڭ مەنىسى جەسەتنىڭ ھوزۇرلىنىشى دەپ بىلىدۇ. ھەربىر ئىشنى ماددى مەنپەئەت تارازىسى بىلەن ئۆلچەيدۇ. بىرەر مەنپەئەتكە ئېرىشسە كۆڭلى جايىغا چۈشىدۇ. بىرەر نەرسىدىن ئايرىلسا كۆزىگە ئىككى دۇنيا ـ دۇنيا ۋە ئاخىرەت ـ قاراڭغۇ بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ئوچۇق مەغلۇبىيەتتۇر زىيانىدۇر. بۇ گورۇھ اللەدىن باشقىغا خىزمەت قىلغۇچىلاردۇركى، بىرەر نەسىبە ئېلىشتا بەندىگە قۇل بولۇپ، جەننەتنىڭ مەڭگۈ نېمىتىنى دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچە پايدىسىغا ئالماشتۇرغان . ئاخىرەتنى باشقىلارنىڭ دۇنياسىغا سېتىۋېتكەن. ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەمىرلىرى مەغلۇپ دۇر، ئۇلار ئۆزلىرىنى ياخشى ئىش قىلىۋاتىمەن دەپ ئويلايدىغان نادانلاردىندۇر. ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى ھەرىكەتلىرى ئاداشقان.

بۇ دەۋرنىڭ قاچان يەكۈنلىشىنى اللەدىن ئۆزگە ھېچكىم

بىلمەيدۇ. چۈنكى بىز ھەدىسنى چۈشىنىشىمىز ئاساسىدا ھازىرقى دەۋرىمىزنى بىلىۋالىمىز خالاس. بۇ دەۋرنىڭ قاچان يەكۈنلىنىشى ئۈۋەتنىڭ دەۋرى قاچان كېلىشىنى بىلىش ئىمكانىيىتى بولسا، بىزدە يوق. لېكىن كىچە ئۇزارغان، زۇلمەتنى ھەممە تەرەپنى قاپلىغان مانا شۇ دەۋرنىڭ تۈگىشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتىمىز. بۇ ئىشتا ئادەملەر پەرۋەردىگارىدىن ساۋات، قەتئىنىيەت سورايمىز. ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئىمىد قىلىمىز. چۈنكى، ئەمەل قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلىغۇچى ئۇنىڭ ئۆزىدۇر. پەيغەمبەرر ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇ: «ئاراڭلاردا ئىككى خىل مەسلەك يەنى نادانلىق ۋە ھاياتقا مۇھەببەت مەسلىكى پەيدا بولسا، الله يولىدا جىھاد قىلىڭلار. ئاشۇ كۈندە زاھىردا ۋە باتىندا اللەنىڭ كىتابى بىلەن بولغانلار ئاۋۋال ئۆتكەن مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلارغا ئوخشاشدۇر».

بۇ دەۋرنى تېزراق تۈگىتىش دەۋەتچىلەرگە باغلىقدۇر. چۈنكى ئىنقىلاب ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقانلار ئەنە ئاشۇلاردۇر. ئەگەر ئۇلار اللەنىڭ ئۇلار ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان ساۋابىنى بىلگەن بولسا ئىدى، كېچىلىرى ئۇخلىماستى، كۈندۈزلىرى بىپەرۋا بولمايتتى. ئەگەر قىيامەت كۈنىنىڭ دەھشەتلىرىدىن ئاگاھ بولغان بولسىدى. بىر-بىر سائەتمۇ سۈسلۇق قىلماسلىقتا تىرىشقان بولاتتى. ئۈممەتنىڭ ئويغىنىشى يولىدا كېلىدىغان قىيىنچىلىقلاردىن چۈچىمايتتى. دەۋەتچى ئېزىز، غۇرۇرلۇق، ھەممىگە يارامىلىق بولىشى لازىم. ئۇ خارلىقنى بىلمەيدۇ، ئەرزىمەس نەرسە ئۈچۈن قەددىنى پۈكمەيدۇ. ئۆز دۈشمىنىگە يۇقىرىدىن نەزەر تاشلايدۇ، چۈنكى ئۇ ئېزىز ۋە ھېكمەت ئىگىسى بولغان زاتتىن مەدەت ئېلىپ تۇرىدۇ. دۇنيانىڭ زىبۇ



زىننەتلىرىگە ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرگەن غازاڭ يوپۇرماقلارغا قارىغاندەك قارايدۇ. كاپىرنىڭ شان شەۋكىتىنى نەزەرگە ئىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ كاپىر ئەنە شۇ شان شەۋكەت بىلەن ئالدانغاندۇر. مۇسۇلمان ئازغا قانائەت قىلىدۇ، كۆپرەكقا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزىنى خار قىلمايدۇ. ئۆزىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش بىلەن قاتتىق مەشەققەتكە يولۇقسىمۇ دۇنيادىن يۇقىرى تۇرىدۇ ئالدانمايدۇ. شۈبھە قەلبىگە كىرىشكە يول قويمايدۇ. چۈنكى ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ ئۇشبۇ سۆزىگە ئىشىنىدۇ:

ولا تهنوا ولا تحزنوا الاعلون ان كنتم مؤمنين *

— «اللەنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىن سۇسلاشماڭلار ۋە غەمكىن بولماڭلار! ئەگەر مۆئمىن بولساڭلار، سىزلەر ئۈستۈنسىزلار». 3:139

دەۋەتچى قىلىۋاتقان ئىشى قىممەتكە چۈشۈشىنى بىلىدۇ. ئۇنىڭ دۆلىتىگە پۈتۈن بېتىشى، ياكى ئەمەلدار بولسا، ئەمەلىدىن ھەيدىلىشى، ياكى سودىگەر بولسا، قاسلىپ قېلىپ، تىجارىتى توختاپ قېلىشى، ياكى دېھقان بولسا دېھقانچىلىقىغا زىيان بولىشى، ياكى دەۋەتكە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقانلاردىن ئازارلىنىشى، ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن دائىم خەۋپلىنىپ تۇرۇشى مۇمكىن. گاھىدا بولسا ئۆزىمۇ ھالاك بولىشى مۇمكىن. ئۇ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلغان كۈندىن باشلاپ، دۈشمەنلەرنىڭ ماددى جەھەتتىن قۇۋۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، ئۆزىدىكى ئىمكانىيەتلەرنىڭ زەئىپلىكىنى ئاڭلايدۇ. لېكىن پەقەت ئۇنىڭدا ھەقىقەتكە ئىشىنىش قۇۋۋىتى مەۋجۇتتۇر. بۇ تايانچ ۋە مەنبەدۇركى، باشلىنىش ئۇنىڭدىندۇر، ئاخىرلىشىش ئۇنىڭغادۇر. ئۇ الله

تەئەلانىڭ ئۇشبۇ ئايىتىنى ئاڭلىغاندىن كۈندىن باشلاپ ئىمتىھاننى كۈتتىدۇ:

ولنبلونكم بشيء من الخوف والجوع ونقص من الاموال والانفس والثمرات وبشر الصابرين * الذين اذا اصابتهم مصيبة قالوا انا لله وانا اليه راجعون *

-«ۋە ئەلۋەتتە سىزلەرنى خەۋپ-خەتەر، ئاچلىق، مال ۋە جان مىۋە چىۋەلەرنى كەمەيتىشكە ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن ئىمتىھان قىلىمىز. بىرەر مۇسىبەت كەلگەندە: «ئەلۋەتتە بىز اللەنىڭ بەندىلىرىمىز ۋە ئەلۋەتتە بىز ئۇ زاتقا قايتقۇچىمىز» دېگەن سەبرى داشلارغا خوش خەۋەر بېرىڭ (ئى مۇھەممەد)». 2:155،156

دەۋەتچى پىتنىلەرگە - ئازارلارغا يولۇققان، توغرا يولنى تۇتقان ۋە بۇ ئىشتا ئۆزىدىن كېيىنكىلەرگە نەمۇنە قالدۇرۇپ كەتكە ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ تەرجىمە ھاللىرىنى بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا ئۆزلىرىدىن ئازارنى دەپئى قىلىدىغان ھېچ نېمە يوق ئىدى. پەقەت پەرۋەردىگارلىرىنىڭ قەدەرىگە تەسلىم بولدى. ئۇنىڭغا چىن دىلدىن سۆيەندى. ۋە چىن دىلدىن تەۋەككۇل قىلدى. ئۇرۇشلىرىنىڭ ئۆزى شۇنداق دەيتتى:

وما لنا الا نتوكل علي الله وقد هدانا سبلنا ولنصبرن علي ما اذيتمونا وعلي الله فليتوكل المتوكلون *

-«ئاخىر بىزنى توغرا يولىمىزغا ھىدايەت قىلغان اللەقا نېمە ئۈچۈن تەۋەككۇل قىلمايمىز ئەلۋەتتە بىز سىزلەر يەتكۈزگەن ئازارلارغا سەبرە قىلىمىز. تەۋەككۇل قىلغۇچىلار يالغۇز اللەقا تەۋەككۇل قىلسۇن». 14:12

ئۇ - «اللەدىن ئۆزگە ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئۇنىڭ ئەلچىسى»، دەپ گوۋاھلىق بەرگىنىدىن باشلاپ، اللە بىلەن



باغلانمايدىغان ھەرقانداق دوستلۇقتىن ئۈزۈلىدۇ. گويا ئۇنىڭ گوۋاھلىق بېرىشى اللەقا قۇللۇق قىلىش بىلەن ئىگىلمەيدىغان، اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان نەرسىسى بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزمەيدىغان ھەربىر كىشىگە قارشى بىر قوزغىلاڭدەك ئىدى. مانا شۇ مەنادىكى گوۋاھلىق بېرىش مۆئمىننىڭ ياخشى ئەمەللىرى پەللىسىگە قويۇلسا ئۇنىڭ ھەرقانچە كۆپ گۇناھلىرى بولسۇن، ھەممىسىنى بېسىپ كېتىدۇ. بۇ بىلەن ئۇ ئۆزىدە شۇنداق ھەقىقەتنى مۇجەسسەملەشتۈرۈۋاتاندۇركى ھېچبىر تاھەقلىق ئۇنى يېڭەلمەيدۇ. ۋە شۇنداق قۇۋۋەتكە ئىگە بولاپتىكى، ئۇ زەئىپلەشمەيدۇ ۋە يېڭىلمەيدۇ.

ئۇ اللە يولىدا پىدا بولىشىنىڭ مىسالىدۇر. كۆرۈلىدۇكى ئەگەر دۇنيا ئاخىرەتكە قىياس قىلىنسا، ئەرزىمەس، ھەقىر بىرنەرسە بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھاياتىنى دۇنياغا قۇربان قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇ بۇ ھاياتتىن كېيىن ياخشىراق ھاياتقا يولۇنىشىنى بىلىدۇ.

وللاخرة خير لك من الاولي *

-«ئەلۋەتتە ئاخىرەت سىز ئۈچۈن دۇنيادىن ياخشىراقدۇر» 93:4.

ئەدىكى كاپىرلار ۋە بۇزۇقلارغا نەزەر تاشلاپ، ئىمانى بىلەن ئۇلاردىن ئۆزىنى يۇقىرى تۇتىدۇ. گەرچە زاھىردە ئۇ زەئىپ ۋە پەقىر بولۇپ، ئۇ لار بولسا كۈچلۈك، باي، ئابرويلۇق ۋە سەلتەنەتلىك بولسىمۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆلىدۇ. ئۇ بولسا شەھىد بولۇپ ھوزۇر قىلىدۇ:

لايغرنك تقلب الذين كفروا في البلاد*متاع قليل ثم مأواهم جهنم وبئس المهاد* لكن الذين اتقوا ربهم لهم جنات تجري من تحتها الانهار خالدين فيها نزلا من عندالله خير للابرار*

— «سىزنى دىنىڭىز كىشىلەرنىڭ شەھەرلەرنى كېزىشلىرى ئالداپ قويمىسۇن. بۇ تېنىمىز يۇكۇرۇش غالىبانە كىشىلەر ئەرزىمەس مانادۇر. كېيىن جايلىرى جەھەننەم بولغاي! نەقەدەر يامان جاي ئۇ! ئەمما پەرۋەردىگارىدىن قورۇققان زاتلار ئۈچۈن اللە ھوزۇرىدا زىيايەت بولغان — تەگلىرىدىن دەريالار ئېقىپ تۇرغۇچى باغلار — جەننەتلەر باردۇركى، ئۇلار بۇ باغلاردا ئەبەدى قالىدۇ. ياخشىلار ئۈچۈن اللە ھوزۇرىدىكى نەرسە يەنى ساۋاپ ئەجىرلار دىنىمىزلارنىڭ ۋاقىتىنچىلىك كەيپ ساپالىرىدىن ئەۋزەلراقدۇر» . 198_196 : 3

مۇسۇلمان قايەردە ۋە قايسى ئەھۋالدا بولمىسۇن دەۋەتچىدۇر پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا شۇنداق بولىشنى پەرز قىلدى. دەۋەتنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە ئەجرى باردۇر. ئۇ دەۋەت ئىشىدا سادىقەتلىكدۇر. دەۋەت سەۋەبىدىن يولۇققان مەشەققەتلەرگە سەبرى قىلىدۇ. دەۋەت ئۈچۈن ھېچكىمدىن مۇكاپات كۈتمەيدۇ. ھېچكىمگە مىننەتمۇ قىلمايدۇ. اللە ئۈچۈن قىلىدۇ. بەلكى ئۇنى شۇ يولغا سېلىپ قويغىنى ئۈچۈن اللەنىڭ ئۆزى ئۇنىڭغا مىننەت قىلىدۇ. دەۋەت ئىشىنى جاندىن ئائىلىدىن مال دەۋلەتتىن ۋە ۋەتەندىن يۇقىرى قويۇش لازىم. اللە تەئەل ئېيتىدۇ:

قل ان كان اباٴكم وابناوٴكم واخوانكم وازواجكم وعشيرتكم واموال اقترفتموها وتجارة تخشون كسادها ومساكن ترضونها احب اليكم من الله ورسوله وجهاد في سبيله فتربصوا حتي ياٴتي الله بامره والله لايهدي القوم الفاسقين *

— «ئى مۇھەممەد ئېيتىڭ : «ئەگەر ئاتا ـ ئانىلىرىڭىز، بالىلىرىڭىز، ئاكا ئۇكالىرىڭىز، جۈپلىرىڭىز، قېرىنداش ئۇرۇغلىرىڭىز ۋە كېسىپ قىلىپ تاپقان مال دۇنيالىرىڭىز، كاساد بولۇپ قېلىشىدىن قورقىدىغان تىجارەتلەرىڭىز ھەمدە



ياخشى كۆرىدىغان ئۆي جايلىرىڭىز سىزلەرگە اللەدىن، ئۇنىڭ پەيغەمبەررىدىن ۋە ئۇنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشىدىن سۆيۈملۈكراق بولسا ئۇ ھالدا تا اللە ئۆز ئەمرىنى يەنى ئازابىنى كەلتۈرگىنىچە كۈتۈپ تۇرۇۋېرىڭ . اللە ئىتائەتسىز قەۋمنى ھىدايەت قىلماس» 9:24 .

دەۋەتنىڭ مەنپەئەتى دەۋەتچىنىڭ ئۆز مەنپەئەتلىرىدىن، جانىدىن، مال ـ دەۋلىتىدىن ئۈستۈن تۇرۇشى لازىم. دەۋەتچىلەر نىيەتلىرى ۋە ئەمەللىرىنى خالىس اللە ئۈچۈن قىلسۇن. شۇندىلا ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى كۆپىيىپ، زالىملارنىڭ زۇلمى ئۇلارنى يوللىرىدىن قايتۇرالمايدۇ. غەلىبەنىڭ كېچىكىشى ئۇلارنى سۇسلاشتۇرمايدۇ. ساھابىلار پەيغەمبەرر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئەرز قىلىپ كېلىپ: «بىز ئۈچۈن ياردەم سورىمامسىز؟ بىزنىڭ ھەققىمىزگە دۇئا قىلمايسىزمۇ يارەسۇلۇللاھ ؟» ـ دېگەندە، ئۇ كىشى شۇنداق دەپ جاۋاپ قىلدى: سىزلەردىن ئاۋۋالقىلاردىن بىر كىشىنى تۇتۇپ كېلىنەتتى. كېيىن يەر قېزىلىپ، ئۇنىڭغا كۆمۈۋېتىلەتتى. كېيىن ھارا ئېلىپ كېلىنىپ، باشىدىن سالىناردى دە، ئۇنى ئىككىگە ئايرىلاتتى. گۆش سۆڭەكلىرىغىچە تۆمۈر تاغاقلار بىلەن تارىلار ئىدى. مانا شۇ ئىشلارمۇ ئۇنى دىنىدىن قايتۇرمايتتى. اللەقا قەسەمكى، ئەلۋەتتە اللە تەئالا بۇ ئىشنى ئاخىرىغا يەتكۈزگەي. ھەتتا ئاتلىق سەنئادىن ھەزرەمەۋت كىچە ھېچكىمدىن قورقماي، پەقەت اللەدىنلا قورققان ھالدا بىمالال مېڭىپ بارغاي. قويلار سەۋەبىدىن بۆرىدىنلا قورقىدۇ. لېكىن سىزلەر ئالدىراۋاتىسىزلەر» .

دەۋەت ئىشىدىكى سادىقەت دەۋەتچىنىڭ ئىشىدىن ئۈنۈمسىز

ياكى ئۇنۇملۇك كېتىشىدىن قەتئىنەزەر ئۇز ۋەزىپىسىنى مۇستەھكەملىك بىلەن ئادا قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. چۈنكى ئادەملەرنى ھىدايەتكە ياكى زالالەتكە يۈزلەندۈرۈش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ.

قال رب اني دعوت ليلا ونهارا * فلم يزدهم دعائي الا فرارا * واني كلما دعوتهم لتغفر لهم جعلوا اصابعهم في اذانهم واستغشوا ثيابهم واصروا واستكبروا استكبارا*

-«( نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەتلىرى قەۋمىگە كار قىلمىغاچقا) ، ئۇدېدى: « پەرۋەردىگارىم ، ئەلۋەتتە مېنىڭ قەۋمىمنى كېچە كۈندۈز ئىمان ئېتىقادقا دەۋەت قىلدىم، ئەمما مېنىڭ دەۋىتىم ئۇلارغا پەقەت ئىماندىن قېچىشنى زىيادە قىلدى، خالاس. دەر ۋەقە ھەرقاچان ئۇلارنىڭ مەغپىرەتىڭگە سەۋەب بولىدىغان دىن يولىغا دەۋەت قىلسام، ئۇلار مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئىشتمەسلىك ئۈچۈن بارماقلىرىنى قۇلاقلىرىغا تىقىپ، مېنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن كىيىملىرىنى يۈزى كۆزلىرىگە ئوراپ چىرمىۋالدى ۋە ئۇز كۇفرىلىرىدا ئاياغ تىرەپ تۇردى. ھەددە ماشغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىپ، كىبرى ھاۋا قىلدى» . 71 : 5ـ7

يەنە الله تەئالا ئېيتىدۇ:

ولقد ارسلنا نوحا الي قومه فلبث فيهم الف سنة الا خمسين عاما فاخذهم الطوفان وهم ظالمون * فانجيناه واصحاب السفينة وجعلناها اية للعالمين *

-«ئېنىقكى، بىز نۇھنى ئۇز قەۋمىگە پەيغەمبەرر قىلىپ ئەۋەتتۇق. بەس ئۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەللىك يىلى كام مىڭ يىل تۇردى، ئەمما ئۇلار ئىمان كەلتۈرمىدى، بەس، ئۇلارنى - زالىم كاپىر بولغان ھاللىرىدا - توفان بالاسى تۇتتى. كېيىن نۇھقا ۋە



www.uyshurkitap.com

كېمىدىكى ھەمراھلارغا نجات بەردۇك ۋە ئۇ توفان بالاسىنى بارچە ئالەملەرگە ئايەت ئىبرەت قىلىپ قويدۇق» 15، 14 : 29

دەۋەتچى قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ قاتتىقلىقى ياكى بىپەرۋا بولۇشىغا ئېتىبار بەرمەيدۇ. ھۆبەيىنىسى قۇرەيشكە كورۇنۇپ تۇرىدىغان بىر جايغا ئېسىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلدى. بۇنداق ئىش سەل ئىلگىرى زەيدىينى دەسنەنىڭ باشىدىنمۇ ئۆتكەن ئىدى. ھۆبەيب زوراۋان زالىملاردىن شەپقەت كۈتمەيدۇ. ئۇ يالغۇز پۈتۈن ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارىغا يۈزلەندى. دەۋەت ئىشىدا سەبرى قىلىش ئېتىقادنى ھاياتتىن ئەۋزەل بىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. مانا، پىرئەۋن نىڭ سېھرىگەرلىرى دىللىرىغا ئىمان كىرىشى بىلەنلا پىرئەۋنگە كاپىر بولدى. ئۇنىڭ ھەممە زىبۇ زىنەتلىرى، ئۇيۇن كۈلگىلىرىنى تەرك قىلىپ تۇرلۇك خىل ئازاپلارغا ئۆزلىرىنى تۇتتى. الله تەئالا ئۇلارنىڭ زالىم پىرئەۋن بىلەن مۇنازىرىلەرنى سۆپەتلەپ دېدى:

فالقي السحرة سجدا قالوا امنا برب هارون وموسي*قال امنتم له قبل ان اذن لكم انه لكبير كم الذي علمكم السحر فلاُقطعن ايديكم وارجلكم من خلاف ولا صلبنكم في جذوع النخل ولتعلمن اينا اشد عذابا وابقي * قالوا لن نوُثرك علي ماجاءُنا من البينات والذي فطرنا فاقض مانت قاض انما تقضي هذه الحياة الدنيا * انا امنا بربنا ليغفر لنا خطايانا وما اكرهتنا عليه من السحر والله خير وابقي *

-(مۇسا ئاسسىنى تاشلىغاندا، سېھرىگەرلەرنىڭ ياسىغان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى يۇتىۋالدى) بەس، سېھرىگەرلەر سەجدە قىلغان ھالدا يەرگە تاشلىنىپ: « ھارۇن ۋە مۇسانىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىمان كەلتۈردۇك» ، - دېدى. پىرئەۋن ئېيتتى: «ئۇنىڭغا مەن ئىزنى بەرمەي تۇرۇپ، ئىمان كەلتۈردىڭلارمۇ؟ !

شەك شۈبھىسىز، ئۇ سىزلەرگە سېھرى ئۆگەتكەن كاتتىڭىزدۇر. بەس ئەمدى مەن ئاياق قوللىرىڭىزنى قارىمۇ قارشىسىغا (ئوڭ قول ۋە سول ئايىغىڭىزنى، ياكى ئەكسىنچە) كېسىمەن ۋە سىزلەرنى خورما شاخلىرىغا ئاسىمەن. ئەنە ئاشۇ چاغدا قايسىمىزنىڭ (مېنىڭمۇ ياكى مۇسانىڭ خۇداسى) ئازابى قاتتىقراق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىسىز». ئۇلار دېدى: «بىزلەر ھەرگىز ئۆزىمىزگە كەلگەن ئوچۇق ھەججەت مۆجىزىنى ۋە بىزلەرنى ياراتقان زاتنى قويۇپ سېنى تاللىمايمىز. بەس، قىلىدىغان ھۆكمىڭنى قىلىۋەر، سەن پەقەت مۇشۇ دۇنيادىلا ھۆكۈم قىلغۇچىسەن. بىزلەر بولسا خاتالىرىمىزنى ۋە سەن بىزلەرنى مەجبۇر قىلغان سېھرىگەرلىكتىن ئىبارەت گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىش ئۈچۈن پەرۋەردىگارىمىزغا ئىمان كەلتۈردۇق. اللەنىڭ ساۋابى ياخشىراق ۋە ئازابى ئۇزاقراقدۇر». 73_70 : 20

ئېتىقاد ئىشىدا سەبرى قىلىش نەتىجىلىرىغا پەرۋا قىلماستىن، ۋەزىپىنى ئادا قىلىۋېرىشنى تەقەززا قىلىدۇ. چۈنكى نەتىجىلەر اللەنىڭ قولىدادۇر. گاھىدا دەۋەتچى غەلىبىگە ئېرىشمىگەن ھالدا دۇنيادىن ئۆتىدۇ، گاھىدا بولسا ھاياتلىقىدا ئۆز قولى بىلەن غەلىبىگە ئېرىشىپ، ئۇنىڭ مېۋىلىرىنى تېرىدۇ. گاھىدا بولسا غەلىبىگە باشقىلارنىڭ قولى بىلەن ئېرىشىلىدۇ. ھەرقانداق ھالەتتىمۇ ئېتىقاددا مەھكەم تۇرۇش غەلىبە دۇر. زالىملار قولىدا ئۆلۈش ئېتىقادنىڭ ھايات ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىدۇر. بۇ ئۆلۈم دەۋەتچىلەرنىڭ گۇناھكار زوراۋانلىرىنىڭ تەلەپكە يۈرمىگەنلىكىگە ۋە ئۇلار قويغان تۇزاققا ئېلىنمىگەنلىكىگە دەلىلدۇر بۇ بىلەن اللەنىڭ رازىلىقىغا



ئېرىشىدۇ. دەۋەتچىنىڭ ئەڭ ئالى مەقسىدىمۇ ئۆزى مانا شۇ. دەۋەتچى ئەڭ ئاددى ئۆلۈم بىلەن كەتسىمۇ، ئەھدى ۋە ۋەدىسىگە مۇستەھكەم كەتكەن بولىدۇ.

دەۋەتچى ئادەملەرنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلارئىكەن، ئۇلارغا ساۋابىنىڭ خوش خەۋەرىنى يەتكۈزىدۇ، ئۇلارنى زاللەتتىن قايتۇرىدۇ. ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىنى تۇتىدۇ. ئۇلاردىن ئازارلار كۆرسىمۇ توغرا يولغا مېڭىشقا تەشنا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھىدايەتلىنىشلىرىنى ئارزۇ قىلارئىكەن، ئۇلار غا ھېكمەت ۋە چىرايلىق نەسىھەت بىلەن خىتاپ قىلىدۇ. ئادەملەرنى اللەنىڭ دىنىدىن توسىۋاتقان زوراۋانلار بىلەنمۇ ئۆزىگە يارىشا مۇئامىلە قىلىدۇ. الله تەئەلا ئېيتىدۇ:

كذبت عاد المرسلين * اذ قال لهم اخوهم الا تتقون * اني لكم رسول امين * فاتقواالله واطيعوني * وما اسا'لكم عليه من اجر ان اجري الا علي رب العالمين * اتبنون بكل ريع اية تعبثون * وتتخذون مصانع لعلكم تخلدون * واذا بطشتم بطشتم جبارين * فاتقوا الله واطيعوني * واتقوا الذي امدكم بما تعلمون * امدكم بانعام وبنين * وجنات وعيون * اني اخاف عليكم عذاب يوم عظيم * قالوا سواء علينا اوعظت ام لم تكن من الواعظين * ان هذا الا خلق الاولين * وما نحن بمعذبين *

- «ئاد قەبىلىسى پەيغەمبەرلەرنى يالغانچى قىلدى ئاشۇ چاغدا ئۇلارغا بۇرادەرلىرى خۇددى شۇنداق دېگەن ئىدى: «اللەدىن قورقمامسىزلەرمۇ؟! ئەلۋەتتە مەن سىزلەر ئۈچۈن ئىشەنچىلىك پەيغەمبەردۇرمەن. بەس، اللەدىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار! مەن بۇنىڭ ئۈچۈن سىزلەردىن ئەجرى مۇكاپات سورىمايمەن. مېنىڭ مۇكاپاتىم پەقەت بارچە ئالەملەرنىڭ

پەرۋەردىگارىڭنىڭ زىممىسىدە دۇر. سىزلەر ھەربىر ئېگىزلىككە ئويۇن كۆلكە ئۈچۈن بىر بەلگە ـ چوڭ بىنا قۇرۇۋېرىسىزلەرمۇ؟ ۋە گويا مەڭگۈ ياشاپ قالىدىغاندەك قەسىر سارايلار سالىسىزلەرمۇ؟! قاچان بىرەر كىشىنى جازالاش ئۈچۈن تۇتسىڭىزلەر رەھىمسىزلارچە تۇتۇسىزلەر! بەس، اللەدىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار! ۋە سىزلەرنى ئۆزىڭىز بىلىدىغان نېمەتلەر بىلەن تەمىنلىگەن قوللىغان زاتتىن ـ اللەدىن قورقۇڭلار! ئۇ سىزلەرنى چارۋا ھايۋانلىرى، ئوغۇللار، باغلار ۋە بۇلاقلار بىلەن قوللاۋاتىدىغۇ!. ئەلۋەتتە مەن سىزلەرنىڭ ئۈستىڭىزگە ئۇلۇغ كۈن ـ قىيامەتنىڭ ئازابى چۈشۈشىدىن قورقىمەن». ئۇلار دېدىلەر: «سېنىڭ ۋەز نەسىھەت قىلىشىڭ ياكى ۋەز قىلغۇچىلاردىن بولماسلىقىڭ بىزلەر ئۈچۈن بەرىبىردۇر. (يەنى بىزلەرگە پەندى نەسىھەت قىلىپ ئاۋارە بولماڭ). ئەلۋەتتە بۇ ئاۋۋالقىلاردىن قالغان ئادەتتۇر. (يەنى ئىش ئىشرەتكە بېرىلىپ ئۆمۈر ئۆتكۈزۈش). بىزلەر ئازابلانغۇچى ئەمەسمىز». 26:123ـ138.

دەۋەتچىلەر دىللىرىنى ساپ قىلىپ ئىشلەشكە ۋە پىدا بولۇشقا قەست قىلىپ، اللەنىڭ كىتابىدىن مەدەت سوراپ، پەيغەمبەرنىڭ يولىنى تۇتۇپ، دۈشمەننىڭ قورقۇتۇشلىرىدىن قورقماستىن، پەرۋەردىگارىنىڭ ۋەدىسىگە ئېنىق ئىشىنىپ، كېيىن اللەدىن مەدەت سورىسا الله ئۇلارغا ياردەم بەرگەي، قەدەملىرىنى بەرقارار قىلغاي ئۇلارغا بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلغاي.

وعدالله الذين امنوا منكم وعملوا الصالحات ليستخلفنهم في الارض كما استخلق الذين من قبلهم وليمكنن لهم دينهم الذي ارتضي لهم وليبدلنهم من بعد خوفهم امنا يعبدونني لايشركون



www.uyghurkitap.com

بي شيئا ومن كفر بعد ذلك فاولئك هم الفاسقون *

ـ«الله سىزلەردىن ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ياخشى ئەمەللەر قىلغان زاتلارغا خۇددى ئىلگىرى ئۆتكەن ئىمان ئېتىقادلىق زاتلارنى يەر يۈزىگە خەلىپە ـ ھۆكۈمران قىلغىنىدەك، ئۇلارنىمۇ يەر يۈزىگە خەلىپە قىلىشنى ۋە ئۇلار ئۈچۈن ئۆزى رازى بولغان ئىسلام دىنىنى غالىپ مۇستەھكەم قىلىشنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، مەككىدە كۆرگەن خەۋپ ۋە خەتەرلەردىن كېيىن مەدىنىدە تىنچلىق خاتىرجەملىككە ئايلاندۇرۇپ قويۇشقا ۋەدە قىلدى. ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ ۋە ماڭا بىرەر نەرسىنى شېرىك قىلماس. كىم مانا شۇ ۋەدىدىن كېيىن كۇفرانى نېمەت قىلسا، بەس، ئۇلار ئىتائەتسىز كىشىلەردۇر» ـ 55:24

يېڭى مەدىنىيەتتىن ئارقىدا قالغان، خەلقئارا يۇقىرى مەۋقەدىن چۈشكەن ئۈممەتنىڭ ئويغىنىش يولى مانا شۇ. الله تەئالا مۇسۇلمانلارغا ۋاجىپ قىلغان ئومۇمى مەسئۇلىيەتلەر مانا شۇ. ئىسلام ئالەمىدىكى ئايرىم مەملىكەتلەر ئاۋۋالدا باش ئارتقان بولسىدى، ئەمدى چۈچۈپ ئەمەس، قىزىقىپ كەلمەكتە. چۈنكى ئۇلار بۈگۈنكى كۈندە ماددىغا ئاچ كۆز بولۇپ، ئىتتىپاق تاشلىنىپ، خاتىرجەملىكنى يوقاتقان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۆزلىرىنى ماددا ۋە ئۇنىڭدىكى پالاكەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئەخلاقىي، ئىنسانىي ۋە مانا ۋىي قىممەتلەرنى ئىزدىمەكتە.

مۇسۇلمانلاردا ئىنقىلاپ ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشتىن باشقا يول يوق. چۈنكى ئىنقىلاب ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماي تۇرۇپ، بۇ ئاچچىق، بۇزۇق ۋاقىتتىن چىقىش ئەمرى ماھال. ئىنقىلاب جەمئىيىتىمىزدە بولۇشتىن ئاۋۋال دىللىرىمىزدا بولۇشى لازىم. پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالام خەۋەر بەرگەنكى،

پەرۋەردىگارىمىزنىڭ كىتابىغا قايتىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىنى مەھكەم تۇتۇپ، گۇناھلاردىن يىراقلىشىپ، ئىتائەت قىلىشقا بېغىشلاشاقلا جەمئىيىتىمىزدە ئىنقىلاب ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدۇ. ئەمما بىز گۇناھلاردا ھەددىمىزدىن كېتىپ، زالالەت ۋە جاھالەت ئىچىدە قېلىۋېرىدىكەنمىز، ئىنقىلابنى چۈشىمىزدە كۆرمەيمىز.

الله تەئالا پەيغەمبەرر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتىدۇ: «قايسى بىر قىشلاق ئەھلى، قايسى بىر خاندان، قايسى سەھرادىكى كىشى مەن ياخشى كۆرىدىغان ئىش بولغان ماڭا ئىتائەت قىلىش بىلەن بولسا، كېيىن ئۇنىڭدىن مەن يامان كۆرىدىغان ئىش بولغان ماڭا ئاسىيلىق قىلىشقا ئۆتسە، ئۇلارنى ئۇزلىرى ياخشى كۆرىدىغان ئىش بولغان ئۆز رەھمىتىمدىن ئۇلار يامان كۆرىدىغان ئىش بولغان ئازابىمغا ھەيدەيمەن. قايسى بىر قىشلاق ئەھلى، قايسى بىر خاندان، قايسى سەھرادىكى كىشى، مەن يامان كۆرىدىغان ئىش بىلەن ماڭا ئاسىيلىق قىلىش بىلەن بولسا، كېيىن مەن ياخشى كۆرىدىغان ئىش بولغان ماڭا ئىتائەت قىلىشقا ئۆتسە، ئۇلارنى ئۇزلىرى يامان كۆرىدىغان ئىش بولغان ئازابىمدىن ئۇلار ياخشى كۆركىدىغان ئىش بولغان رەھمىتىمگە ھەيدەيمەن». (ھەدىس قۇدسى).

دېمەك بىر شەھەر، قىشلاق ۋە خانداندا ئىنقىلاب ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشى لازىم. تاكى ئىتائەت قىلىش ئۇمۇمى بولسۇن، ئىنقىلابقا مايىللىق ئۇمۇمى بولسۇن. دېمەك ئەمرى مەئرۇپ، نەھى مۇنكەر ۋە ياخشىلىققا يەنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئاددى، ئاددىي ئىشلىرىدىن ئىكەن. مانا شۇ ئەڭ ئاددى ئاددىي ئىش بېجىرىلگەندىلا الله ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى



ئۇڭشايلاشتۇرۇپ، دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلىدىكەن. چۈنكى ئەمرى مەئرۇپ، نەھى مۇنكەر ئىشى بولمىسا، الله دۇئانى ئىجابەت قىلمايدۇ. پەيغەمبەرر ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «جېنىم ئۇنىڭ قولىدا بولغان ئۇزات بىلەن قەسەمكى، ياسىزلەر ئەمرى مەئرۇپ، نەھى مۇنكەرنى سۆزسىز بېجىرىسىز، يا الله‌نىڭ ئۆزى تەرىپىدىن بىر ئازابنىڭ ئەۋەتىلىش ئېھتىمالى مۇقەررەردۇر. كېيىن ئۇنىڭغا دۇئا قىلساڭلار دۇئالىرىڭلار ئىجابەت بولمايدۇ».

ئەگەر مۇسۇلمانلار مانا شۇ ھەدىسنى ئاڭلىغان بولسا، ئۇزاق يىللار دۇئالىرىنىڭ ئىجابەت بولمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى، يەنى ئەمرى مەئرۇپ ۋە نەھى مۇنكەرنى چەتكە قېقىش دۇئانىڭ ئىجابەت بولماسلىقىغا ئېلىپ كېلىشىنى بىلىۋالغان بولاتتى. يەنە شۇنىمۇ بىلىۋالغان بولاتتىكى، ئەمرۇ مەئرۇپ، نەھى مۇنكەر ئىشىنى قىلمىغان ھالدا الله‌دىن غەلىبە سوراش، دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشقا چىقماي تۇرۇپ، غەلىبە سوراش بىلەن باراۋەردۇر. شۇنىڭدەك، ئۇمۇمى ۋەزىيەتلەرنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئاۋۋال دىلنى ئۆزگەرتىش لازىم. بۇنى الله تەئەلا ئۆزىنىڭ ئېزىز كىتابىدا تەكىتلەپ شۇنداق دېدى:

ان الله لايغيروا مابقوم حتي يغيروا مابانفسهم *

- «ئېنىقكى بىرەر قەۋم ئۆزلىرىدىكى ھالەتلەرنى ئۆزلىرى ئۆزگەرتمىگىچە الله ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ». 13:11.

مۇسۇلمان ئۇممىتىنى الله تەئالا مىللەتلەر ئارىسىدا ئوتتۇرىدا تۇرغۇچى (ۋاسىتىچى) ئۇممەت قىلدى. ئۇنىڭغا ئىنسانىيەتنى دەۋەت قىلىش ۋەزىپىسىنى يۈكلىدى. خوش نېمىشقا ئەمدى بۇ ئۇممەت ئوڭلاشنى ئۆزىدىن باشلىمايدۇ؟ الله تەئەلا پەيغەمبەررىنىڭ تىلىدىن ئەمەل قىلغۇچىلارغا ئۇلۇغ ساۋابنى ۋە

ئېنىق غەلىبىنى ۋەدە قىلغانغۇ ! پەيغەمبەرر ئەلەيھىسسالام
ئېيتىدۇكى: «قىيامەت كۈنىدە ئىمانلىرى ئاجايىپ بولغان بىر
قەۋم كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىلىرىدا نۇرلىرى ماڭىدۇ. ئۇلارغا:
«بۇ كۈن سىزلەر ئۈچۈن خۇشاللىق كۈنىدۇر. سىزلەرگە
سالامەتلىك بولسۇن. خۇش كېلىپ سىز. جەننەتكە كىرىڭلار،
ئەبەدىي ياشايسىز» ، -دېيىلىدۇ. اللە تەئالا ئۇلارنى شۇنداق ياخشى
كۆرىدۇكى، ھەتتا پەيغەمبەررلەر ۋە پېرىشتىلەرمۇ ئۇلارغا
ھەۋەس قىلىدۇ» . ساھابىلار : «يارەسۇلۇللاھ، ئۇلار كىملەر»
، - دەپ سورىدى. ئېيتتىكى: « ئۇلار بىزدىنمۇ، سىزدىنمۇ
ئەمەس. سىزلەر ساھابىلىرىم سىز، ئۇلار ھەبىبلىرىمدۇر. ئۇلار
سىزلەردىن كېيىن كېلىدۇ. ئادەملەر بىكار تاشلاپ قويغان
قۇرئاننى ۋە ئىشتىن چىقارغان ن سۈننەتنى تاپىدۇ. كېيىن بولسا
كىتاپ ۋە سۈننەتكە بار كۈچى بىلەن تەلپىنىپ كېلىپ، ئۇلارنى
تىرىلدۈرىدۇ، ئۆزلىرى ئوقۇيدۇ ۋە ئادەملەرگە ئۆگىتىدۇ. بۇ
يولدا سىزدىنمۇ قاتتىقراق ۋە مەشەققەتلىكراق ئازابقا دۇچ
كېلىدۇ. ئۇلاردىن بىرىنىڭ ئىمانى سىزلەردىن قىرىق كىشىنىڭ
ئىمانىغا باراۋەر. ئۇلار دىكى بىرلا شەھىد سىزلەردىكى قىرىق
شەھىد بىلەن باراۋەردۇر. سىزلەرنىڭ ھەق يولدا
ياردەمچىلىرىڭىزبار، ئۇلارنىڭ بولسا ياردەمچىلىرى بولمايدۇ.
زالىملار ئۇلارنى ھەرتەرەپتىن قورشاپ ئالىدۇ. ئۇلار
بەيتۇل-مەقدەسنىڭ ئەتراپىدا بولىدۇ. مانا شۇ ۋاقىتدا اللەنىڭ
ياردىمى - غەلىبىسى كېلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ قولى بىلەن ئىسلام
ئېزىز بولىدۇ» . كېيىن: « ياللە، ئۇلارغا ياردەم بەرگىن،
ھەۋزى كەۋسەردە ئۇلارنى ماڭا ھەمراھ قىلغىن» ، دەپ دۇئا
قىلدى.



ئى مۇئمىنلار، كېچىسى ئۇزاپ كەتكەن، ئېغىر
ئەھۋالغا قالغان بۇ دەۋرنى ئۆزگىتىش ۋە پەيغەمبەرر ئەلەيھىسسالام
شۇيەتلىگىنىدەك، پەيغەمبەررلىك يولىغا ئاساسلانغان، ئادەملەر
ئارىسىدا پەيغەمبەرر سۈننىتى بىلەن ئىش ئېلىپ بارىدىغان
ئۈنىڭدىن ئاسمان ئەھلىمۇ، يەر ئەھلىمۇ رازى بولىدىغان
خەلىفىلىك دۆلىتىنى بەرپا قىلىش بىلەن يېڭى تاڭنى ئاتقۇزۇش
ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا ئالدىراڭ! اللە تەئالانىڭ ئۇشبۇ
ئايىتىنى ئەسلەڭ:

يا ايها الذين امنوا اطيعوا الله ورسوله ولاتولوا عنه وانتم تسمعون *
ولاتكونوا كالذين قالوا سمعنا وهم لايسمعون * ان شرالدواب
عندالله الصم البكم الذين لايعقلون * ولو علم الله فيهم خيرا
لاسمعهم ولو اسمعهم لتولوا وهم معرضون * ياايها الذين امنوا
استجيبوا لله وللرسول اذا دعاكم لما يحييكم واعلموا ان الله يحول
بين المرء وقلبه وانه اليه تحشرون * واتقوا فتنة لاتصيبن الذين
ظلموا منكم خاصة واعلموا ان الله شديد العقاب *

-«ئى مۇئمىنلار، اللەقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت
قىلىڭلار! ۋە قۇرئاننى ئىشىتىپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ
كەتمەڭلار! ۋە ئۆزلىرى ئېشىتمىگەن (يەنى چۈشۈنۈپ ئىمان
كەلتۈرمىگەن) ھاللىرىدا، «ئېشىتتۇق» دېگەن كىشىلەرگە
ئوخشاش بولماڭلار. ھەقىقەتەن گاس ۋە گاچا بولغان ئەقىلسىز
كىشىلەر اللەنىڭ نەزىرىدە ئەڭ يامان ھايۋانلاردۇر. ئەگەردە اللە
ئۇلاردا بىرەر ياخشىلىقنى بىلگەن بولسىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ
قۇلاقلىرىنى ئېچىپ قويغان بولاتتى، ۋە ئەگەر اللە ئۇلارنىڭ
قۇلاقلىرىنى ئېچىپ [illegible] ئۇلار يۈز ئۆرىگەن ھاللىرىدا
[illegible] بولاتتى [illegible] ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى
سىزلەرنى ئەبەدىي ھايات [illegible] نەرسىگە يەنى دىنغا دەۋەت

قىلمىدىكەن، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار ۋە بىلىڭلاركى، شۈبھىسىز، الله ھەر بىر كىشى بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئىگەللەپ تۇرۇدۇ ۋە شۈبھىسىز، ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا توپلىنىسىلەر. ھەمدە سىلەردىن زالىم بولغان كىشىلەرنىڭ ئۆزىگىلا يەتمەي، بەلكى بارچىغا يېتىدىغان بالادىن ساقلىنىڭلار! ۋە بىلىڭلاركى، ئەلۋەتتە اللەنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر». 8:20-25

ئى الله، دىللىرىمىزنىڭ تەقۋا بولىشىغا ئۆزۈڭ ئىلھام بەر. ئۇلارنى پاكلا. ئەڭ ياخشى پاكلىغۇچى ئۆزەڭسەن. ئى الله يېقىن ئاسانچىلىقنى، ئىلگىرىكى ئېھسانىڭنى، گۈزەل ئادىتىڭنى بىزلەرگە قايتۇرغىن. ئى الله، ئىسلام ئۈممىتىنى رىشتى ۋە ھىدايەتكە باشلا. تاكى دوستلىرىڭ ئەزىز بولۇپ، دۈشمەنلىرىڭ خار بولسۇن. تاكى ساڭا ئىتائەت قىلىش ئەۋج ئېلىپ، سېنى غەزەپلەندۈرۈش تۈگىسۇن.

ئى الله، ھەرىكەت قىلمىغانلارغا ھەلىقىلىك دۆلىتىنى بەرپا قىلىش ئىمكانىنى بەرگىن. تاكى ھۆكۈملىرىڭ ئىجرا قىلىنسۇن. دەۋىتىڭ يېيىلسۇن. ئېنىقكى، سەن خالىغان ئىشنى قىلىشقا قادىر سەن. ئى الله، سەيپىدىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى، ئائىلىسى ۋە ساھابىلىرىنى ... قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئۇ كىشىگە ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەنلەرنى رەھمەت ۋە سالامەت قىلغىن!

ئامىن

---

يۇسۇف ئەھمەد سەمائىي